« جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى » دىكى نەشرىي ئەپكار
« شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى » غا ئېرىشكەن نەشرىي ئەپكار
入选《中国期刊方阵》的刊物
荣获《新疆期刊奖》的刊物

• XINJIANG CULTURE • СИНЬЦЗЯНСКАЯ КУЛЬТУРА • シンキョウ ブンカ • مجلة حضارة شنجيانغ •



ئانام (ماي بوياق)　　هامۇت ئەھمەد تەھۇر سىزغان

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى


1
2014
新疆文化
ISSN 1008-6498

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

# ئەتراپىمىزدىكى ئەدىبلەر



**تۇرسۇن مەھمۇد** 1968 ـ يىلى 1 ـ مارت چەرچەن ناھىيەسىنىڭ باغئېرىق يېزىسىدا تۇغۇلغان. **«تاغامنىڭ شاپتۇللىرى»، «پەرىشتە يامغۇرى»، «گۇگۇم »، «يامغۇرلۇق يەكشەنبە»، «قوڭۇر ئاتلىق مەپە»، «يولۋاس ئۆلتۈرگەن ئەزىمەت ۋە كىر يۇيۇۋاتقان ئەر»** ناملىق رومان، پوۋېست، ھېكايە توپلاملىرى، **«چەرچەننىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل مەدەنىيتى»** (باشقىلار بىلەن بىللە)، **«چەرچەننىڭ تارىخى، مەدەنىيتى»** (باشقىلار بىلەن بىللە) قاتارلىق كىتابلىرى نەشر قىلىنغان.

ئۇ جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.



(63 - يىل نەشرى)

تەھرىر ھەيئەت مۇدىرى: مۇختار مەخسۇت

ژۇرنال قانۇنىي ۋەكىلى، دائىمىي مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: بەگمەت يۈسۈپ

# شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق

# 2014.1

(ئومۇمىي 325 - سان)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى باشقۇرىدۇ
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت تەتقىقات ئورنى چىقىرىدۇ
ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئۇقتىلىق ئۇنۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال

www.uyghurkitap.com

# بۇ ساندا

## جۇڭگو مەدەنىيەت زېمىندا

«مەدەنىيەت ئېگىزلىكى» ــ جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ تەسەۋۋۇر بايلىقى ...
........................................ ئىمىن ئەخمىدى (ت) 3
تۆمۈر ۋە «سىبىرىق ئۇيغۇرلارنىڭ مىڭ يىللىق تارىخى» ..................
........................................ رەيھانگۈل قۇربان 8

## زامان ۋە زامانىۋىلىق

مەدەنىيلىشىش قىلتىقى: دورالغان مەدەنىيەت ۋە شەكلى زامانىۋىلىق ..............
........................................ زۇلپىقار بارات ئۆزباش 12
باھاردىكى نۇرۇللاھ ......... (ئەبجەش خاتىرە) ............... سۇلايمان قەييۇم 22

## مەدەنىيەتنىڭ يىكىر يولى

كىرزىس قەيەردىن باشلىنىدۇ؟ ................. قۇربانجان ئابدۇقادىر 30
كىتاب مېنىڭ سوۋغىتىم ......................... نەزىرە مۇھەممەد سالىھ 34
ئېقىمغا ئەگىشىش ۋە روھنىڭ سۇنۇشى ............... ئەكبەر ھىمىت 38

## تەپەككۇر كۆزى

تەپەككۇر مېۋىلىرى .............. مۇھەممەدجان تىلىۋالدى قاتارلىقلار 45

## ئەدەبىيات گۈلزارى

ئالتۇنرەڭ چىغىر ............. (ھېكايە) ...... مۇتەللىپ سەيپۇللا ئەزىز 49
دېڭىز ساھىلى ۋە تەكلىماكان شائىرى ............ ئابدۇشۇكۇر قاۋۇل 60

## يۈزمۇيۈز

ئەسىرلىرىم ھاياتقا بولغان پوزىتسىيەمدۇر ...... (سۆھبەت خاتىرىسى) .........
........................................ تۇرسۇن مەھمۇد، ھەببۇللا مىجىت 62

## مەن كۆرگەن دۇنيا

دېڭىز بويىدىكى نەم خىياللار ........................ رۇقىيە ئابدۇللا 72

شىنجاڭ مەدەنىيىتى

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال
ئەدەبىي ژۇرنال

تەھرىر ھەيئەتلەر
(ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

ئابدۇقادىر جالالىددىن
ئارسلان ئابدۇللا
ئازات سۇلتان
ئادىل تۇران
بەگمەت يۈسۈپ
جاڭ خۇڭچاۋ
دىلشات پەرھات
قۇربان مامۇت
ئىمىن ئەخمىدى

بۇ سانىنىڭ ئىجرائىيە
مۇھەررىرى ۋە
تېخرىداكتورى:
ئايگۈل ئەمەت
(كانددىدات ئالىي مۇھەررىر)

# «مەدەنىيەت ئېگىزلىكى» — جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ تەسەۋۋۇر بايلىقى

لى شاۋفېڭ



ئادەملەر نۆۋەتتىكى ئاساسىي ئېقىم ئەدەبىياتىدىن «بەدىلۇيۇەن»دىكى «ئاسمانغا قاراپ ئۇچقۇش بىلەن تەڭلا يېشىلزارلىق ئىچىدە غايىب بولىدىغان ۋە ئۆزىنى قايتا كۆرسەتمەيدىغان» قاردەك ئاپپاق مارال بىلەن ئاق قار، كۆك مۇز قوينىدا ياپيېشىل ياشىرىپ تۇرىدىغان خوخا تىكەن رومانغا ئاتا قىلغان چەكسىز تەسەۋۋۇر بوشلۇقىنى، ھاياتنىڭ ئۇنىڭدەك جانلىق، ئۇنىڭدەك ئەركىن ھالىتىنى، ئوقۇرمەننىڭ روھىي ماجالىنى ئەركىنلىك ئالىمىگە قايتۇرۇپ كېلىدىغان ھاياتلىق ماكانىنى قايتا تاپالماي خورسىنىپ يۈرمەكتە؛ بەدىئىي تەسەۋۋۇرنىڭ ئەڭ زور دەرىجىدە پارتلىشى تۈپەيلى ئۆز قەلبىدە تەۋەللۇت بولىدىغان غايەت زور ئېستېتىك خۇشاللىقنى تاپالماي قىينالماقتا؛ ئۇلارنىڭ چەت-چېتىگە كۆز يەتمەيدىغان قىزىل قوناقلىق («قىزىل قوناقلىق»)تا لەيلەپ يۈرىدىغان قايناق ھېسسىيات بىلەن يۈرەكنى ئوينىتىدىغان ئىنسانىي تەشنالىقنى قايتا تاپالىشى تەسكە چۈشمەكتە. تەسەۋۋۇرنىڭ ھېچنېمىدىن قورقۇنمايدىغان پەرۋاسىز ئادەملەرنى جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ دۇنياغا يۈزلىنىشىدىن ئۈمىدلەندۈرۈۋاتقان بولسىمۇ، ئەپسۇسلىنىدىغان ئىش شۇكى، مەنپەئەتپەرەسلىكنىڭ كۆپ چاقلىق ھارۋىسى ئىستېمالچىلىق تەسىرىدە تىنىمسىز ھەرىكەتلەنمەكتە. رەڭگارەڭ قايمۇقتۇرۇش ئادەملەرگە ھەدەپ ئىما قىلماقتا. «جاسۇسلۇق بوران-چاپقۇنى»، «ئەمەلدارلىق سورۇنىدىكى قارا پەردە» قاتارلىق قېلىپبازلىق بىلەن تويۇنغان ھېكايىلەر ئەدەبىيات مۇنبىرىنى ئىگىلىمەكتە. «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» بەس-بەستە يېڭىلانماقتا. «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە» قايتا-قايتا ئوينالماقتا. «جىلىڭ كېنىڭ چىن شىخۇاڭنى قەتلى قىلىشى» تەكرار-تەكرار بايان قىلىنماقتا، ئەدەبىياتنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچى قۇرۇپ زەئىپلەشمەكتە...

**جۇڭگو بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ يىگىلەپ كېتىشىدىكى ئەڭ ئاساسلىق سەۋەب تەسەۋۋۇر بايلىقىنىڭ قۇرۇپ كەتكەنلىكىدە، لېكىن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىدا تەسەۋۋۇرنىڭ قۇدرىتى جۇش ئۇرماقتا...**

بىز قەلبىمىزگە بىر مەھەل جۇڭگو ئەدەبىياتى ھەققىدىكى ئۈمىد سۇلىرىنى قاچىلىغان كۆپتىن كۆپ يازغۇچىلارنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچىنىڭ يىگىلەپ كېتىۋاتقانلىقىغا ئەپسۇس ئىچىدە نەزەر سېلىۋېتىپ، جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان يەنە بىر تەسەۋۋۇر كۈچىنى — ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىكى يۈرەكنى لەرزىگە كەلتۈرىدىغان، ئۇزاق مەزگىلگىچە ھالسىراپ قالمايدىغان تەسەۋۋۇرنى بايقايمىز.

«ئۇ لەپىلدەپ قار يېغىۋاتقان ئەتىگەن ئىدى. كارىۋىتىمدا يېتىپ تۇرۇپ، ئاققاشلىق بىر توپ قۇشقاچنىڭ دېرىزە سىرتىدىكى ۋىچىرلاپ سايراۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدىم.»، «ئاھ خۇدا! مېنى پانىي دۇنياغا ئاپىرىدە قىلغان قۇدرەت ئىگىسى. ئۈستىخىنىم بىلىنەر-بىلىنمەس ھالدا ئىككىگە پارچىلىنىپ كېتىۋاتىدۇ... تەڭرى، ئەگەر روھ راستلا يەنە بىر مەرتىۋە قايتىپ كې-

## جۇڭگو مەدەنىيەت زېمىنىدا

لمدىغان ئىش بولسا، كېلەر ئۆمرۈمدە مېنى مۇشۇ زېمىنغا قايتۇرغايسەن، مەن بۇ چىرايلىق زېمىننى سۆيىمەن ئەمەسمۇ! ئىلاھ، مېنىڭ روھىم ئاقىۋەت قانغا بويالغان جىسمىمدىن قۇتۇلۇپ، كۆك ئاسمانغا پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى...». ئون نەچچە يىل ئىلگىرى، بىر «كالۋا»نىڭ نەزەرى ئارقىلىق سۈرەتلەنگەن روھنىڭ پەرۋازىغا كۆرە غايەت زور كېڭىيىش كۈچىنى نامايان قىلغان بۇ بايان ــ يەر - زېمىننى لىققىدە پۈركىگەن ئوت رەڭلىك لالە گۈللىرى، قان تېمىشۋاتقاندەك قىپقىزىل قۇياش، سېھىرلىك قۇيۇن، ئەرۋاھ، چۈشكە ئوخشاش خىيابان، ئالەمنىڭ كەلگۈسى ھەققىدىكى سىرلىق تۇيغۇ ئادەملەرنىڭ روھىي دۇنياسىدا ئاجايىپ - غارايىپ، شۇنداقلا ئىنتايىن كۈچلۈك زىلزىلە پەيدا قىلغانىدى. ئالەينىڭ تەسەۋۋۇر قانىتى بىزنى تولىمۇ ناتونۇش، ئۆزگىچە بىر سەنئەت دۇنياسىغا ئېلىپ كىرگەنىدى.

ئوخشاش مەزگىلدە ئېلان قىلىنغان گوشۆبو ئاپتورلۇقىدىكى «قارساق چاتمىلىرى» بىلەن «قۇملۇقتىكى بۆرە بالا»نىڭ پەۋقۇلئاددە دۇنياسىدا، ئىناقلىق بىلەن ئەركىنلىكنىڭ ھاياتىي كۈچى ھەم كومېدىك ھەم تىراگېدىك يوسۇندا شېئىرسىمان تەسۋىرلەنگەن، ئادەملەرنىڭ ھاياتلىقنىڭ ماھىيىتى ئۈستىدىكى ئويلىنىشلىرى ئىنتايىن زور دائىرىدە كېڭەيتىلگەن؛ يايلاقتىكى قارساق، ئىنسانلاردىن ۋاز كېچىپ كېتىپ قالغان بۆرە بالا، مۇكەممەل ھاياتلىق دۇنياسى، ياۋايىلىق بىلەن ئەركىنلىك، ھايۋانلار بىلەن ئادەملەر، ئادەملەر بىلەن تەبىئەت مىسلىسىز دەرىجىدە ھال - مۇڭ بولغانىدى.

سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، بىز ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرى ھېچ گەپتىن ھېچ گەپ يوقلا «يىلتىز ئىزدەش ئەدەبىياتى»غا كىرگۈزۈۋېتىلگەن ئورىرتونىڭ قەلىمىدىكى سىرلىق ھەمدە شېئىرىي مەنە بىلەن تولغان ئۇلۇنچۇن ئېپتىدائىي ئورمانلىقنى، ئاچىماق مۈڭگۈزلۈك بۇغىنى، ھېقىقەتەك تاۋلىنىپ كۆيۈۋاتقان گۈلخاننى، ئورمانلىقتىكى چۈشنى ئەسكە ئالىمىز. زاشى داۋا يازغان «بىسەرەمجان شياڭبالا»، «شىزاڭ، تاسمىغا چىگىلگەن روھ» تىكى سەلتەنەتلىك ئېپتىدائىي رەڭ بىلەن سىرلىق مىللىي تۇرمۇش قوينىدىن ئادەملەرگە پىسخىك مىجەز ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە كېلىۋاتقان پەۋقۇلئاددە شىددەتلىك زەربىنى، جاڭ چېڭجىنىڭ تەسەۋۋۇر چۇلۋۇرىنى مەيلىگە قويۇۋېتىپ، خۇاڭخې دەرياسىنى تولۇپ تاشقان قىزغىن ھېسسىيات بىلەن شائىرانە يوسۇندا تەرىپلىگەن «شىمالدىكى دەريا»سىنى يادىمىزغا ئالىمىز. مۇشۇلارغا قاراپ جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىدا ئىجادىي خاراكتېردىكى ئەدەبىي تەسەۋۋۇر كۈچىنىڭ ئەزەلدىن تارتىپ كامچىل ئەمەسلىكىنى بىلەلەيمىز. «گىسار پادىشاھ» (ئالەي)، «بۈيۈك شامان» (گوشۆبو)، «قارا تۇتۇن» (خېي خې) قاتارلىق ئەسەرلەر، شۇنداقلا «دالياڭشەن تېغىدىكى يىزۇ مىللىتىنىڭ شېئىرلىرى»، «شىزاڭ تەسۋىرى»، «موڭغۇل رىۋايەتلىرى»، «شامان مەدەنىيىتى»، «تەڭرىتاغدىكى ئانا تىللىق قەبىلە»، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ «70 - يىلدىن كېيىن»، «80 - يىلدىن كېيىن» ھەرقايسى رايون ۋە ھەرقايسى ئاھالە تۈركۈمىنى ۋەكىل قىلغان ئەدەبىياتىنىڭ ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ھاياتىي كۈچى بارغانسېرى ئادەملەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىماقتا.

مىللىي ئەدەبىياتنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۇزاق تارىخىي مەدەنىيىتىدىن كېلىدۇ. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مول ئەدەبىيات ئەنئەنىسىدىن، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىنسانىيەتكە، تەبىئەت دۇنياسىغا بولغان پەۋقۇلئاددە، مۇستەقىل تونۇشى ۋە رەڭگارەڭ تەسەۋۋۇرىدىن كېلىدۇ.

تەسەۋۋۇر بىر مىللەتنىڭ ئەڭ پەۋقۇلئاددە پىسخىك قۇرۇلمىسى ۋە تەپەككۇر شەكلى، بىر مىللەتنىڭ ھاياتلىققا بولغان ئىنتىلىشى ۋە ئىنسانىيەتكە بولغان غەمخورلۇقى، شۇنداقلا ئۇ ئۆزىدىكى بارلىق ئىرادە ۋە ئارزۇ - ئارمىنىنىڭ ماھىيەتلىك ئىپادىلىنىشى، چوڭقۇر قاتلامدىن ئىشتىراك قىلىشى. ئۇ ئەدەبىي ئەسەرنىڭ تىلىدىكى قىسىلچاقلارغا يوشۇرۇنغان، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسىدىكى چوڭقۇرلۇقتا ساقلانغان، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ھاياتلىق دۇنياسىنىڭ ئارقىسىدا ئېقىپ يۈرگەن بولىدۇ. تەسەۋۋۇر ئەدەبىياتقا جان كىرگۈزىدۇ. ئۇنىڭغا ھاياتلىق بېرىدۇ، ھاياتلىقنىڭ ماھىيىتى ئەركىن ئادىمىلىك، ئەركىن ھايات، ئەركىن تەرتىپ، ئەركىن ۋۇجۇد ۋە ئەركىن سۆزلەش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت بولىدۇ، تەسەۋۋۇر ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىجادىيەت كۈچى ھېسابلىنىدۇ.

ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتىنىڭ مۇنبەت تۇپرىقىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بولىدۇ. ئەمەلىي پاكىت قانچىكى چەت، ياقىدا تۇرغان مىللەتنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ دەسلەپكى فورماتسىيەسىنىڭ شۇنچىكى مۇكەممەل ساقلىنىپ قالىدىغانلىقىنى، ئىجادىي تەسەۋۋۇر بايلىقىنىڭ زامانىۋى مەدەنىيلىكنىڭ دەخلى - تەرۇزغا ئۇچراش دائىرىسىنىڭ شۇنچىكى ئاز بولىدـ

غانلىقنى، ئۇنىڭدىن ئەدەبىي ئىجادىيەتكە قالدۇرغان ماكانىنىڭ شۇنچىكى چوڭ بولىدىغانلىقنى ئىسپاتلاپ بەردى. ئەينى ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە، جەت-ياقا رايوندىكى مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئاساسىي ئېقىمدىكى مەدەنىيلىك تەرتىپىدىن يەككە ھاياتلىقنىڭ ئەركىن ئىرادىسىگە كېلىۋاتقان چەكلىمىنى ھېس قىلىشى ئەڭ بەۋاستە ۋە ئەڭ چوڭقۇر بولىدۇ. مۇشۇنىڭغا كۆرە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقتىن گۇمانلىنىشى ۋە ئۇنىڭدىكى تەنقىد روھىمۇ ئەڭ روشەن ۋە گەۋدىلىك بولىدۇ. ئەركىنلىككە بولغان تەشنالىقمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. مۇشۇ تۈپەيلى بارلىققا كېلىدىغان تەسەۋۋۇرمۇ پەۋقۇلئاددە قۇدرەتلىك ۋە باراقسان بولىدۇ. يەنە بىر مەسىلە شۇكى، جۇڭگو كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولغاچقا، ئەدەبىيات ئىنسانىيەتكە، تەبىئەتكە، شۇنداقلا ئۆزلۈكىنى بىلىش بىلەن تەسەۋۋۇرغا نىسبەتەن يېگانە تەپەككۇر شەكلى بولۇش سۈپىتىدە، ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەرنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدا شەكىللەنگەن ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل، پەۋقۇلئاددە تەپەككۇر شەكلى بولۇش سۈپىتىدە، يەنە شۇنداقلا بۇ خىل تەپەككۇرنىڭ ئەدەبىي ئىپادىلەشتە ئىندىۋىدۇئاللاشقانلىقى نەتىجىسىدە مىللىي ئەدەبىيات-سەنئەتتىكى تەپەككۇردىمۇ كۆپ خىللىق ۋە ئىجادىيلىق شەكىللەندى. بەيزۇ مىللىتىدىكى داڭلىق ئۇسسۇل ئارتىسى ياڭ لىپىڭ ئۆزىنىڭ ئۇسسۇل ئوينىغان چاغدىكى ھالىتىنى سۆزلەپ كېلىپ: «كىچىك چېغىمدا ئانام ماڭا ئۇسسۇل ئويناۋاتقاندا ئىلاھ قولۇڭنى تۇتۇۋالغاندەك تۇيغۇغا كەلسەڭلا ئىشىڭنىڭ قاملاشقىنى شۇ، دېگەنىدى. مەن ئۇسسۇلغا چۈشكەندە سەھنىنىڭ ئۇسسۇل ئورۇنلايدىغان سورۇن ئىكەنلىكى خىيالىمغا كىرىپمۇ قويمايدۇ. تۆۋەندە تاماشىبىنلارنىڭ بار يوقلۇقى بىلەنمۇ ھېسابلاشمايمەن، مەن ئۆزۈمنى قانداقتۇر بىر مۇراسىم ئۆتكۈزۈۋاتقاندەك ھېس قىلىمەن، قەلبىمنىڭ تۆرىدىكى سورۇندا ئۇسسۇلغا چۈشكەندەك بولىمەن. ئۆزۈمنى ئىلاھ بىلەن سۆزلىشىۋاتىمەن دەپ بىلىمەن. بىلىكىم چەكسىز بىر بوشلۇققا سوزۇلغاندەك تۇيۇلىدۇ، مۇنداق چاغدا ئادەتتە ھېس قىلالمايدىغان تاتلىق سېزىم ئىچىگە چۆمۈلگەندەك بولىمەن» دەيدۇ. روشەنكى مۇنداق ئىجادىي ئىپتىدائىي، بەدىئىي تەپەككۇر ۋە پەۋقۇلئاددە تەسەۋۋۇر شەكلى، شۇنداقلا سەنئەتنىڭ ماھىيىتى ھەققىدىكى تونۇش يالغۇز ياڭ لىپىڭغىلا تەئەللۇق ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل بەيزۇ مىللىتىگە مەنسۇپ. ھەرقايسى مىللەتنىڭ تەبىئەتكە، ھاياتلىققا، سەنئەتكە تۇتقان ئوخشاش بولمىغان تەپەككۇر شەكلىنى ۋە تەسەۋۋۇر شەكلىنى، شۇنداقلا ئىجادىي تەسەۋۋۇر بايلىقىدىكى ئالاھىدىلىكىنى، كۆپ خىللىقنى ۋە ئۇنىڭ قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى مۇشۇنىڭغا قاراپلا بىلگىلى بولىدۇ.

ھەرقايسى مىللەتنىڭ پەۋقۇلئاددە تارىخ مەدەنىيىتى، مىللىي پىسخىك مىجەزى ۋە مىللىي روھى شۇ مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ ھاياتلىق بۇلىقى. دەل مۇشۇ بۇلاقنىڭ قۇۋۋىتى بىلەن ھەرقايسى مىللەت ۋاقىت مۇساپىسىدە ھالسىراپ قالمايدىغان ئېپوس، رەڭدار ۋە بىباھا چۆچەك، رىۋايەت، داستان، خەلق ناخشىلىرى، ئەل ئىچى ئۇسسۇللىرىنى نامايان قىلىپ كەلدى. مىللىي مەدەنىيەتتىكى تەسەۋۋۇر بايلىقنى قېزىش نۆۋەتتىكى ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىغا قانات بولدى. تېخىمۇ مۇھىمى، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئەسلىدە جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان تەركىبىي قىسمى بولغاچقا، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىدىكى تەسەۋۋۇر بايلىقنى قېزىش، شۇنداقلا يەككە مىللەتلەرنىڭ تەسەۋۋۇر بايلىقىنىڭ پۈتۈن سۈرۈك جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت تەسەۋۋۇر بايلىقى بولۇپ توپلىنىشى، ئۇنىڭدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش جۇڭگونىڭ نۆۋەتتىكى ئەدەبىياتىنىڭ تەسەۋۋۇر بايلىقنى بېيىتتى. جۇڭگونىڭ نۆۋەتتىكى ئەدەبىياتىنىڭ تەسەۋۋۇر سەۋىيەسى بىلەن ئېستېتىك قاتلىمىنى يۈكسەكلىككە كۆتۈردى.

**مىللىي مەدەنىيەتنىڭ تەسەۋۋۇر بايلىقنى بايقاش ۋە قېزىش دۇنياۋى كوللېكتىپ ھەرىكەت، شۇنداقلا جۇڭگو بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىدىكى تەسەۋۋۇر كۈچى يېتەرسىز بولىدىغان ئەھۋالنى ھەل قىلىشنىڭ يولى. جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ جۇڭگودىكى ھەر مىللەت مەدەنىيىتىگە قاراپ كېڭىيىشى جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى ئۈمىدى.**

شۇنى كۆرۈش كېرەككى، تەسەۋۋۇر كۈچىنىڭ يېتەرسىز بولۇشى ئەدەبىياتتىكى دۇنياۋى كېسەل. كېيىنكى سانائەت جەمئىيىتىدىن بۇيان غەرب ئاساسىي ئېقىم مەدەنىيەت رايونىدىكى ئېستېتىزم ئىستېمالچىلىق دېڭىزىدىكى يېگانە ئارال بولۇپ قالدى. بىر زامانلاردا بىزنى ھاياجانلاندۇرىدىغان ۋە زىلزىلىگە سالغان «سىمۋول ئورمانلىقى»، «جەزىرە» (1922-يىل)، ئەركىنلىك ئاڭغا خاسىيەتلىك قانات ئاتا قىلغان «ئۇلىسس» (1922-يىل)، ئەپسانە ئەندىزىسى بىلەن زامان-ماكانى ئاستىن-ئۈستۈن قىلغان، شۇنداقلا سىمۋول بىلەن يۇغۇرۇۋېتى-

www.uyghurkitap.com

كەن، ئىنسانىيەت قەلبىدىكى گۆپۈلدەشتىن ئۇچۇر يەتكۈزگەن
«شاۋقۇن ـ سۈرەن ۋە بىسەرەمجانلىق» (1929 ـ يىل) قاتار ـ
لىق ئەسەرلەردە ئاپىرىدە بولغان غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتى ـ
نىڭ ئالتۇن دەۋرى «كېيىنكى مودېرنىزم دەۋرى»نىڭ بىر دەم ـ
لىك چاقنىشىدىن كېيىن بىراقلا كەلمەسكە كەتتى. مودېرنىزمدىن
كېيىنكى مودېرنىزمغىچە بولغان ئەدەبىيات تارىخى ئاساسەن تە ـ
سەۋۋۇر كۈچى تەدرىجىي يوسۇندا چېكىنگەن، ئىنسانىي
ھەۋەس تەدرىجىي يوسۇندا زورايغان ۋە ئۈزلۈكسىز ھالدا قانا ـ
ئەت ھاسىل قىلغان. ئېستېتىزم ئىستېمالچىلىققا يول بەرگەن تا ـ
رىخقا ئايلاندى. ئەدەبىيات تەسەۋۋۇر باراقسان كۆكلەيدىغان
تۇپراق بولۇشتىن ۋە ئەركىن پەرۋاز قىلىدىغان ئاسمان بوشلۇ ـ
قى بولۇشتىن قالدى، ئۇ رېئال تەجرىبە بىلەن رېئال ھادىسىلەر ـ
نى قايتا نۇسخىلايدىغان زاۋۇتقا ئايلاندى.

ھالبۇكى، دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىدا ئىچكى تەڭ ـ
پۇڭلۇق مېخانىزمى بولىدۇ. سىياسىي جۇغراپىيەدىكى چەت ـ
ياقا بىلەن مەركەز، مەدەنىيەتتىكى ئويمانلىق بىلەن ئېگىزلىك،
ئەدەبىياتتىكى ئاساسىي ئېقىم بىلەن تارماق ئېقىم ئەزەلدىن
تارتىپ نىسپىي ۋە بېقىندىلىق ھالەتتە بولىدۇ. غەربنىڭ ئاساسىي
ئېقىم دۆلەتلىرىدىكى كېيىنكى سانائەت ئىستېمالچىلىق دەۋرى ـ
دىكى ئەدەبىي تەسەۋۋۇر تەدرىجىي يىگىلەۋاتقان ۋاقىتتا، ئاف ـ
رىقا، لاتىن ئامېرىكىسى، شىمالىي ياۋروپا قاتارلىق دۇنيا ئاسا ـ
سىي ئېقىم مەدەنىيىتىدىن ياقىغا چىقىپ قالغان رايونلارنىڭ
مىللىي مەدەنىيەت تۇپرىقىغا ئەدەبىي تەسەۋۋۇر كۆككە تاقاشقۇ ـ
دەك باراقسان دەرەخ بولۇپ يېتىلدى. نەتىجىدە غەربلىكلەر
ئەدەبىيات تەسەۋۋۇر بايلىقىنىڭ يېڭى قۇرۇقلۇقىنى تېپىش كو ـ
يىدا كولۇمبۇ شەكلىدىكى «مەدەنىيەت ساياھىتى»گە قەدەم
قويدى. يەنە نەتىجىدە گارسىيا ماركىز بىلەن ئۇنىڭ تەسەۋۋۇر ـ
غا تويۇنغان رومانى « 100 يىل غېرىبلىق» ۋەكىللىكىدىكى
لاتىن ئامېرىكىسى ئەدەبىياتى بايقالدى ھەمدە مۇشۇ تۈپەيلى
دۇنيانى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىدىغان لاتىن ئامېرىكىسى بورىنى
شەكىللەندى. قەدىمىي ئىندىيان مەدەنىيىتى ۋە ئىندىيان مىللەت ـ
لىرىنىڭ پەۋقۇلئاددە رىۋايەتسىمان تەپەككۇرى بولماي
تۇرۇپ، « 100 يىل غېرىبلىق»نىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس
ئىدى. « 100 يىل غېرىبلىق» بىر مىللەتنىڭ ھازىرقى زامان رى ـ
ۋايىتى سۈپىتىدە دۇنيا ئاساسىي ئېقىم مەدەنىيىتىدە كۈنسايىن
كەمچىل بولۇۋاتقان تەسەۋۋۇرغا ئۈنۈملۈك تولۇقلىما بولدى،
شۇنداقلا دۇنيا ئەدەبىياتىدا ئەمەلىيەتتە تەسەۋۋۇر بايلىقىنىڭ
ئۈنچىۋالا كەمچىل ئەمەسلىكىنى زور كۈچ بىلەن ئىسپاتلىدى.
ئوخشاشلا «مۇكەممەل، ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن تويۇنغان،
ئۆزگىچە تەسەۋۋۇرغا ئىگە» دەپ ئاتالغان كېنىيەلىك يازغۇچى
ۋاينا ئىنانىنىڭ رومانى «ئائىلىنى بايقاش» 2002 ـ يىلى ئەنگلىيە ـ
دە ئافرىقا ئەدەبىياتىدىكى «كەيىن مۇكاپاتى»غا نائىل بولدى.
2003 ـ يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن جەنۇبىي
ئافرىقىلىق يازغۇچى كۇچىنىڭ رومانى «نومۇس» بۈگۈنكى
دۇنيا ئاساسىي ئېقىم ئەدەبىياتىدىكى تەسەۋۋۇرنىڭ كەمچىل ئە ـ
كەنلىكىنى ۋە مىللىي مەدەنىيەتتىكى تەسەۋۋۇر بايلىقىنىڭ مول
ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم دەلىللەپ بەردى. ئەمەلىيەتتە 1991 ـ
يىلىدىلا جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئايال يازغۇچى فادىن. گودۇمنىڭ
«كۈچلۈك ۋە بىۋاستە بايان ئارقىلىق ئۆز ئەتراپىدىكى مۇ ـ
رەككەپ ئىنسانىي ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى تەسۋىرلىگەن،
ئېپوسقا ئوخشاش سەلتەنەتلىك ھەمدە ئىنسانىيەتكە ئالاھىدە
مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ئەسەر» دەپ ئالقىشلانغان رومانى
« 7 ـ ئايدىكى خەلق» دۇنيا ئەدەبىيات ساھەسىدە زىلزىلە
پەيدا قىلغانىدى. نوبېل مۇكاپاتىنى تارقىتىش كومىتېتى M.J .
كۇچىگە مۇكاپات تارقىتىش سۆزىدە: «كۇچىنىڭ رومانى ئەپچىل
مۇلاھىزە، مەنىسى چوڭقۇر دىيالوگ ۋە روشەن تەھلىل ئالاھ ـ
ىدىلىكى بىلەن باشقىلاردىن پەرق قىلىدۇ» رومان مۇستەملىكە
قىلىنغان رايونلاردىكى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ھاياتى ۋە مۇستەم ـ
لىكىچىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ تۇرمۇشتا ئەركىن ـ ئازادە بولالمايدىغان ـ
لىقى ھەققىدە سۆزلەپ كېلىپ، ئادەمىيلىكنىڭ دەپسەندە قىلىنى ـ
شى ئالدىدىكى «ئامالسىزلىق، قورالسىزلىق، مال ـ مۈلۈك
بولماسلىق، ھوقۇق بولماسلىق، ئىززەت ـ ھۆرمەت بولماس ـ
لىق»تەك ياشاش ھالىتىدىكى تەجرىبە بىلەن ئويلىنىش ئۈستى ـ
دىكى غايىۋى تەلپۈنۈش ئارقىلىق، يازغۇچىنىڭ ئەركىن جەمئى ـ
يەتكە ۋە ھاياتلىقنىڭ ماھىيىتىدىكى ئەركىنلىككە بولغان ئۈزلۈك ـ
سىز ئىزدىنىشنى تەسەۋۋۇر قۇرۇلمىسى بىلەن ئىپادىلەپ بەردى
دېيىلدى. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، سىياسىي ـ جۇغراپىيەلىك
چەت ـ ياقا ھالەتتە تۇرۇۋاتقان ئاز سانلىق مىللەت ئەۋلادلىرى ـ
نىڭ ئەدەبىياتتىكى تەسەۋۋۇر بايلىقىغا ئەھمىيەت بېرىش ۋە
ئۇنى قېزىش، دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى كۆللېكتىپ ھەرىكەت
بولۇپ قالدى.

جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخ ـ مەدەنىيەت ـ
تىكى تەسەۋۋۇر بايلىقى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات تە ـ
رەققىياتىنى داۋاملىق ئىلگىرىلىتىش بىلەنلا قالماي، دۇنيا جاما

ئەتچىلىكىنىڭمۇ دىققىتىنى قوزغىدى. بۇ ئەھۋال مەركەز بىلەن
چەت ـ ياقا ھالەتتىكى ئورۇننىڭ ئورۇن ئالماشتۇرۇشىغا ۋە ئە-
دەبىياتتىكى يېڭىلىققا تۈرتكە بولدى، جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ
گەۋدىسىدە تارىخىي خاراكتېرلىك يۆتكىلىش باشلاندى.

ئەمەلىيەتتە، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىلا مايۈەن
يازغان «لاسا دەرياسىدىكى مەبۇدە»، «گانۇسنىڭ ئېزىقتۇرۇ-
شى»، شۇنداقلا جۇڭگو ئاۋانگارت ئەدەبىياتىدىكى كىلاسسىك
ئەسەر دەپ قارالغان «توقۇلما» چىڭخەي ـ شىزاڭ ئېگىزلىكى-
دىكى سىرلىق مىللىي مەدەنىيەتتىن بەرق ئۇرغان تەسەۋۋۇر
كۈچىنىڭ ئەدەبىياتتىكى ئىپادىلىنىشى ئىدى. ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇن-
قىسىنى ئالساق، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىكى ۋېن جيەن
يازغان «ئىنتىقام يالقۇنى» بىلەن «تۇرپاندىكى مۇھەببەت ناخ-
شىسى» تەڭرىتاغ ئېتىكىدىكى ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق مىللەت-
لەرنىڭ ئەدەبىياتتىكى ئەقىل ـ پاراستى ۋە رومانتىك ھېسسىيا-
تىنى قوزغاتقانىدى. دېمىسىمۇ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرى-
دىن ئىلگىرى ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتىدىكى ئەدەبىيات-
نىڭ تەسەۋۋۇر بايلىقى ئۆزىدىكى سىرلىق ئۆزگىچە ئالاھىدى-
لىك بىلەن باشقا مەدەنىيەتتىكىلەرنىڭ قىزىقىشىنى بارلىققا كەل-
تۈرگەنىدى. جۇڭگو ئەدەبىياتىدىكى تەسەۋۋۇر يىگىلەشكە، ئە-
دەبىيات بايلىقى قۇرۇپ تۈگەشكە يۈزلەنگەندىلا، تەسەۋۋۇر-
نىڭ بايلىق خاراكتېرى ئومۇمىيۈزلۈك دىققەتكە سازاۋەر
بولدى. چى زىجيەن يازغان «ئىرگىن دەرياسىنىڭ ئەڭ قىرغى-
قىدا» رومانىنىڭ 7 ـ نۆۋەتلىك ماۋدۇن ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا
نائىل بولۇشىدىكى سەۋەب ئەلۋەتتە بۇ ئايال يازغۇچىنىڭ
«سەمىمىي ۋە سۈزۈك كۆڭلى»نىڭ بولغانلىقى ۋە «مۇلايىم
لىرىك ئۇسلۇب»نى قوللانغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، يەنە
شۇنداقلا ئېۋېنكى مىللىتىدەك «ئۇچتە ئاز مىللەت»نىڭ
سىرلىق ھەمدە تارىخى ئۇزاق شامان مەدەنىيىتىنىڭ بولغانلىقى
بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. مۇنداق قەدىمىي سىرلىق تۈسكە ئىگە
دىنىي مەدەنىيەت شىمالدىكى مىللەتلەرنىڭ ئالاھىيەتكە يېقىن-
لاشقان ھاياتلىق فورماتسىيەسىدىكى مەخپىيەتلىك بىلەن ئېتىق-
ادىنى ھەر خىل مەنىۋى شەكىل ئارقىلىق ئىگىلەپ تۇرغان،
شۇنداقلا شىمالدىكى مىللەتلەرنىڭ دۇنيانىڭ كۆپ قاتلاملىققا
ئىگە ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى پەۋقۇلئاددە تەسەۋۋۇرنى گەۋ-
دىلەندۈرگەن. شامان دىنى شۈبھىسىزكى شىمالدىكى مىللەتلەر-
نىڭ مەدەنىيەت، تەپەككۇر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە تەسەۋۋۇرنىڭ
جېنى. ئوخشاشلا مەدەنىيەتتىكى ئۆزگىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرنى
قوزغايدىغان بولاق. «بۆرە توتېمى»نى مىسالغا ئالساق،
گەرچە بۇ كىتابقا نىسبەتەن تالاش ـ تارتىش كۆپ بولغان بول-
سىمۇ، لېكىن گۇمانلىنىشقا بولمايدىغان بىر يېرى شۇكى، ئەسەر-
دە موڭغۇل مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى بىلەن موڭغۇل
روھىنىڭ مەخپىي شىفىرىنى ئېچىپ بېرىش ئارزۇسى نامايان قى-
لىنغان. ھالبۇكى بۇ خىل ئارزۇ ئاپتورنىڭ موڭغۇل يايلىقىدىكى
كۆپ يىللىق سەرگۈزەشتىلىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان.
موڭغۇل مىللىتىنىڭ پەۋقۇلئاددە مىللىي مەدەنىيىتى بىلەن مىللىي
روھى ئاپتورنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلغان ھەمدە ئاپتورنىڭ ئەدە-
بىي تەسەۋۋۇرنى روياپقا چىقارغان. ئوخشاپ كېتىدىغان
ئەھۋال خۇيزۇ يازغۇچى جاڭ چېڭجىنىڭ «قارا تۇلپار»دىكى
موڭغۇل مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن روھى توغرىسىدىكى تە-
سەۋۋۇرلۇق قۇرۇلمىدىمۇ ئۇچرايدۇ. جاڭ ۋېينىڭ 4 مىليون
500 مىڭ خەتلىك «سەن ئېگىزلىكتە» ناملىق رومانى تېخىمۇ
قىزىق. بۇ كىتابنىڭ نامىنىڭ «ئېگىزلىك» دېگەن مەدەنىيەت
ئىماگىنىڭ ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرنى قوزغىشى تۈپەيلى بارلىققا كەل-
گەنلىكى، كىتابنىڭ نامىدىكى مەپتۇنلۇقنىڭ ئوقۇرمەنلەردىمۇ
«ئېگىزلىك»كە نىسبەتەن قۇرۇلما خاراكتېرلىك تەسەۋۋۇرنى
قوزغىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق. جۇڭگودىكى ئېگىزلىك يالغۇز
جۇغراپىيەلىك مەنىدىكى ئېگىزلىك (چىڭخەي ـ شىزاڭ ئېگىزلى-
كى، يۈننەن ـ گۈيجۇ ئېگىزلىكى، موڭغۇلىيە ئېگىزلىكى)لا ۋە
سىياسىي جۇغراپىيە ئىلمىي دائىرىسىدىكى «چەت ـ ياقا» جايلا-
رلا ئەمەس. ئەينى ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە يەنە ئاز سانلىق مىللەت ئا-
ھالە تۈركۈمى ياشاپ چوڭ بولغان؛ «گېسار»، «جاڭغىر»دەك
ئۇلۇغ ئېپوسلارنى تەۋەللۇت قىلغان «مەدەنىيەت ئېگىزلىكى»-
مۇ بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇبالىغە قىلمايلا شۇنداق دېيىشكە بولى-
دۇكى، جۇڭگودا مۇنداق «مەدەنىيەت ئېگىزلىكى» ناھايىتى
كۆپ. بۇ «مەدەنىيەت ئېگىزلىكى» ھەم جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ
مەدەنىيەت بايلىقى، ھەم جۇڭگو ئەدەبىياتىدىكى تەسەۋۋۇرنىڭ
مۇھىم بۇلىقى.

پاكىت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، دەل ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ
پەۋقۇلئاددە، رەڭدار تارىخىي مەدەنىيتى، مىللىي روھى، ئەدە-
بىيات ئەنئەنىسى جۇڭگو ئەدەبىياتىنى قىممەتلىك بايلىق بىلەن
تەمىن ئەتكەن، شۇنىڭغا كۆرە جۇڭگو ئەدەبىياتىدا كۆپ ئۇس-
لۇبلۇق ئالاھىدىلىك بارلىققا كەلگەن. ئادەمنى خۇشال قىلىدىغى-
نى شۇكى، ئەمدىلىكتە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مول، ئىجادىي
تۈس ئالغان مەدەنىيەت بايلىقى يالغۇز ئاز سانلىق مىللەتلەر ئە-

www.uyghurkitap.com

دەبىياتىنىڭ سىجىل تەرەققىي قىلىشىدىكى ئۈچكى ھاياتىي ھەردكەتلەندۇرگۈچ كۈچ بولۇپلا قالماي، ئەدەبىيات ئىجادىيىتىدىكى تېخىمۇ كۆپ «گۆھەر ئىزدەيدىغانلار»نى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىشقا باشلىدى. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ چەت ـ ياقىغا چىقىپ قالغان ھالىتى تارىخقا ئايلىنىپ قالىدىغاندەك قىلىدۇ. ھېچبولمىغاندا تۇتاش كەتكەن ئېگىز ـ پەس «مەدەنىيەت ئېگىزلىكى» يالغۇز جۇڭگو ئەدەبىياتىغىلا جانلىق، يېڭى تەسىۋۇر ئاتا قىلىپ قالماي، ئەينى ۋاقىتتا يەنە جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ ھەقىقىي دۇنياۋى ئەھمىيىتىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.

«ئەدەبىيات ـ سەنئەت گېزىتى» 2012 ـ يىلى 6 ـ ئاپرېل سانى 8 ـ بەتتىن **ئىمىن ئەخمىدى** تەرجىمىسى

# تۆمۈر ۋە «سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ مىڭ يىللىق تارىخى»

**رەيھانگۈل قۇربان**

كىشىلەرگە زور مەنىۋى زوق ئاتا قىلالايدىغان، ئەدەبىيات ۋە ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ يۇكسەك دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغاپ، كاتتا باھالارغا نائىل بولالايدىغان ئەدەبىي ۋە ئىلمىي ئەسەرلەرنى چوڭقۇر بىلىم جۇغلانمىسى ھاسىل قىلالىغان، ھارماي ـ تالماي ئىجتىھات قىلىش روھىنى ھازىرلىيالىغان كىشىلەرلا ۋۇجۇدقا چىقىرالايدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مەتبۇئاتلىرىمىزدا نام ـ شەرىپى كۆرۈلۈپ، كەڭ ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىغان «تۆمۈر» ئىسىملىك بىر ئەدىب بار. تۆمۈر ئەنە شۇنداق ئەدەبىيات ۋە ئىلمىي تەتقىقات ساھەسىدە جاپالىق ئىزدىنىپ، كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە كاتتا ئەدەبىي، ئىلمىي ئەسەرلەرنى روياپقا چىقارغان ئىجتىھاتلىق ياش ئەدىبلەرنىڭ بىرى. مەن تۆمۈرگە ئوخشاش ئەدىبلەرنىڭ ئىجتىھات يولى ۋە سالماقلىقا ئىگە ئەدەبىي، ئىلمىي تۆھپىلىرى ئۈستىدە ئاز ـ تولا مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش ۋە چۈشەنچە بېرىپ ئۆتۈشنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئىلمىي تەتقىقات يولىغا قەدەم تاشلىغان كەڭ ياشلىرىمىزنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ۋە ئىرادە كەمرىنى مەھكەم باغلىشىغا ياردىمى بولار دېگەن ئۈمىدتە تۆمۈر ۋە ئۇنىڭ «سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ مىڭ يىللىق تارىخى» ناملىق ۋەكىللىك ئەسىرىگە بېغىشلانغان بۇ يازمىنى ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنۇشنى لايىق تاپتىم.

تۆمۈر يۇغۇرلارنىڭ ھازىرقى زامان يازغۇچىسى، ئۇ 1963 ـ يىلى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ سۇنەن يۇغۇر ئاپتونوم ناھىيەسىدە بىر چارۋىچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، 1981 ـ يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملىغاندىن كېيىن چىلانتاغ باغرىدىكى سارتالا يايلىقىدا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، 1982 ـ يىلدىن 1987 ـ يىلغىچە غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتى (ھازىرقى غەربىي شىمال مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى) نىڭ تارىخ فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان، 2005 ـ يىلى 1 ـ ئايدا لۇشۇن ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىنىڭ 4 ـ قارارلىق ئالىي مۇھاكىمە كۇرسىنى تاماملىغان. جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، يازغۇچى ۋە كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر تارىخى ـ مەدەنىيىتى تەتقىقاتچىسى، ھازىر گەنسۇ ئۆلكىلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى.

«تالانت ھەممە ئادەم ئىشلىتەلەيدىغان ئىشەنچلىك تەلۇقات، ئەمما بىر ئادەمنىڭ تەگرى ئاتا قىلغان قابىلىيىتى ھەر قانچە يۇقىرى بولسىمۇ، ئۇ ئىجاد قىلمىسا، تەگرىنىڭ ھىممىتى بىكار كېتىدۇ ـ دە، ئۇ كۆل ياكى ئىس ـ تۈتەك ھاسىل قىلالايدۇكى، ھەرگىزمۇ نۇر چاچالمايدۇ» («مەشھۇر زاتلارنىڭ نۇتۇقلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى 7 ـ ئاي نەشرى). ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىلا زېرەك، چېچەن تۆمۈر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى بېرىلىپ ئوقۇغان، ئوتتۇرا مەكتەپتە، بولۇپمۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا ئۇ چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ داڭلىق ئەسەرلىرىنى ئىجتىھات بىلەن ئوقۇش بىلەن بىللە، ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى ۋە ھازىرقى زاماندىكى تارىخىي ئەسەرلىرىنىمۇ بېرىلىپ ئوقۇغان. نەتىجىدە ئەدەبىي ئىجادىيەتكە زور ئىشتىياق باغلىغان بۇ ئىرادىلىك ياشنىڭ ۋۇجۇدىدا ئانا يۇرتىنىڭ گۈزەل تاغ ـ دەريالىرىغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت، ئەجدادلىرىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي تەرەققىياتىدا بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىسىگە

بولغان ئىزدىنىش روھى مەۋج ئۇرغان. ئۇ ئەنە شۇ يۈكسەك ئارزۇ - ئارمانلار بىلەن ئۆزىنىڭ زېھنىي - قۇۋۋىتىنى ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئانا يۇرتىنى مەدھىيەلەيدىغان گۈزەل شېئىرىي مىسرالارنى، نەسرلەرنى، ئەجدادلىرىنىڭ تارىخىنى سىستېمىلىق يورۇتۇپ بېرىدىغان تارىخىي ئەسەرلەرنى روياپقا چىقىرىشقا ئاتالانغان.

تۇمۇرنىڭ «باللىقىم» ناملىق تۇنجى ئەسىرى گەنسۇدا چىقىدىغان «سامادا يورۇش» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىللىق 11 - سانىدا ئېلان قىلىنغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ «يىراقتىكى قارا چېدىر»، «مېنىڭ چىلانتېغىم» «(چىلەنشەن)»، «تۇنجى ئاي»، «شىمالدىكى ئالتايغا نەزەر»، «شىمالدىكى ئايال پادىشاھ»، «چىڭگىزخانىنىڭ ئادەمگەرچىلىكى» قاتارلىق يۈز پارچىغا يېقىن نەسرى، «ئاپپاق قارغا پۈركەنگەن سېرىنگول»، «كۆپكۆك سوغۇق شامال»، «ئۈپۈقتا قاراپ ئۇچقان تۇرنىلار»، «كۆكتاغدىن قەبىلە ئايرىلغاندا»، «ئاپپاق قۇش» قاتارلىق 50 پارچىغا يېقىن شېئىرى، «بۇلاقلىرى چىلىقتىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولماس»، «كېسەك ئىمارەتنىڭ ھېكايىسى»، «چاپقۇر چىلان تورۇق ئات»، «ئاق ئات ئانا»، «سارتالا ھەققىدە رىۋايەت»، «ئاھ گۇگۇمدىكى زېمىن» قاتارلىق 60 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايىسى ۋە ئەدەبىي خاتىرىسى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر ئەسەرلىرى بېيجىڭ، گەنسۇ، چىڭخەي، شىزاڭ قاتارلىق كۆپلىگەن جايلاردا نەشر قىلىنغان. «مىللەتلەر ئەدەبىياتى»، «جۇڭگو غەربىي دىيار ئەدەبىياتى»، «ساماغا يورۇش»، «شىزاڭ ئەدەبىياتى» قاتارلىق كۆپلىگەن ژۇرنال - گېزىتلەردە ئېلان قىلىنغان. «يۇلتۇز يورۇقىدىكى ئۇلاركىن»، (نەسرلەر توپلىمى)، «شىمالدىكى ئايال پادىشاھ» (نەسرلەر توپلىمى)، «سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ مىڭ يىللىق تارىخى» (ئەدەبىي، ئىلمىي ئەسەر) قاتارلىق كىتابلىرى مىللەتلەر نەشرىياتى ۋە گەنسۇ مەدەنىيەت نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

ئۇنىڭ ئەسەرلىرى گەنسۇ ئۆلكىسى، شۇنداقلا ئېلىمىز ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن. ئۇ ئىشلىگەن «سارتالاغا يورۇش» ناملىق تېلېۋىزىيە مەخسۇس فىلمى گەنسۇ ئۆلكىسى بويىچە نادىر تېلېۋىزىيە فىلمى بولۇپ باھالىنىپ، 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. «شىمالدىكى ئالتايغا نەزەر» ناملىق نەسرىي ئەسىرى 1998 - يىلى گەنسۇ ئۆلكىلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىجادىيەت ئەسەرلىرى «مىس تۇلپار» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇ يازغان «سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ مىڭ يىللىق تارىخى» ناملىق ئەسەر 2001 - يىلى گەنسۇ ئۆلكىسىدە ئۆتكۈزۈلگەن 7 - قېتىملىق ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى «مۇنەۋۋەر ئەسەر» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. «يايلاق ناخشىسى» ناملىق نەسرىي ئەسىرى 2002 - يىلى مەملىكەتلىك مىللىي ئەدەبىيات «لوڭخۇ تېغى» لوڭقىسى ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. «يۇلتۇز يورۇقىدىكى ئۇلاركىن» ناملىق نەسرىي ئەسىرى 2007 - يىلى 7 - ئايدا گەنسۇ ئۆلكىلىك 2 - قېتىملىق خۇاڭخې ئەدەبىياتى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. بۇ ئەسەر يەنە 2008 - يىلى مەملىكەتلىك «تۇلپار» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. «شىمالدىكى ئايال پادىشاھ» ناملىق نەسرلەر توپلىمى 2009 - يىلى 11 - ئايدا گەنسۇ ئۆلكىلىك 5 - قېتىملىق ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. «بىر پادىچى يازغۇچىنىڭ ئەسلىمىسى» ناملىق نەسرىي ئەسىرى 2012 - يىلى 5 - ئايدا گەنسۇ ئۆلكىلىك 4 - قېتىملىق «خۇاڭخې ئەدەبىياتى» 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

«سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ مىڭ يىللىق تارىخى» ناملىق ئەسىرى ئۇنىڭ بىر قەدەر تىپىك ئەسەرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ ئەسەر ئېلىمىز ۋە چەت ئەللەردىكى ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ كەڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغاپ، ئېلىمىزدە موڭغۇلچە، ئۇيغۇرچە، روسىيەدە روسچە، قازاقىستاندا قازاقچە، كورېيەدە چاۋشيەن يېزىقىدا نەشر قىلىنغان. 2007 - يىلى 7 - ئايدا قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇغان «يۇغۇرلارنىڭ قەبىلىلىرى ۋە ئۇرۇقى» ناملىق قىسمى يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنىڭ يۈكسەك دىققىتىنى قوزغىغان. يازغۇچى تۇمۇرنىڭ بۇ ئەسىرى تېمىسىدىن مەلۇم بولغىنىدەك، يۇغۇرلارنىڭ (سېرىق ئۇيغۇرلار) ئون ئەسىرلىك سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى يورۇتۇپ بېرىشكە بېغىشلانغان. بۇ يەردە مەزكۇر ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

گەنسۇ ئۆلكىسى تەۋەسىدىكى چىلانتاغ (چىلەنشەن) باغرىغا جايلاشقان، كۆلىمى 24 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان سۇنەن يۇغۇر ئاپتونوم ناھىيەسىدە يۇغۇر، موڭغۇل،

خەنزۇ، زاڭزۇ، خۇيزۇ قاتارلىق 11 مىللەتتىن تەركىب تاپقان 40 مىڭ ئاھالە ياشايدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە يۇغۇرلارنىڭ نوپۇسى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 27%نى ئىگىلەيدۇ (2004 ـ يىللىق ئىستاتىستىكا)، ئېلىمىز ۋە چەت ئەل تارىخشۇناسلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە خېشى ئۇيغۇرلىرى ياكى گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى دېگەن نام بىلەن تىلغا ئېلىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار بۈگۈنكى كۈندە نېمە ئۈچۈن «يۇغۇر» دەپ ئاتىلىپ قالغان؟ قەدىمكى ئەجدادلىرىنىڭ ئېتنىك مەنبەسى بىزنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزغا چېتىلىدىغان ھەمدە ئەجدادلىرىمىزغا ئوخشاش ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بۇ قوۋم قەدىمدىن ھازىرغىچە قانداق تارىخىي تەرەققىياتلارنى باشتىن كەچۈرگەن، ئۇلارنىڭ ھازىرقى ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي ئەھۋالى، تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، دىنىي ئېتىقادى قانداق؟ ئۇلار قانداق تىل ـ يېزىق قوللىنىدۇ؟ دېگەندەك بىر قاتار مەزمۇنلار تۆمۈرنىڭ ئۇزاق يىللىق تارىخ تەتقىقاتىنىڭ مەھسۇلى بولغان «سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ مىڭ يىللىق تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە ناھايىتى جانلىق يورۇتۇپ بېرىلگەن.

ئەمدى بۇ ئەسەرنىڭ ئەھمىيىتىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتتە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1. ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسى. كۆپچىلىككە ئايان، ھەر قانداق بىر ئەسەرگە نىسبەتەن ئۇنىڭ قۇرۇلمىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئىنتايىن مۇھىم. «سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ مىڭ يىللىق تارىخى» ناملىق ئەسەرنىڭ ھەجمى ئانچە چوڭ ئەمەس، ئەمما قۇرۇلمىسى ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇلغان، يەنى ئەسەردە يورۇتۇپ بېرىلگەن سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ئاسىيا ـ ياۋروپا يايلاقلىرىدا قەدىمكى دەۋردە كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان كۆپلىگەن مىللەتلەرنىڭ تارىخىغا باغلانغان. خۇددى مۇئەللىپ بۇ ئەسىرىدە: «مەن مۇتلەق كۆپ ساندىكى يۇغۇرلارنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخى ھەققىدىكى كۆز قارىشى، نۇقتىئىنەزەرى ۋە مەيدانىنى ئۆلچەم قىلىپ، يۇغۇرلارنىڭ تارىخىنى ئىمكانقەدەر ئەدەبىي تىل ۋاستىسى بىلەن توغرا، قىسقا، چۈشىنىشلىك بايان قىلدىم. مەقسىتىم، بىر قانچە ئەۋلاد، بىر قانچە مىللەت ئارىسىدىكى ئۈزۈلۈپ قالغان قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋەتنى، بىر قانچە دەۋردىكى پارچىلىنىپ كەتكەن تارىخ، مەدەنىيەت ۋە تېررىتورىيە مۇناسىۋەتنى ئۇلاشتۇر. مەن كىشىلەرنىڭ يۇغۇرلارنىڭ تارىخىدىن خەۋەر تېپىپ، كۆڭلى پالىدە يورۇپ كېتىشىنى، ئۇلارنىڭ تارىخىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتى ھەققىدە بىر قەدەر توغرا تونۇشقا ئىگە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دەپ كۆرسەتكىنىدەك، بۇ ئەسەردە سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان تارىخىي تەرەققىياتى دۇنيادىكى باشقا كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا ئوخشاش، قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان دەۋرلەر تەرتىپى بويىچە، يەنى «سېرىق ئۇيغۇر» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن تارتىپ، سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى بىلەن باغلىنىشلىق بولغان قەدىمكى ھۇن، ئۇيغۇر، تۈرك، موڭغۇل قاتارلىق كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ زامان، ماكاندىن ھالقىپ كەتكەن مۇناسىۋىتى، چىڭگىزخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان موڭغۇل ئىمپېرىيەسى ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھەرقايسى موڭغۇل خانلىرى ۋە مىڭ، چىڭ سۇلالىرى دەۋرى ھەمدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئېزىپ، ئېكسپلاتاتسىيە قىلغان مەزگىلدىكى ما بۇفاڭ گۇرۇھىنىڭ گەنسۇدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى قاتتىق قاقشىتىپ ئالەمنى پاراكەندە قىلغان يىللاردىكى سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى، جۇڭگو خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ، ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى بەختىيار تۇرمۇشقا ئېرىشكەندىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان شانلىق دەۋردىكى يۇغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي ئەھۋالى، تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، دىنىي ئېتىقادى، قوللىنىدىغان تىل ـ يېزىقى قاتارلىق مەزمۇنلار ئىخچام، چۈشىنىشلىك بايان قىلىنغان. بۇ ئەسەرنى ئوقۇغان كىشى يەر شارىدىكى 5 مىلياردتىن ئارتۇق ئاھالە، 5 مىڭدىن ئارتۇق مىللەتكە سېلىشتۇرغاندا تولىمۇ ئاز ھېسابلىنىدىغان، ياشاۋاتقان ماكانى بىپايان ئاسىيا ـ ياۋروپا يايلاقلىرىغا سېلىشتۇرغاندا، گويا كىچىككىنە بىر پارچە قىينىزارلىققا ئوخشايدىغان يۇغۇرلارنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىدىن قەدىمدە ئاسىيا ـ ياۋروپا يايلاقلىرىدا دەۋر سۈرگەن، ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەردە، ئېلىمىز تارىخىي مەنبەلىرىدە ئوخشىمىغان ناملار بىلەن ئاتالغان، ھەر خىل تىل ـ يېزىقنى قوللانغان، كۆپ خىل دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ھازىرغىچە ئەسلىي نامىنى يوقاتمىغان ياكى نامى يوقىلىپ كەتكەن، باشقا قوۋم ـ مىللەتلەرگە قوشۇلۇپ ئىزى يوقالغان قەبىلە، مىللەتلەرنىڭ تارىختىكى سىماسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلەيدۇ.

2. تارىخىي ئەھمىيىتى. ئەسەردە بايان قىلىنغان سېرىق

ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىغا دائىر مەزمۇنلار ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر
تارىخىي ئەسەرلىرىدىكى مۇشۇ ھەقتىكى مەنبەلەر ۋە چەت
ئەل تارىخشۇناسلىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى بايانلىرىغا ئۇيغۇن كېلە-
دۇ. بۇ ئەسەردە سېرىق ئۇيغۇرلار ئارىسىدا نەچچە يۈز يىل-
لاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تارىخىي رىۋايەت، تارى-
خىي داستان قاتارلىقلار بىلەن تارىخىي مەنبەلەر بىر - بىرىگە
يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن. ئەسەردىكى: «مەن سېرىق ئۇيغۇر
كۆچمەن چارۋىچىلىرىدىن باشقىلار ئانچە بىلىپ كەتمەيدىغان
بەزى تارىخىي رىۋايەتلەرنى توپلىدىم ۋە بۇلاردىن ھەقىقەتەن
ئەڭ ئىشەنچلىك پاكىتلارنى يېزىپ خاتىرىگە ئالدىم. كۆچمەن
چارۋىچىلارنىڭ تارىخىي يىلتىزىنى سۈرۈشتۈرۈش ھەققىدىكى
يۈرەك سۆزلىرىنى باشقىلارنىڭ چۈشىنىشى ناھايىتى مۈشكۈل.
كۆچمەن چارۋىچى خەلقنىڭ تارىخىنى ئۇلار ئارىسىدا، ئۇلار
توغرۇلۇق روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن تولۇق چۈشەنچە
ھاسىل قىلغاندىلا، ئاندىن يېشىپ بەرگىلى بولىدۇ. كۆچمەن
چارۋىچىلارنىڭ مەدەنىيىتى، تارىخى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە
تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ھەقىقىي چۈشەنگەن ئادەملەر، كۆچمەن
چارۋىچى خەلقنىڭ كۆڭلىنى، يايلاقنىڭ كەيپىياتىنى ھەقىقىي
چۈشەنگەن ئادەم بۇنى ئەلۋەتتە بىلىدۇ» دېگەن بايانلاردىن
يۇقىرىقى قاراشنى دەلىللىگىلى بولىدۇ. شۇڭا «خۇنەن ئۇيغۇر-
لىرى» ناملىق ئەسەردە خۇنەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىخى سىستې-
مىلىق، مۇكەممەل، چۈشىنىشلىك راۋان يورۇتۇلۇپ بېرىلگەن-
دەك، بۇ ئەسەردە سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىغا ئائىت
مەزمۇن ئىلمىي، ئەمەلىي تارىخىي پاكىتقا ئۇيغۇن ھالدا چۈشىن-
ىشلىك، ئىخچام بايان قىلىنغان.

3. ئەسەرنىڭ تىلى. ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى تۆمۈرنىڭ
ئىجادىي ئەمگەكلىرىنىڭ كۆپىنچىسى نەسرىي ئەسەرلەرنى ئۆز
ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئەسەردىكى مەزمۇنلارمۇ ئاجايىپ پاسا-
ھەتلىك سۆز - ئىبارىلەر بىلەن يورۇتۇپ بېرىلگەن، سۆز -
جۈملىلىرى يارقىن، نەپىس بولۇپ، ئەسەرنى ئوقۇغان ئادەم-
نى ھاياجانلاندۇرىدۇ، ئىختىيارسىز ھالدا قەدىمكى گۈزەل
ئاسىيا - ياۋروپا يايلاقلىرىنى، ئۇ يەر - بۇ يەردە كۆرۈنىد-
ىغان كىگىز ئۆيلەرنى، بىپايان يايلاقتا ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋات-
قان جەسۇر چەۋەندازلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ. «بىپايان
يايلاقتا ئۈزۈنغا سوزۇلغان ئېگىزلىكلەر، ئەجدىھادەك سو-
زۇلۇپ ياتقان ئېگىز تىك چوققىلار، چۆل - جەزىرىلەر، يۇل-
تۇزلاردەك تارقالغان كۆللەر بار بولۇپ، يايلاق مەنزىرىسى
تولىمۇ رەڭدار ھەم جەلپكار ئىدى. كۈندۈزى ئۇياقتىن -
بۇياققا كۆچۈۋاتقان چارۋىچىلارنىڭ كىگىز يوپۇقلۇق ھارۋى-
لىرى، ئات - كالىلىرى تۈرۈلۈپ كېلىۋاتقان بۇلۇتتەك كۆرۈ-
نەتتى. كېچىدە كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ گۈلخانلىرى لاۋۇل-
داپ، ناخشا سادالىرى پەلەكتە ياڭرايتتى. يايلاق - تۈلپارنىڭ
ماكانى، يايلاقتا ياشىغۇچىلار تۇغما چەۋەندازلاردۇر. ئۇلار
كۆچكەندە، يىراققا يۈرۈش قىلغاندا ئاتتىن ئايرىلالمايدۇ.
كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ئۆمرىنىڭ تەڭدىن تولىسى ئات
ئۈستىدە ئۆتىدۇ. ئۇلار دۇنيا بويىچە ئەڭ بۇرۇن ئاتلىقلار
قوشۇنىنى قۇرغان. ئات — ئالىيجانابلىقنىڭ ۋە ھوقۇقنىڭ
سىمۋولى، شۇنداقلا كۆچمەن چارۋىچىلار شىجائىتىنىڭ سىمۋو-
لى. كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ئەڭ ئەتىۋارلايدىغان بايلىقى —
ئات، ئەڭ ئامراق ئىچىملىكى قىمىز، ئەڭ ياقتۇرۇپ يەيدىغا-
نى — ئات گۆشى». ھەر قانداق بىر ئەسەر ئاپتورىنىڭ
يۈرەك قېنى بەدىلىگە روياپقا چىققانغا ئوخشاش، «سېرىق
ئۇيغۇرلارنىڭ مىڭ يىللىق تارىخى» ناملىق ئەسەرگە تۆمۈر
ئەپەندىنىڭ ئانا يۇرتىغا بولغان قىزغىن مۇھەببىتى، ئانا يۇر-
تىنىڭ گۈزەل تاغ - دەريالىرىغا بولغان مەدھىيە، ئەجدادلىرى-
نىڭ تارىختا ئۆتكەن خان - قاغانلىرىغا، باتۇر، شىجائەتلىك
چەۋەندازلىرىغا بولغان كۈچلۈك سېغىنىش، مىللىتىنىڭ تارىخ
سەھىپىلىرىدە كەم قالغان تارىخىنى تولدۇرۇشقا بولغان
ئوتتەك ئىشتىياقى سىڭدۈرۈلگەن.

يۇقىرىدا ئەدىب، تەتقىقاتچى تۆمۈرنىڭ ئۆسۈپ يېتى-
لىش جەريانى ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي، ئىلمىي مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ
نامايەندىسى بولغان «سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ مىڭ يىللىق تارى-
خى» ناملىق ئەسىرى توغرۇلۇق قىسقىچە توختىلىپ ئۆتتۇق.
ئۇنىڭ بۈگۈنكىدەك كاتتا ئەدىبكە ئايلىنىشى كىچىكىدىن
تارتىپ ئىلىم يولىدا زېرىكمەي - تېرىكمەي ئۆگىنىشى، ئىجتى-
ھات قىلىشىنىڭ خاسىيىتىدىن دېسەك، ئېلىمىز ئوقۇرمەنلىرى-
نىڭ، ھەتتا خەلقئارا ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبا-
رىنى قوزغىغان، ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن نادىر ئەسەرلەر-
نى ۋۇجۇدقا چىقىرالىشىنى ئۇنىڭ بەدىئىي ئەدەبىيات ۋە ئى-
لىمگە بولغان چوڭقۇر ئىشتىياقى، ئۆز مىللىتىنىڭ ئۆزگىچە
تۇرمۇشى ۋە مەدەنىيىتىگە بولغان ئوتلۇق مۇھەببىتى بىزنىڭ
ئۆرنەك قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

---

ئاپتور: شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتىدا

www.uyghurkitap.com



زۇلپىقار بارات ئۆزباش

# مەدەنىيلىشىش قىلىقى: بۇرالغان مەدەنىيەت ۋە شەكلى زامانىۋىلىق

ـــ مەدەنىيەت جەمئىيەتشۇناسلىقى نۇقتىسىدىن ئۇيغۇرلاردىكى شەكلى زامانىۋىلىق ۋە ئۇنىڭ ئىپادىلىرى، ئاقىۋەتلىرى ئۈستىدە ئويلىنىش

ـــ قايتا ئويلىنىشقا جۈرئەت قىلغان، قايتا ئويلىنىشقا ماھىر بولغان مىللەتنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى تونۇش ئىقتىدارى يۇقىرى بولىدۇ. ئۇ مىللەت يېڭىلىق يارىتىشقا غەيرەت ۋە پۇرسەت تاپالايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆز تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە شەرت ـ شارائىت يارىتالايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا، ئۇ مىللەت ئاسانلا ئۆزىگە ئۆزى مەپتۇن بولۇپ، باشقا مىللەتلەردىن كېيىن قالىدۇ.

**ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر** («ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ۋە مىللەت تەرەققىياتى»دىن [1]

ـــ كونىنى ۋەيران قىلماي تۇرۇپ يېڭىلىقنى قۇچاقلا!

نوبېل ئەدەبىياتى مۇكاپاتى ساھىبى **ھېرمان ھېسسې** («دېمىئان» ناملىق ئەسىرىدىن) [2]

**مۇقەددىمە: «مەدەنىيلىشىش»، «زامانىۋىلىشىش» مۇساپىمىزدىن بىر كۆرۈنۈش**

**ئەسلىمەدە بەش ئۇسسۇلنىڭ تارىخى (راست ئىشلار خاتىرىسى)**

پەگادا تولغىنىپ، بەللىرىنى، بىلەكلىرىنى لەرزان تەۋرىتىپ پىلى ئۇسسۇلى ئويناۋاتقان ئوغۇل ساۋاقداشىمغا قاراپلا قالدىم. ساۋاقداشلار يىغىلىشقا كەلگەن باشقا قىز ـ ئوغۇللارمۇ يېڭى پەيدا بولغان بۇ ئۇسسۇلغا ۋە ئۇنى ئويناۋاتقان ساۋاقداشىمغا ھەۋەس، زوقمەنلىك ئىچىدە قاراپ قالغانىدى. پىلى ئۇسسۇلى ئويناۋاتقان ساۋاقداشىم ئۇنىئالغۇدا قويۇلۇۋاتقان شوخ چەت ئەل مۇزىكىسى ئەۋجىگە چىققانسېرى شۇنچە جانلىناتتى. «ئەجەب ياخشى ئوينايدىكىنە؟ قاچانلاردا بۇنچە ئۇستا بولۇپ كەتكەندۇ؟» دەپ ئويلايتتىم ئىچىمدە. ئۇنىڭغا بولغان قايىللىقى ۋە زوقمەنلىكى قىز ساۋاقداشلىرىمنىڭ كۆزىدىنمۇ مەلۇم بولۇپ تۇراتتى. دەرس ۋاقتىدىكى ئىپادىسى ئادەتتىكىچە بولغان بۇ ساۋاقداشىمنىڭ قاچانلاردا ئەۋرىشىملىك ۋە ماھارەت تەلەپ قىلىدىغان بۇ ئۇسسۇلنى ئويناشقا شۇنچە ئۇستا بولۇپ كەتكىنىگە ھەيران ئىدىم. «قاچانلاردا شۇنداق ئوينايلايدىغان بولارمەن؟» دەپمۇ ئويلىدىم.

ساۋاقداشلار يىغىلىشىدىن كۆڭلۈم يېرىم بولغان ھالدا قايتتىم. چۈنكى، مەن پىلى ئۇسسۇلىنى ئوينايالمايتتىم. ئوينايالمايتتىملا ئەمەس، ئۇنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتاتتىم. بەل، پۇت، قول، بىلەكنى ئەۋرىشىم تۇتۇپ ئوينايدىغان بۇ ئۇس-

## زامان ۋە زامانىۋىلىق

سۇلغا بولغان ھەيرانلىقىم بىسقماي تۇرغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۈرۈمچىدىن ئۆيىمىزگە بىر تۇغقىنىمىز مېھمان بولۇپ كەلدى. بىر كۈنى كەچتە تۇغقىنىمىزنىڭ ئوغلى بۇ ئۇسسۇلنى ئۆيىمىزدە يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئويناپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن پىلى ئۇسسۇلىغا بولغان ھەيرانلىقىم يەنە بىر قېتىم قوزغالدى. ئەسلىي بىلسەم، بۇ ئۇسسۇل يۇرتۇم ئۈچتۇرپانغا ئۈرۈمچىدىن تارقالغانىكەن. مەھەللىمىزدە تېلېۋىزورنىڭ يېڭىدىن پەيدا بولۇۋاتقىنىغا قارىماي پىلى ئۇسسۇلى شۇنچە تېز تارقالغانىدى. مەن ھېلىھەم تاراتقۇ ۋە ئالاقە ۋاستىلىرى ھېچقانچە تەرەققىي قىلمىغان شۇ يىللاردا بۇ غەرب ئۇسسۇلىنىڭ چېگرادىكى خىلۋەت ماكان ئۈچتۇرپان ناھىيەسىدە قانداقلارچە بۇنچە تېز ھەم كەڭ دائىرىلىك ئومۇملاشقىنىغا ھازىرمۇ ھەيرانمەن. خالاتالاشمىسام، بۇ 1988 - يىلىنىڭ ياز ئايلىرى بولۇپ، مېنىڭ تولۇقسىز 3 - يىللىقتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىم ئىدى. مەن شۇ چاغدا 13 ياشقا كىرگەنىدىم.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي پىلى ئۇسسۇلىنىڭ ئورنىغا «جېيمى ئۇسسۇلى» دەيدىغان يەنە بىر چەت ئەل ئۇسسۇلى مودا بولدى. بۇ ئۇسسۇلنىڭ مۇزىكىلىرى ئۈچتۇرپان ناھىيەسىنىڭ مەركىزىدىكى ئاشخانىلارنىڭ ئۈنئالغۇلىرىدا ياڭراپ تۇراتتى. ئۆيۈمدىن ئۈچتۇرپان ناھىيەلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە ماڭغىچە بولغان ئارىلىقتا بۇ ئۇسسۇلنىڭ كۆرۈنۈشىنى سىنئالغۇلاردىن پات - پات كۆرۈپ قالاتتىم. «ئادامى دىسكو» دېگەن مىسرالىرىنى چۈشەنمىسەممۇ پات - پات غىڭشىپ قوياتتۇق. ئولتۇرۇشلار بولغاندا شوقراق ساۋاقداشلىرىم ئۈنئالغۇلارنى سورۇنلارغا كۆتۈرۈپ باراتتى. 1992 - يىلى كۈزدە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا قوبۇل قىلىنغىنىمدىن كېيىن ئۈرۈمچى خەلق مەيدانىغا بىر نەچچە قېتىم رەسىمگە چۈشكىلى باردۇق. مەن شۇ چاغدىمۇ ئۈرۈمچى ياشلىرىنىڭ توپ - توپ بولۇپ «جېيمى ئۇسسۇلى» ئويناش ئۈچۈن خەلق مەيدانىغا ئېقىۋاتقانلىقىنى ياكى شۇ يەردە شوخ مۇزىكىغا كەلتۈرۈپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدىم. «جېيمى ئۇسسۇلى»مۇ مېنى ئوخشاشلا ھەيران قالدۇردى.

مېنى ئوينىيالمىغىنىم ئۈچۈن ھەسرەتلەندۇرگەن ئۈچىنچى ئۇسسۇل 1940 - يىللاردىن ھازىرغىچە زامانىۋىلىققا ئىنتىلىدىغان ياشلار ئارىسىدا مودا بولۇپ كېلىۋاتقان تانسا بولدى. ئۇ 1992 - يىلىنىڭ ئۆكتەبىر ئېيى ئىدى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ھەربىي مەشىقنى تۈگىتىپ بىر ئاي بولغاندا جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتىنىڭ يۇقىرى يىللىق ئوقۇغۇچىلىرى يېڭى ئوقۇغۇچىلارنى كۈتۈۋالدى. چىراغلىرى غۇۋا يورۇپ تۇرغان تانسا زالىدا فاكۇلتېتىمىز ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بىلەن چىرايلىق بىر قىز ۋالسقا شۇنچە كېلىشتۈرۈپ پىرقىرىدىكى، مەن يەنە بىر قېتىم قاتتىق مەيۈسلىنىپ كەتتىم. چۈنكى، مەن تانسا بىلمەيتتىم. بۇ تانسا ئويناشقا خۇشتارلىقىمدىن ئەمەس ئىدى، بەلكى ئۆزۈمنى مەتۇدەك، كالامپايدەك ھېس قىلىپ ئازابلانغانىدىم. ھېلىمۇ ئېنىق ئېسىمدە، دەرس باشلىنىپ ئىككى ھەپتە ئۆتكەندە مايكول جېكسوننىڭ گېپى چىققاندا، «كىم ئۇ مايكول جېكسون دېگەن؟» دەپ سوراپ مازاققا قالدىم. قىزلار تانسا بىلمىگەن ئوغۇللارنى ئانچە يارىتىپ كەتمەيتتى. شۇڭلاشقىمۇ سىنىپىمىزدىكى تانسىغا ئۇستا بىر ئوغۇل ساۋاقدىشىمغا يالۋۇرۇپ يۈرۈپ تانسا ئويناشنى ئۆگەندىم. ئەمما زامانىۋىلىقنى مەخسۇس تەتقىق قىلىدىغان جەمئىيەتشۇناسلىق كەسپىدە ئامېرىكىدا ئوقۇغىنىمدىن كېيىن شۇنى ھېس قىلدىمكى، تانسا ئويناشنىڭ، جېكسوننىڭ كىملىكىنى بىلىش - بىلمەسلىكىمنىڭ مەدەنىيلىك، زامانىۋىلىق بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوقكەن.

ئۇيغۇرلار تېز سۈرئەتتە قوبۇل قىلىپ شاللىغان ھەم مېنىڭ ئېسىمدىن چىقمايدىغان تۆتىنچى ئۇسسۇل «توشقان ئۇسسۇلى» بولدى. بۇ ئۇسسۇل شەھەر ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا 21 - ئەسىر ھارپىسىنىڭ ئالدى - كەينىدە پەيدا بولدى. ئۇسسۇلدا بىر توپ ئادەم ياش، جىنس سۈرۈشتۈرمەي بىر - بىرىگە ئېسىلىپ توشقاننى دوراپ ئوينايتتى. مۇزىكا ئەۋجىگە چىققاندا «ماڭ! ماڭ!» دېگەن بۇيرۇق بىلەن ئويناۋاتقانلار تاقلاشقا باشلايتتى. بارا - بارا سەپ يوغىناپ قىز - يىگىت، چوڭ - كىچىك دېمەي ھەممە ئادەم تەڭ پىرقىرايتتى. ئۇسسۇل تەخمىنەن بىر - ئىككى يىلدەك مودا بولۇپ يوقاپ كەتتى.

«گاڭنام» ئۇسسۇلى» 2013 - يىلى ئامېرىكىدا دوكتورلۇق ئوقۇشۇمنى تۈگىتىپ ۋەتەنگە قايتىپ كەلگىنىمدىن كېيىن مېنى ھەيران قالدۇرغان يەنە بىر ئۇسسۇل بولدى. ئامېرىكىدا تۇرغان چېغىمدا بۇ ئۇسسۇلنىڭ مۇزىكىسىنى ئاڭلىغان بولساممۇ بىرەر ئادەمنىڭ بۇ ئۇسسۇلنى نەق مەيداندا ئوينىغىنىنى كۆرمىگەنىكەنمەن. بۇ ئۇسسۇل ئۈرۈمچىدە نەچچە قېتىم سۈننەت تويلىرىدا بالىلار تەرىپىدىن ئوينالدى، بۇ ئۇسسۇل ئوينالغان چاغدىكى جۇشقۇن كەيپىيات مېنى ھەيران قالدۇراتتى.

ئارىدا ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا، تاللا بازارلىرىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ئويۇنچۇق

www.uyghurkitap.com

ماشىنىلاردا «گاڭنام ئۇسسۇلى»نىڭ ئوينىلىۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىنىڭ بۇ ئۇسسۇل مۇزىكىسىغا كەلتۈرۈپ بەدەنلىرىنى لىڭشىتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇزاق ئۆتمەي بۇ ئۇسسۇلنىڭ بەش خىل ۋارىيانتىنىڭ ئۇيغۇرلاردا تارقىلىشقا ئۈلگۈرگەنلىكىنى بايقىدىم. ئاشۇ ۋارىيانتلار ئىچىدە «تۇرپانچە گاڭنام ئۇسسۇلى» ئالاھىدە دىققەتنى تارتىدۇ. تۇرپانلىق ئەما ناخشىچى ئىبراھىم قۇربان ئۆزلەشتۈرۈپ ئىشلىگەن «تۇرپانچە گاڭنام ئۇسسۇلى»دا بوۋاي - موماي، چوڭ - كىچىك ھەممە ئادەم ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ، كەيپىيات شۇنچىلىك جۇشقۇن. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «گاڭنام ئۇسسۇلى»نىڭ غۇلجىچە ۋە باشقىچە ۋارىيانتلىرىنىمۇ كۆرۈشكە ئۈلگۈردۈم. «گاڭنام ئۇسسۇلى»غا بولغان بۇنداق كۈچلۈك قىزغىنلىقنى مەن ئامېرىكىدا تۇرغان چېغىمدىمۇ كۆرمىگەنىدىم.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان، بىزگە تاراتقۇلارنىڭ ۋاسىتىسىدە چەت ئەلدىن كىرگەن «بەش ئۇسسۇل» ئۇيغۇرلارنىڭ 1980 - يىللاردىن كېيىنكى مەدەنىيلىشىش مۇساپىسىدە پەيدا بولغان شەكلى ئويغىنىش، دورالغان مەدەنىيەت ۋە شەكلى زامانىۋىلىق ھادىسىسىنى سۈرەتلەپ بېرىدىغان تىپىك بىر مىسال. گەرچە بۇ 1980 - يىللاردىن كېيىنكى جەمئىيەت تارىخىمىزدىكى ئومۇمىيلىققا ئىگە ھادىسە بولالمىسىمۇ ھەم ھەممە ئۇيغۇر بۇ ئۇسسۇللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان بولسىمۇ، ئەمما يېڭىلىققا قارىقۇيۇق ئىنتىلىدىغان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھازىرغىچە زامانىۋىلىق ۋە مەدەنىيلىكنى شەكىل جەھەتتىن، ھادىسىۋى نۇقتىدىن چۈشىنىپ كېلىۋاتقانلىقى ۋە شۇنىڭ نەتىجىسىدە بىر قاتار كۆپۈك رېئاللىق كارتىنىلىرىنىڭ جەمئىيىتىمىزدە پەيدا بولۇشقا ئۈلگۈرگەنلىكى ئايان بىر پاكىت. يەنە شۇنىڭدەك زامانىۋىلىشىش، مەدەنىيلىشىش مۇساپىسى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىمىزغا خۇشياقىدىغان تەپەككۇر شەكلى ۋە ئاۋام پسىخولوگىيەسىنىڭ تامغىسى بېسىلغان بولغاچقا، مەدەنىيەت تارىخىمىزدا ئەقلىي ئويغىنىش ئەمەس، شەكلى ئويغىنىش بارلىققا كېلىپ، زامانىۋىلىق ھەققىدىكى چۈشەنچىمىز ھېسسىي باسقۇچتا، مەدەنىيلىشىش تىرىشچانلىقىمىز ھادىسىۋى بىر نۇقتىدا تۇرۇپ قېلىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك، يۈرۈش - تۇرۇش، ناخشا - ئۇسسۇل جەھەتتە باشقىلارنى دوراش — شەكلى زامانىۋىلىقنىڭ ۋە دورالغان مەدەنىيەتكە بولغان خۇشتارلىقنىڭ بىر خىل ئىپادىسى. ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ھەقىقىي زامانىۋىلىققا باراۋەر ئەمەس. ھەقىقىي زامانىۋىلىقنىڭ مەزمۇن قاتلىمى كۆپ تەرەپلىمىلىك ۋە چوڭقۇر بولىدۇ ھەم بىزدىن ئەقلىي ئويغىنىش، ئىلىم - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنى ۋە مەدەنىيلىشىش جەريانىدا باسقان قەدەملىرىمىز توغرۇلۇق قايتىدىن ئويلىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ۋەھالەنكى، كۈنىمىزدە زامانىۋىلىق، مەدەنىيەت قېلىپى ئاستىدا شەكلى زامانىۋىلىق تەشەببۇسى تەرغىب قىلىنماقتا. بۇ تەشەببۇسلاردا ئەقلىي ئويلىنىش كەمچىل. ئويلىنىش، ئەقلىيلىك ئاساسىدا كۆرسىتىلمىگەن ھەرقانداق زامانىۋىلىشىش تىرىشچانلىقى ئەمەلىيەتتە بىزنى مەدەنىيلىشىش ساراڭلىقىغا مۇپتىلا قىلىپ ئىلگىرىلەش يولىمىزدىن ئازدۇرىدۇ.

شۇ ۋەجىدىن «ھەقىقىي زامانىۋىلىق دېگەن نېمە؟» دېگەن يادرولۇق سوئالنى چۆرىدىگەن ھالدا جەمئىيىتىمىزدە كۆرۈلۈۋاتقان شەكلى زامانىۋىلىق ۋە دورالغان مەدەنىيەت ھادىسىسى ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش ئارتۇقچە ئىش ئەمەس. بۇ ماقالىمىز مۇشۇ ئىجتىمائىي ھادىسە ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزىدۇ ۋە كونكرېت يوسۇندا تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىشكە تىرىشىدۇ.

نېمىشقا كىشىلىرىمىز زامانىۋىلىقنى شەكىل جەھەتتىن چۈشىنىدۇ؟ شەكلى زامانىۋىلىقنى ۋە كۆپۈك رېئاللىقنى قانداق ئىجتىمائىي ئامىللار كەلتۈرۈپ چىقارغان؟ ھەقىقىي زامانىۋىلىق قانداق بولىدۇ؟ زامانىۋى جەمئىيەتنىڭ بىز كۈتكەن، كۈتمىگەن ئاقىۋەتلىرى قايسىلار؟

يۇقىرىقى سوئاللارغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن بىز جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى «ياندىن كۆزىتىش»، «زىيارەت قىلىش»، «ھايات كەچمىشى» قاتارلىق مېتودلاردىن پايدىلىنىمىز ۋە مۇناسىۋەتلىك دەلىل - پاكىت، مىساللار ئاساسىدا تۆۋەندىكى بەش نۇقتىئىنەزەرنى ئىسپاتلاشقا تىرىشىمىز.

بىرىنچى، دورالغان مەدەنىيەت زامانىۋى مەدەنىيەت ئەمەس. ئۇيغۇرلاردا دورالغان مەدەنىيەت كۆپۈك، ھەجۋىي رېئاللىق پەيدا قىلىۋاتىدۇ.

ئىككىنچى، مەدەنىيلىشىشكە، زامانىۋىلىشىشقا شۇنچە ئىنتىلىمىز. ئەمما تىرىشچانلىقىمىز ئەقلىي تۈس ئالمىغىنى ئۈچۈن بىمەنە بىر رېئاللىق پەيدا بولۇۋاتىدۇ. ئۆزىگە خاس بەلگىلىرىنى، سىمۋوللىرىنى، ئەنئەنىنى ۋەيران قىلىش بەدىلىگە زامانىۋىلاشماقچى بولغان مىللەت مەدەنىيلىشىش قاپقىنىغا چۈشۈۋاتقان بولىدۇ.

ئۈچىنچى، ئېكرانلىشىۋاتقان پۇچەكلىك، شەكلى زامانىۋىلىق ۋە دورالغان مەدەنىيەت ئۆلۈك تاناسىپلىق مۇناسىۋەتكە

ئىگە. مەدەنىيلىشش سارائلىقنىڭ جەمئىيەتلىششىدە ئېكران ۋە تاراتقۇلار زەربىدارلىق رولىنى ئويناۋاتىدۇ.

تۆتىنچى، زامانئۇيلۇق ئەقلىي بولۇشنى ۋە زامانئۇيلىشىش مۇساپىسىدە كۆرۈلگەن مەسىلىلەرگە ئەقلىي مۇئامىلە قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەقىقىي زامانئۇيلۇق دۇنيا بىلەن ئۆزىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئەقلىي رەۋىشتە تونۇغاندىلا ۋە قەلب ھۆر بولغاندىلا يۈز بېرىدۇ. ھەقىقىي مەدەنىيلىك ۋە ھەقىقىي زامانئۇيلۇق بىزدىن قايتىدىن ئويلىنىش ۋە ئۆز - ئۆزىمىزنى تەنقىد قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

**مەسىلىنىڭ ئىپادىلىرى: دور الغان مەدەنىيەت ۋە شەكلى زامانئۇيلۇق**

**«زامانئۇيلىشىش»، «مەدەنىيلىشىش» مۇساپىمىزدىن بىر كۆرۈنۈش**

**ئۆز ئەنئەنىسىنى مەسخىرە قىلىشۋاتقان ئۇيغۇرلار**

«مېھمان» ناملىق ئېتۇتىنىڭ 2 - قىسمى. بىر قاتار كۆرۈنۈشلەردىن كېيىن باش رولچى غەرق مەست ھالەتتە ئاۋۋال تاھارەت ئالىدۇ؛ تاھارەت ئالغاچ مەزى - مەزى قىلىشنى ئۇنتۇمايدۇ. ئاندىن يەنە بىر ئەرنىڭ قولىنى بويندىن ئارتىلدۇرۇپ تانسا ئويناشقا تۇتۇنىدۇ. ئارىدا «تانسا ئوينىمىسىلا نېمىگە كەلگەن خېنىم» دېيىشنىمۇ ئۇنتۇمايدۇ. تاماشىبىنلار ئارىسىدا قىيقاس - چۇقان كۆتۈرۈلىدۇ.

«ساۋۇر بوتكىنىڭ ئۆلۈمى» ناملىق ئېتۇت. باش قەھرىمان ساۋۇر بوتكىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن غەرق مەست ھالەتتە ئامىن دېيىشنى ئۇنتۇمايدۇ ۋە يېنىدىكى سەپدىشىگە «تاھارەت ئېلىشنى ئۇنتۇمايلى جۇمۇ» دەيدۇ.

**«ساماۋەر شورپىخانىسى»غا ئايلانغان ئۇيغۇر چايخانىسى**

2013 - يىلى دېكابىر. ئۈرۈمچى ئىتتىپاق كوچىسىغا جايلاشقان X چايخانىسىنىڭ تاقىلىپ ئورنىغا «ساماۋەر شورپىخانىسى» ئېچىلغانلىقىنى ئاڭلاپ زىيارەتكە كەلدىم. مىللىي ئۇسلۇبتا بېزەلگەن ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تەشۋىق قىلىشتا ئاكتىپ رول ئويناپ كېلىۋاتقان X چايخانىسىنىڭ ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە «ساماۋەر شورپىخانىسى»غا ئۆزگەرتىلىشى مېنى ھەيران قالدۇرغانىدى. زىيارەتتىن كېيىن شۇنىسى مەلۇم بولدىكى، ئەسلىي ھازىر خېلى بىر تۈركۈم كىشىلەردە مىللىي تائاملارغا ئەمەس، ساماۋەر شورپىخانىسى قاتارلىق تاماقلارغا بەكرەك ئېھتىياج كۈچلۈك ئىكەن.

**«ناۋا» قىزغىنلىقى ۋە «چولپان»لىق ئىشتىياقى**

2013 - يىلى كەچ كۈز مەزگىلى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ناۋا پىروگراممىسىنىڭ 29 - سانى. ھەپتىدە بىر قېتىم قويۇلىدىغان، نۇرغۇن ئۇيغۇر جۈمە كۈنى كەچتە تەقەززالىق بىلەن كۈتىدىغان «ناۋا» پىروگراممىسى تەنقىدىي كۆزەتكەندە كىشىگە گويا ھەممە ئۇيغۇر ئۆسمۈر «چولپان» بولۇشقا قىزىقىدىغاندەك، ھەممە ئىشتىراكچى «ناۋا» پىروگراممىسىغا چىقىشنى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ بىر بەلگىسى دەپ قارايدىغاندەك تەسىرات بېرىدۇ.

«ناۋا» پىروگراممىسىنىڭ 29 - ساندا غۇلجىلىق بىر ھەۋەسكار ناخشىچى سەھنىدە ئېيتقان ناخشىسىنى يېقىندا تۈگەپ كەتكەن ئانىسىغا بېغىشلايدىغانلىقىنى ئېيتتى. قەشقەرلىك بىر ئايال ئېرىنىڭ توسۇشىغا قارىماي مەخپىي رېپېتىس قىلىپ بۇ پىروگراممىغا قاتناشقانلىقىنى ئېيتقاندا تاماشىبىنلار ئارىسىدا كۈلكە كۆتۈرۈلدى، يەنە بىر قىز كېسەل ياتقان ئانىسىغا ناخشىسى ئارقىلىق سالامەتلىك تىلىدى.

«ناۋا» پىروگراممىسىغا بولغان قىزىقىشنىڭ بۇ دەرىجىدە كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنى زىيارەت قىلدىم. ھەر بىر قېتىملىق «ناۋا» پىروگراممىسىغا قاتنىشىش ھەققى ئۇنچە ئەرزان ئەمەس ئىكەن. مۇزىكا ئىشلىتىش، ئاككوردلاشتۇرۇش، رېپېتىس قىلىش، كېرەكلىك كىيىملەرنى تىككۈزۈش ئۈچۈن ھەر بىر قاتناشقۇچى كەم دېگەندە 15 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىدىكەن. كېتىدىغان خىراجەتنىڭ شۇنچە كۆپ بولۇشىغا قارىماي بۇ پىروگراممىغا قاتنىشىدىغانلارنىڭ سانى ئۈزۈلمەيدىكەن.

**تۈركىيە بېلىقى ۋە باشقىلار**

2013 - يىلى 6 - ئاي تۇغقان يوقلاش، لېكسىيە سۆزلەش مۇناسىۋىتى بىلەن كۇچا شەھىرىدە تۇرغان كۈنلىرىمنىڭ بىرىدە بىر باغقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان زىياپەتكە قاتنىشىپ قالدىم. زىياپەت ئۈستىدە تۈركىيە بېلىقىغا ئائىت ئاددىيغىنا بىر ۋەقە دىققىتىمنى تارتتى. كۈتكۈچى قىز داستىخانغا «تۈركىيە بېلىقى» دەپ ئات قويۇلغان بىر تاماقنى قويدى. تاۋاقتا زىققا تۇتكۈزۈلگەن بېلىق ئەتراپىغا ساماساق ۋە باشقا كۆكتاتلار سەنئەتلىك تىزىلغانىدى.

— ئېتى نېمە بۇ تاماقلارنىڭ؟

— تۈركىيە بېلىقى، — دېدى كۈتكۈچى قىز.

ئولتۇرغانلار ئوخشاشلا ھەيران قالدۇق. چۈنكى، شۇنچە

www.uyghurkitap.com

يىراقتىكى تۈركىيەدىن بېلىقنى بۇ تومۇزدا يۆتكەپ ئەكىلىش مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئىدى.

— نېمىسى تۈركىيە بېلىقى بۇنىڭ؟ كۆلدە بېقىلغان بېلىقلىقى چىقىپ تۇرامدۇ؟ — دېدى داستىخان ئۈستىدە ئولتۇرغان قېرىنداشىمىز.

— مەنمۇ بىلمەيمەن، — دېدى قىز ئەستايىدىل قىياپەتتە، — هازىر كىشىلەردە تۈركىيەنىڭ نەرسىلىرىگە قىزىقىش كۈچلۈك. غوجايىنىمىز خېرىدارلارغا شۇنداق تونۇشتۇرۇڭلار دەپ تاپىلىغانىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۈرۈمچىدە تۈركىيە قىزغىنلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بىر قانچە تۇرمۇش كارتىنىسىغا شاھىد بولدۇم. ھەتتا بۇ خىل قىزىقىشنىڭ دائىرىسى تۈركلەرنىڭ كىيىم-كېچەكنى دوراشتىن تارتىپ چاي ئىچىشنى دوراشقىچە كېڭىيىپتۇ. نۇرغۇن ئۇيغۇر قىزلىرى تۈرك يىگىتلىرىگە ياتلىق بولۇشنى شەرەپ دەپ بىلىدىكەن، ئۈرۈمچىدىكى مەلۇم يېمەك-ئىچمەك مەركىزىنىڭ بىرمۇ قەۋەتتى ئۇيغۇرلارغا خاس ئۇسۇلدا بېزەلمىگەن، ئاساسلىق خېرىدارلىرى ئۇيغۇر بولسىمۇ قورۇما تىزىملىكىگە ئۇيغۇرچە خەت يېزىلمىغان. يەنە كېلىپ يىللاردىن بېرى مىللىي تائام ۋە مىللىي مەدەنىيەتنى تونۇشتۇرۇشتا كۆۋرۈكلۈك رول ئويناۋاتقان بىر قىسىم چايخانىلىرىمىز مىللىي ئۇسلۇبتا بېزەلگەن بېزەكلىرىنى ئۆزگەرتىپ ساماۋەر شورپىخانىسىغا ئۆزگىرىپتۇ.

**كىيىم-كېچەككە باغلانغان زامانىۋىلىق چۈشەنچىسى**

... مېھمانلار ئولتۇرۇپ بولا-بولماستىنلا يەنە بىر ئايال كىرىپ كەلدى. ئەلى بۇ ئايالنى تونۇغاندەك قىلسىمۇ، قايسى يىللاردا ئوقۇۋغانلىقىنى ئېسىگە ئالالمىدى. ئايالنىڭ بېشىدا زەر باسقان چەت ئەل ياغلىقى، ئۈستىدە چەت ئەلنىڭ زەرلىك رەختلىرىدىن تىكىلگەن، ۋاللىداپ تۇرىدىغان كۆڭلەك، پۇتىدا ئىنچىكە پاشنىلىق چەت ئەل تۇپلىيى، قارا تومۇرلۇق نېپىز يىپەك پايپاق، بوينىدا ئاجايىپ مارجانلار تۇراتتى. ئاياللار دالان ئۆيگە يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ «ۋىيەي تۇرنسا» دېگىنىچە ئۇنىڭ كىيىملىرىنى كۆرگەزمە قىلىشقا باشلىدى:

— ماۋۇ قەيەرنىڭ مارجىنى، دوستۇم؟

— ھەرەمنىڭ.

— ماۋۇ ياغلىقچۇ؟

— سايۇزنىڭ.

— كۆڭلىكىنىڭ رەختى ئېسىلكىنا؟

— پاكىستاننىڭ.

— ئايىغىچۇ، ئايىغىنى كۆرمەيسىلەر بۇ خېنىمنىڭ...

— شياڭگاڭنىڭ.

ھەتتا قايسىبىرى ئۇنىڭ كۆڭلىكىنى قايرىپ ئىچىدىكى رۇباشكىسىنىمۇ كۆرۈپ باقتى.

— ئاۋستىرالىيەنىڭ، — دەپ ئېلان قىلدى ئۇ تەنتەنە بىلەن.

بۇ ئايال ئەتەي ئۈستەللەرنى پىرقىراپ ئۆتۈپ، مۇھەررىرنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئۈستىدىكى كىيىملەرنىڭ ياراشقان-ياراشمىغانلىقى توغرىسىدا بىر نەرسە دېگىلى بولمىسىمۇ، ئۇ هازىر ئاتاپ ئۆتكەن رايون، مەملىكەتلەرنىڭ ئىسمىلىرىلا بىر سەلتەنەت پەيدا قىلاتتى.

— مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «ساۋاقداشلار» ناملىق پوۋېستىدىن [3]

## تەھلىل ۋە مۇھاكىمە: شەكلى زامانىۋىلىق ۋە ئېكرانلىشىۋاتقان پۇچەكلىك

ئۇيغۇرلار تەرەققىياتقا، ئىلگىرىلەشكە ۋە يېڭىلىققا ئىنتىلىدىغان مەدەنىي مىللەت، ئەگەر مەدەنىيەتلىك مىللەت بولمىغىنىدا ئىدى، ئەسىرلەردىن بۇيان ئۆزلۈكسىز داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بوران-چاپقۇنلاردا ئاللىقاچان تارىخ سەھنىسىدىن قالغان، مىللىي كىملىكىنى ساقلاپ قالالمىغان ۋە باشقا مىللەتلەر بىلەن ئارىلىشىپ ياشاش داۋامىدا ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتكەن بولار ئىدى. ئۇزاق ۋاقىتلاردىن بۇيان ئۇيغۇرلارنىڭ روھىدا ۋە كوللېكتىپ ئېڭىدا چۆكمە بولۇپ قالغان ئىممۇنىتېتلىق تەركىبلەر ھەم ئىندىۋىدۇئاللىق بىلەن خاراكتېرلەنگەن مەدەنىيەت كودى ئۇلارنى ئۆز كىملىكىنى، ئۆزىگە خاس سىمۋوللىرىنى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ساقلاش، بېيىتىش، ئىسلاھ قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتۈرۈپ كەلگەنىدى. ئۇيغۇرلار يېڭىلىققا ئىنتىلىش ياكى باشقىلارنىڭ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىش بىلەن بولۇپ كېتىپ ئۆز خاسلىقىنى، ئۆز سىمۋوللىرىنى قۇربان قىلغان ياكى تاشلىۋەتكەن ئەمەس. ئۇيغۇرلار 13-ئەسىردىكى موڭغۇل ئىستىلاسى ۋە 18-، 19-ئەسىردىكى مانجۇلار ھۆكۈمرانلىقىدىن كېيىنمۇ ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت كىملىكىنى ساقلاپ قالالىغانىدى. 1910-يىللاردا قەشقەر قاتارلىق ئالتە شەھەردە زىيارەت ۋە تەكشۈرۈشتە بولغان نۇشرىۋان يا-

ئۇشىڭنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەتتىكى ئىممۇنىتېت كۈچىنىڭ يۇقىرىلىقىنى تەكىتلەپ يازغان مۇنۇ قۇرلىرى يۇقىرىقى گېپىمىزنى دەلىللەيدۇ: «چىنىي تۈركىستان تۈركلىرىگە رەھمەت ئېيتمىسام بولمايدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ تىل، ئۆرپ-ئادىتىگە زوقلىنىدىكەن، دورامچى ئەمەسكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلاردا تۈركىي تىل ۋە تۈرك ئۆرپ-ئادەتلىرى تولىمۇ ياخشى ساقلىنىپتۇ [4].

نۇشىرۋان يائۇشىڭنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت خاسلىقىنى ساقلاشتىكى ئارتۇقچىلىقىغا ئىجابىي باھا بەرگىنىگە ئاز كەم يۈز يىل بولدى. ئۇنداقتا زامانىۋىلىشىش، شەھەرلىشىش مۇساپىسىنىڭ تېزلىشىشىدىكى بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولغان 1980-يىللاردىن كېيىن ئىشلار قانداق بولۇۋاتىدۇ؟ مەدەنىيلىشىشكە شۇنچە ئىنتىلىدىغان چاغداش ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا نۇشىرۋان يائۇشىڭنىڭ ئىجابىي باھاسى ئىزچىللاشتىمۇ يوق؟

يۇقىرىدا مىسالغا ئېلىنغان بىر قاتار كۆرۈنۈشلەردىن شۇنىسى مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇكى، ئەمەلىيەت دەل ئەكسىچە. 1980-يىللاردىن بېرى بىر تۈركۈم كىشىلەر ئارىسىدا مەدەنىيلىشىش ساراڭلىقى باش كۆتۈرۈپ، كۆپۈك بىر خىل رېئاللىق كۆز ئالدىمىزدا پەيدا بولۇۋاتىدۇ. شەھەرنى مەركەز قىلغان خېلى بىر قىسىم جايلىرىمىزدا قارىغۇلارچە باشقىلارنىڭ مەدەنىيىتىنى دوراش، ئۆزىنىڭكىنى ياراتماسلىق ياكى قۇربان قىلىش بەدىلىگە باشقىلارنىڭكىنى قارىغۇيۇق قوبۇل قىلىش، زامانىۋىلىشىشنى شەكلى، ھادىسىۋى نۇقتىدىن چۈشىنىش، مەدەنىيلىشىشنىڭ ئىچكى مەزمۇنلىرى ۋە ئەقلىي تەركىبلىرىگە سەل قاراش، مەدەنىيلىشىمىز دەپ ئەنئەنىنى قۇربان قىلىش مايىللىقى ئومۇملاشماقتا. بۇ گەپنى دەلىللەش ئۈچۈن يەنە تۆۋەندىكى پاكىتقىمۇ قاراپ ئۆتەيلى:

## «زامانىۋىلىشىش»، «مەدەنىيلىشىش» مۇساپىمىزدىن بىر كۆرۈنۈش

2013-يىلى نويابىر، ئۈرۈمچى. شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىدا ئۆتكۈزۈلگەن مەلۇم بىر دېكلاماتسىيە كېچىلىكىدە «نەپرەت» ناملىق ناخشا ئورۇنلاندى. مەن جەمئىيەت تەكشۈرۈش مەقسىتىدە بۇ كېچىلىككە قاتنىشىپ ئەھۋالنى ياندىن كۆزەتتىم.

ناخشىغا ئۇسسۇل كىرىشتۈرۈلگەن بولۇپ، يېرىم-يالىڭاچ كىينگەن بىر ئۇيغۇر قىز ئاۋۋال ئۆزىگە ماسلىشىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان يىگىت بىلەن ئىرماش-چىرماش بولدى، ئاندىن توساتتىن ئارقىدىن كېلىپ يىگىتنى چىڭگىدە قۇچاقلىدى. تاماشىبىنلار گۈلدۈراس ئالقىش ياڭراتتى. قىزنىڭ ئوغۇلغا ئېسىلىپ ئۇزاققىچە تۇرۇشى ۋە يىگىتنىڭ قىزنىڭ ئۇياتلىق يەرلىرىنى مۇرىسىگە تەگكۈزۈپ چىڭگىدە چاپلىشىپ ئۇسسۇل ئوينىشى بىلەن «نەپرەت» ناملىق ناخشىنىڭ مەزمۇنى ھېچقانداق باغلىنىشلىقى يوقتەك قىلاتتى.

يۇقىرىقى كۆرۈنۈشمۇ ئۇيغۇرلاردا يېڭىچە رېئاللىق سۈپىتىدە باش كۆتۈرۈۋاتقان دورالغان مەدەنىيەت ۋە ئېكرانلىشىۋاتقان پۈچەكلىك ھادىسىسىنىڭ بىر ئىپادىسى. ئۇنىڭدىن باشقا ماقالىنىڭ باش قىسمىدا تىلغا ئېلىنغان «بەش ئۇسسۇل»نىڭ ئۇيغۇرلاردا تېز سۈرئەتتە تارقىلىشى ۋە ئومۇملىشىشى، 1980-يىللاردا سوۋېتنىڭ ۋە شياڭگاڭنىڭ، 1990-يىللارنىڭ ئاخىرى ۋە 2000-يىللارنىڭ بېشىدا كورېيەنىڭ، 2010-يىللاردا تۈركىيەنىڭ كىيىملىرىنىڭ مودا بولۇشى، ناخشا-ئۇسسۇل كونسېرتلىرىدا ئۇيغۇرلار ئېغىر ئالدىغان يۇقىرىقىدەك كۆرۈنۈشلەرنىڭ ئەدەپ كېتىشى ھەم تاماشىبىنلار تەرىپىدىن ئۈنتىنسىز قوبۇل قىلىنىشى بىزنى شەكلى زامانىۋىلىق ۋە مەدەنىيلىشىش شامىلىنىڭ جەمئىيەتلىشىشىگە ئائىت تىپىك مىسال بىلەن تەمىنلەيدۇ. بىز مۇشۇ مەسىلىلەرگە نەزەرىمىزنى ئاغدۇرغان ۋە ئەقلىيەلىك بىلەن ئويلانغان چېغىمىزدا شۇنداق بىر نۇقتىدىن ئۆزىمىزنى قاچۇرالمايمىز: رادىيو-تېلېۋىزىيە قاتارلىق تاراتقۇلىرىمىزنىڭ بىرقىسىم پروگراممىلىرى مۇشۇ خىل مايىللىقنىڭ كەڭ تارقىلىشىدا، بىر تۈركۈم ساددا كىشىلەرنىڭ زامانىۋىلىشىش قاپقىنىغا دەسسىشىدە زەربىدارلىق رولىنى ئويناتماقتا. مەسىلەن: ياشلارنى سەنئەت باھانىسىدە خىيالىي دۇنياغا باشلاۋاتقان بىرقىسىم پروگراممىلارنىڭ كۆرۈش نىسبىتى يۇقىرىلاپ، «بىر كىتاب بىر ئالەم»، «مائارىپ ۋە تەرەققىيات» قاتارلىق تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنىڭ كۆرۈش نىسبىتى تۆۋەن بولۇش سەۋەبلىك تاقىلىشى ياكى قايتا تەرتىپكە سېلىنىشى كىشىنى جىددىي ئويغا سالىدۇ.

بىز زادى زامانىۋىلىقنى ۋە مەدەنىيلىشىشنى قانداق چۈشىنىۋاتىمىز؟ ھەقىقىي زامانىۋىلىق ۋە ھەقىقىي مەدەنىيلىشىش قانداق بولىدۇ؟ ئەۋلادلىرىمىزغا پۈچەكلىك ۋە شاكال مەدەنىيەتنىڭ ئورۇقىنى مىراس قالدۇرامدۇق؟ بۇ مەسىلىلەر ھەققىدە ئويلىنىش ھەقىقىي مەنىدىكى مەدەنىي مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشىمىزدا، زامانىۋىلىققا يۈرۈش قىلىشىمىزدا كەم بولسا بولمايدۇ. ئويلانغىنىكەنمىز، دورالغان مەدەنىيەتكە ۋە شەكلى زامانىۋىلىققا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنىڭ سەۋەب-نە-

تىجە مۇناسىۋىتىنى نەزەرگە ئېلىشىمىز، ئۆز سەۋەنلىكلىرىمىزنى روھىي غالىبىيەتچىلەرگە خاس بىر ئۇسۇل بىلەن ئاقلىماسلىقىمىز ۋە ياپماسلىقىمىز لازىم. ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، دورالغان مەدەنىيەت زامانىۋى مەدەنىيەت ئەمەس. ئۇيغۇرلاردا دورالغان مەدەنىيەت كۆپۈك، ھەجۋىي رېئاللىق پەيدا قىلىدۇ.

ئامېرىكىدا تۇرۇۋاتقان چېغىمدا شۇنداق بىر نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلغانىدىم. BBC، CNN قاتارلىق غەربنىڭ داڭلىق تارتقۇلىرىدا ئۇيغۇرلار ھەققىدە خەۋەر، فىلىم بېرىلگەندە «ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى» دېگەن ئاتالغۇ ئالاھىدە ئۇرغۇلۇق ئېيتىلاتتى ۋە بۇ مىللەتنىڭ ئىسلام مەدەنىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك تۇرمۇش شەكىللىرى ۋە مەدەنىيەت ئەمەلىيىتى نۇقتىلىق كۆرسىتىلەتتى. ئەمما بۇ ماقالىدە تىلغا ئېلىنغان كۆرۈنۈشلەرگە قارايدىغان بولساق، دورالغان مەدەنىيەتنىڭ بىزدە كۆپۈك، بىمەنە رېئاللىق پەيدا قىلىۋاتقانلىقى مەلۇم بولىدۇ. مەسىلەن ئالايلى، دېكلاماتسىيە كېچىلىكىدە شۇنچە جىق تاماشىبىننىڭ ئالدىدا ئۇغۇل بالىنى قۇچاقلاۋاتقان ۋە يېرىم - يالىڭاچ دېگۈدەك كىيىنگەن ئارتىس ئۇيغۇر قىزى. ئەمما بۇ قىزنىڭ غەرب سەنئىتىدىكى كۆرۈنۈشلەردىن تارتقۇلارنىڭ تەسىرىدە زەرەتلەنگىنى ۋە ئۇيغۇر ئەخلاقىدا ئېغىر ئېلىنىدىغان ئىشنى قىلىشقا كۆنگەنلىكى ئەمەلىيەتتىن مەلۇم. ئۇنىڭ ئوغۇل بالىنى ئارقىدىن چىڭگىدە قۇچاقلاپ تۇرغاندىكى قىياپىتىنى ئۇيغۇر تىياتىرلىرىدىكى كىلاسسىك كۆرۈنۈشلەردىن سەنەمنىڭ غېرىبنىڭ كۆڭۈل ئىزھارىنى ئاڭلىغاندىكى قىزارغان تۇرقىغا ۋە غۇنچەمنىڭ نۇرۇمنىڭ يۈرەك سۆزىنى ئاڭلىغاندىكى جىددىيلەشكەن ھالىتىگە سېلىشتۇرساق، مۇنداق بىر پاكىتنى — دورالغان مەدەنىيەتنىڭ ئاقىۋەت پەيدا قىلىۋاتقانلىقىنى، ئۇيغۇر پەرھىز سىستېمىسىدا ھار ئېلىنىدىغان ئىشنىڭ بىر مۇنچە ئادەم قوبۇل قىلىدىغان ئادەتتىكىچە، نورمال مەشغۇلاتقا ئايلىنىپ ھەجۋىي رېئاللىق پەيدا قىلىۋاتقانلىقىنى بايقايمىز. قىزىقىپ كۆرۈۋاتقان ۋە چاۋاك چېلىۋاتقان تاماشىبىنلارنىڭ كەيپىياتىنى ۋە قوبۇل قىلىش ئېستېتىكىسىنى نەزەرگە ئالغاندا، كۆز ئالدىمىزدا پەيدا بولۇۋاتقان كۆرۈنۈشلەرنىڭ ھەجۋىيلىك دەرىجىسى تېخىمۇ ئاشىدۇ.

ئۇنداقتا بۇ ھادىسە قانداق كېلىپ چىقتى؟ فىرانسىيەلىك جەمئىيەت نەزەرىيەچىسى ژان بوردىلياردىنىڭ مەدەنىيەت جەمئىيەتشۇناسلىقىدىكى نوپۇزلۇق قارىشى بويىچە تەھلىل قىلغاندا، دورالغان مەدەنىيەت تارتقۇلارنىڭ ياردىمىدە نۇسخىلىنىش، تارقىلىش ۋە قوبۇل قىلىنىش ئارقىلىق جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئېڭىغا تەسىر قىلىدۇ ھەم ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق رېئاللىق كارتىنىسىغا ئايلىنىدۇ. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان كۆپۈك رېئاللىق تېلېۋىزوردىكى تۇرلۈك بەلگە ۋە زىيادە جىق ئىماگلارنىڭ ئىسكەنجىسىدە قالغان رېئاللىق. ئۇنىڭدا ياشاۋاتقان كىشىلەر ئۇچۇر ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان كىشىلەردۇر. بۇنداق ئادەملەر رېئال ئادەملەرگە، رېئال ھاياتقا ئىنكاس قايتۇرۇشنىڭ ئورنىغا تارتقۇلاردا ئىماگلارغا ئىنكاس قايتۇرىدىغان بولىدۇ [5]. بۇ ئەمەلىيەتتە تېلېۋىزور ئىسكەنجىسىدە قالغان ھاياتتۇر. بۇنداق ھاياتتا تاماشىبىنلارنىڭ دورالغان، نۇسخىلانغان مەدەنىيەت شەكلىگە ئىشىنىپ قېلىشى تەبىئىي بىر ئەھۋال.

يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەھلىل قىلساق، «گاڭنام ئۇسسۇلى»نىڭ بەش خىل ئۇيغۇرچە ۋارىيانتىنى چوڭ بىلىپ تارقىتىۋاتقان ئۇيغۇرلار ئەمەلىيەتتە دورالغان مەدەنىيەتنى چوڭ بىلىۋاتقان ۋە ئۇنى تارقىتىۋاتقان كىشىلەردۇر. ئۇلارنىڭ ئىنتىلىۋاتقىنى ئىچى كاۋاك زامانىۋىلىق ۋە شەكلى مەدەنىيلىكتۇر. بۇ ئۇرۇنۇشلاردا ئەقلىيلىك كەمچىل بولغانلىقى ۋە زامانىۋىلىقنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنى ئەمەس، پارچە - پۇرات كۆلەڭگۈسى ئەكس ئەتكىنى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ يېڭىلىق ئىزدەش جەريانى ھەجۋىي بىر يۈسۈندا داۋام قىلغان. ئەمەلىيەتتە دورالغان مەدەنىيەت زامانىۋى مەدەنىيەت ئەمەس. زامانىۋىلىق ئەقلىي بولۇشنى ۋە مەسىلىلەرگە ئەقلىي مۇئامىلە قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. كىيىم - كېچەك، مودا مەدەنىيەت، يېمەك - ئىچمەك جەھەتتە باشقىلارنىڭكىنى قوبۇل قىلىش ھەقىقىي زامانىۋىلىق ھېسابلانمايدۇ.

مەدەنىيلىشىشكە، زامانىۋىلىشىشقا شۇنچە ئىنتىلىۋاتىمىز. ئەمما ئىرىشچانلىقىمىز ئەقلىي تۇس ئالمىغىنى ئۈچۈن رېئاللىقىمىز بىزنى مەسخىرە قىلىۋاتىدۇ. ئۆزىگە خاس بەلگىلەرنى، سىمۋوللارنى، ئەنئەنىنى ۋەيران قىلىش بەدىلىگە زامانىۋىلاشماقچى بولغان مىللەت مەدەنىيلىشىش قىلتىقىغا چۈشۈۋاتقان بولىدۇ. ھەقىقىي زامانىۋىلىق دۇنيا بىلەن ئۆزىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئەقلىي رەۋىشتە تونۇغاندىلا ۋە قەلب ھۆر بولغاندىلا يۈز بېرىدۇ، بۇ مەسىلىنى چۈشىنىش ھەقىقىي زامانىۋىلىقنىڭ نېمىلىكىنى چۈشىنىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

## زامانىۋىلىق ۋە ئۇنىڭ كۈتكەن، كۈتمىگەن ئاقىۋەتلىرى

ئۇنداقتا ھەقىقىي زامانىۋىلىق قانداق بولىدۇ؟ زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ۋە پارامېترى قايسىلار؟ زامانى-

ۋىلىق ئۇقۇمى ئەڭ دەسلەپتە ياۋروپادا 16 ـ ئەسىر بىلەن 19 ـ ئەسىر ئارىلىقىدىكى ئاقارتىش دەۋرىدە پەيدا بولغان بولۇپ، ئەنئەنىدىن چەك ـ چېگرا ئاجراتقان جەمئىيەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەشتە ئىشلىتىلگەنىدى. زامانۋىلىققا يۈرۈش قىلغان جەمئىيەتلەردە ئەقلىنىڭ مۇھىملىقى ۋە ئەقلىنى ئىشلىتىش زۆرۈرلۈكى تەكىتلىنىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئۆزلۈكى ئەنئەنىۋى تەركىبلەر ئاساسىدا ئەمەس، زامانۋىلىق ئېھتىياجىنىڭ تەلىپى بويىچە قايتىدىن لايىھەلىنىدۇ. زامانۋى ئادەم ئەقلىنىڭ ياردىمىدە بىر قاتار مېتافىزىكىلىق ئەندىزىلەر ھەققىدە ئورتاق تونۇشقا ئىگە بولۇۋاتقان بولىدۇ. زامانۋى جەمئىيەتتە كىشىلەر ئىلىمنى قورال قىلىپ تۇرۇپ تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇشقا تىرىشىدۇ. ئېستېتىك ئوبيېكت ۋە ئېستېتىك ھۇزۇرلىنىش ئىقتىسادىي مەنپەئەت ئاساسىدا ئۆلچىنىدۇ. تارىخ، مەدەنىيەت ئەنئەنىنىڭ رولىغا سەل قاراپ سۇبيېكتىپ ئەركىنلىك قوغلىشىلىدۇ. گېرمانىيە جەمئىيەت نەزەرىيەچىسى خابېرماس مۇنداق دەيدۇ: «زامانۋىلىق ھەرگىز يەنە بىر دەۋردە ھۆكۈم سۈرگەن ئەندىزىلەر ۋە ئۆلچەملەرنى ئارىيە ئالمايدۇ. ئۆز دەۋرىنىڭ ئۆلچەم خاسلىقلىرىنى ئۆزى يارىتىدۇ» [6].

زامانۋىلىقنى چۈشىنىش يەنە زامانۋى جەمئىيەتلەرنىڭ قانداق پەيدا بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىشنىمۇ تەقەززا قىلىدۇ. زامانۋى جەمئىيەتلەر ئەڭ ئاۋۋال شىمالىي ئامېرىكىدا ۋە غەربىي ياۋروپادا ئالدىنقى ئىككى ئەسىردە پەيدا بولغان. بۈگۈنكى كۈندە يەر شارىلىشىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشى، غەرب تارتقۇلىرىنىڭ تەسىرى بىلەن زامانۋى جەمئىيەت ۋە زامانۋى مەدەنىيەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى 3 ـ دۇنيا ئەللىرىدە، جۈملىدىن ئۇنتۇلغان ھەممە بۇلۇڭلاردا ھەم ئاجىزلار تويى ئارىسىدا ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى.

جەمئىيەت نەزەرىيەسى «زامانۋىلىق دېگەن نېمە؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرىش مەقسىتىدە پەيدا بولغانىدى. ماكرولۇق نۇقتىدىن كۆزەتكەندە زامانۋىلىق ئىقتىسادىي، سىياسىي تەشكىلاتلارنىڭ باش كۆتۈرۈشى ھەم مەدەنىيەت تۈزۈلمىلىرى، ئەنئەنىۋى تەركىبلەر بىلەن بولغان جىددىيلىك ئاساسىدا خاراكتېرلىنىدۇ. ئادام سمىس ۋە كارل ماركسنىڭ نەزەرىدە زامانۋى ھاياتنىڭ موتورى بازار ۋە پايدا مەقسەت قىلىنىدىغان ئىشلەپچىقىرىشتۇر [7]. سېن سىمون ۋە ئاۋگۇست كومىنىڭ نەزەرىدە ئىلمىي بىلىش ۋە تېخنولوگىيە ئاخىر زامانۋىلىقنى ئەقلىي تەرتىپكە ئىگە قىلىدۇ [8]. ئېمىل دۇركېمنىڭ نەزەرىدە ئەمگەش تەقسىماتى ئېنىق ئايرىلمىسا ھەقىقىي زامانۋى جەمئىيەت بارلىققا كەلمەيدۇ [9]. ئۇنىڭدىن باشقا، ئارمىيە، بيۇروكراتلىق، ئەدلىيە سىستېمىسى ۋە مائارىپ سىستېمىسى قاتارلىقلارمۇ زامانۋى جەمئىيەتنىڭ دىنامىكىلىرىدۇر.

بارلىق جەمئىيەت مۇتەپەككۇرلىرى ئەمەلىيەتتە زامانۋىلىق مەسىلىسىگە ئوخشىمىغان نۇقتىدىن جاۋاب بېرىشكە تىرىشقاندى. جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ كۆزىتىش نۇقتىسى بويىچە قارىغاندا، زامانۋى جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنى ھېچقانداق يالغۇز ئامىل چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. زامانۋىلىق ۋە زامانۋى مەدەنىيەت تەرەققىيات، يېڭىلىق ۋە تېخنىكا ئىنقىلابى پەيدا قىلسىمۇ، يەنە كىشىلەر ئويلاپمۇ ئۈلگۈرمىگەن يوشۇرۇن خېيىمخەتەر ۋە ئىنسانىيلىققا يات ئاقىۋەتلەردىن مۇستەسنا ئەمەس. زامانۋىلىقنىڭ كۈتمىگەن ئاقىۋەتلىرىنى تەھلىل قىلىش بىلەن داڭ چىقارغان مەشھۇر ياۋروپا مۇتەپەككۇرلىرىدىن ئانتونى گىددىنسىنىڭ ۋە بېكنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، زامانۋىلىق خېيىم ـ خەتەرگە ھامىلدار [10]. ئەمما ئەپسۇسلىنارلىق يېرى، ھېچقانداق جەمئىيەتشۇناس زامانۋىلىقنىڭ كۈتمىگەن ئاقىۋەتلىرىنى ئالدىن كۆرۈپ يېتەلىگەن ئەمەس. مەسىلەن، زامانۋىلىق مۇساپىسىنىڭ مەھسۇلى بولمىش گېرمان مىللەتچىلىكىنىڭ تەسىرىدە پارتلىغان ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ بالايىئاپىتىنى، مىللىي قىرغىنچىلىقنىڭ يىلتىزىنى، يەر شارىلاشقان تور ئىگىلىكىنى، 3 ـ دۇنيا ئەللىرىدە جاھانگىرلىكنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشىنى زامانۋىلىق مەسىلىسى ھەققىدە ئىزدەنگەن ھېچقانداق مۇتەپەككۇر ئالدىن پەرەز قىلىشقا ئۈلگۈرمىگەنىدى.

يەنە شۇنىڭدەك، زامانۋىلىقنىڭ ئىنسانلارنى زادى نەگە ئاپىرىدىغانلىقىنى ئالدىن ھېس قىلىپ يەتمەكمۇ بەسى مۈشكۈل. زامانۋىلىق بىزدىن قايتىدىن ئويلىنىشنى ۋە ئۆزىمىزنىڭ باسقان قەدەملىرىگە تەنقىدىي يوسۇندا قاراپ چىقىشنى تەلەپ قىلىدۇ. سەۋەبى، زامانۋى جەمئىيەتتە كىشىلىك ھوقۇق، ئاۋام مۇنبىرى، ئەركىنلىك، باراۋەرلىك قاتارلىق قىممەت قاراشلارنىڭ ئۇلۇغلىنىشى نەتىجىسىدە مۇرەككەپ ئىجتىمائىي جەريانلار ۋە جىددىي ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىدۇ؛ ئەنئەنىۋى جەمئىيەتتىكىدىن كەسكىن پەرقلىنىدىغان ھايات شەكلى پەيدا بولىدۇ. ئىلگىرى گۇمان پەيدا قىلمىغان تونۇشلارغا ۋە نەرسىلەرگە شۈبھە تۇغۇلىدۇ. 3 ـ دۇنيا ئەللىرىدە ۋە تەرەققىي قىلمىغان رايونلاردا زامانۋىلىشىش مۇساپىسى بىلەن تەڭ ئومۇملىشىدىغان كاپىتا-

www.uyghurkitap.com

لىستىك ئىگىلىكىنىڭ يەرلىك مەدەنىيەتكە پەيدا قىلىدىغان ۋەيـ
رانچىلىقى كۈچلۈك بولىدۇ.

بىز بۇ قاراشلارنى نەزەرىيەۋى ئاساسقا ئىگە قىلىش
ئۈچۈن زامانىۋىلىقنىڭ كۆتمىگەن ئاقىۋەتلىرىنى ۋە سەلبىي تەـ
رەپلىرىنى تەھلىل قىلىش بىلەن داڭ چىقارغان مۇتەپەككۇرلارـ
نىڭ قاراشلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقايلى. گېرمانىيەلىك جەمئىـ
يەتشۇناس زىممېلنىڭ نەزەرىدە زامانىۋى جەمئىيەتلەردە شەھەر
هاياتى پەيدا قىلىدىغان جىددىيلىك ۋە ئېنىقسىزلىقتىن دالدىلىـ
نىش ئۈچۈن كىشىلەر باشقىلاردىن قاچىدىغان بولۇپ قالىدۇ [11].
ناتسىستلار زىيانكەشلىكىدىن قېچىپ چىققان جەمئىيەتشۇناس
زىگمۇند باۋمەننىڭ قارىشى بويىچە ئېيتقاندا، زامانىۋى جەمئىـ
يەتتە تېخنىكا قوش بىسلىق شەمشەرگە ئوخشايدۇ. ئاشۇ تېخنىـ
كىلارغا ئىگە بولغان زامانىۋى دۆلەتلەر بولسا تارىختىكى ئەڭ
ئېچىنىشلىق قىرغىنچىلىقلارنىڭ مەنبەسى. ناتسىزم تېخنىكىنىڭ
قورقۇنچلۇق تەرىپىنى ئىسپاتلىدى [12]. زامانىۋى جەمئىيەتتە
مەدەنىي هايات ئىجتىمائىي سىستېمىلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە
ئۇچرايدۇ، نامراتلارنىڭ ئەمگىكى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىدۇ، زىدـ
دىيەتلىك كېمىلىككە يول ئېچىلىدۇ.

زامانىۋى جەمئىيەت پەيدا قىلىدىغان ئەرزىمەس ئادەملەرـ
نى كۈچلۈك تەنقىد قىلغان گېرمان پەيلاسوپى فرىدرىخ نىچشې
بولسا زامانىۋىلىقنى چىرىك ئەخلاق پەيدا قىلىدۇ دەپ تەنقىد
قىلىدۇ ۋە مۇنداق يازىدۇ: «زامانىۋى ئادەمنىڭ ئەخلاق دېگەـ
نى ئەخلاقتەك ئەمەس، دىن دېگىنى دىندەك ئەمەس، ھەقىقەت
دېگىنى ھەقىقەتتەك ئەمەس» [13] «زوروئاستېر شۇنداق
دەيدۇ»، «ئېزگۈلۈك ۋە رەزىللىكنىڭ ئۇ قېتىدا» قاتارلىق ئەـ
سەرلىرىدە زامانىۋىلىق، ئىلگىرىلەش دېگەن غايىۋى ئۇقۇملارـ
نىڭ خام خىيالنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ.
ماركسمۇ باشقىچە بىر نۇقتىدىن چىقىپ زامانىۋى مەدەنىيەتنى
تەنقىد قىلىدۇ. ماركسنىڭ نەزەرىدە تارىخ دېگىنىمىز ئىجتىمائىي
فورماتسىيەلەردىكى زىددىيەتلەردىن زەرەتلەنگەن دىيالېكتىك
جەريان. ئىناق جەمئىيەت دېگىنىمىز ئەسلىدىن بىر شوئار، بۇ
شوئارنىڭ ساختىلىقىنى ئېكسپىلاتاتسىيە تۈسىنى ئالغان كاپىتاـ
لىستىك سىستېما ئاشكارىلاپ بېرىدۇ؛ ئۇنىڭ ئىنسان ئەركىنلىـ
كى دېگىنىمۇ قۇرۇق گەپ. ئېكسپىلاتاتسىيە تۈگىمىسە چىن،
ئەقلىي جەمئىيەت قۇرۇش ئۇرۇنۇشى بىر خىل خام خىيالغا ئايـ
لىنىپ قالىدۇ [14].

## خۇلاسە

زامانىۋىلىق مۇھاكىمىسى كەلگۈسىدىكى ھاياتنى چۈرـ
دەيدىغان، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىيات بىلەن زىچ
باغلانغان مۇھاكىمىدۇر. ھەقىقىي مەنىدە زامانىۋىلىشىش
ئۈچۈن كەلگۈسىنى نەزەردە تۇتۇش ۋە ئۆتمۈشتىن ساۋاق
ئېلىش كېرەك. ئۇيغۇرلارنىڭ زامانىۋىلىق، مەدەنىيلىشىش ھەقـ
قىدىكى ئويلىنىشى يېقىنقى ئىش ئەمەس. يىراقنى قويۇپ يېقىنىنى
مىسالغا ئالغاندىمۇ، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ ئۇيغۇرـ
لارنىڭ زامانىۋىلىق ھەققىدىكى ئويلىنىشلىرى كۈچەيگەنىدى.
ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى، مەمتىلى ئەپەندى قەلىمىدە تىلغا ئېلىنـ
غان تەرەققىيات، يېڭىلىق تەشەببۇسىنى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقانـ
دا، ئۇيغۇرلارنىڭ زامانىۋىلىق، مەدەنىيلىشىش ئارزۇسىنىڭ
دەسلەپكى ئىپادىسى دەپ ئېيتىشقا بولاتتى. زامانىۋىلىققا ئىنتىـ
لىش ئارزۇسى ئۇلارنىڭ ئۈچىسىدىكى كاستۇم ۋە گالستۇكلارـ
دا ئەكس ئەتكەنىدى.

دەرۋەقە تەرەققىيات، يېڭىلىققا ئىنتىلىدىغان ھەم ئۆز مەۋـ
جۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىشنى ئويلايدىغان ھەرقانداق مىللەت
«زامانىۋىلىق دېگەن نېمە؟ قانداق زامانىۋىلىشىمىز» دېگەن
سوئالغا ھامان دۇچ كېلىدۇ. چۈنكى، زامانىۋىلىق مەسىلىسى ئەـ
مەلىيەتتە تەرەققىيات مەسىلىسىدۇر، مەۋجۇتلۇق مەسىلىسىدۇر
ھەم ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىـ
سىدۇر. مەيلى ياپونلار بولسۇن، مەيلى كورېيانلار بولسۇن،
مەيلى تۈركلەر بولسۇن، بۇ سوئال ھەققىدە 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىـ
دىلا چوڭقۇر، ئەقلىي يوسۇندا ئىزدەنگەن. ئەمما ماقالىمىزدە
قويۇلغان پاكىتلاردا كۆرسىتىلگەندەك، جىددىي، تەخىرـ
سىز بىر دەۋردە تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ سوئال ھەققىدىـ
كى ئىزدىنىشى تازا ئەقلىي يوسۇندا داۋام ئېتەلمەيۋاتىدۇ.

زامانىۋىلىق ۋە تەرەققىيات ھەققىدە ئويلانغان ھەم بۇ
ئويلىنىشلىرىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزگەن مىللەتلەر ئارىسىدا ياـ
پونلار زامانىۋىلىق بىلەن ئەنئەنە ئوتتۇرىسىدىكى چېگىش مۇناـ
سىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئەڭ ئاقىلانە يول تۇتقان مىللەت
ھېسابلىنىدۇ. 1947 ـ يىلى نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن گېرمان
يازغۇچىسى ھېرمان ھېسسى ئۆزىنىڭ «دېمىئان» ناملىق
مەشھۇر رومانىدا: «كونىنى ۋەيران قىلمىغان ئاساستا يېڭىلىقنى
قوغلاشقالا» دېگەنىدى. ياپونلار ئۆز ئەنئەنىسىنى ۋەيران قىلمىـ
غان ئاساستا زامانىۋىلىقنى قوغلاشقان ۋە تەرەققىيات بىلەن ئۆز
مەدەنىيىتى ئارىسىدىكى مۇرەككەپ زىددىيەتنى ئۇستىلىق
بىلەن ھەل قىلغان مىللەت ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ تەرىپى ئۆگىنىشـ

كە ئەرزىيدۇ. مۇسۇلمان مىللەتلەر ئىچىدە تۈركلەرمۇ ھەم شۇنداق. ئەمما سەموئېل خانتىڭتون تۈركلەرنى زامانىۋىلىشىش مۇساپىسىدىكى ئارىسالدى مىللەت دەپ ئاتايدۇ. سەۋەبى، تۈركىيە زامانىۋىلىق مۇساپىسى داۋامىدا ئۆز ئەنئەنىسىنى يېڭىغا ئالماشتۇرۇش، ئەقىدىسىنى تۈنجۇقتۇرۇشتىن خالىي بولالمـغان. ئەمەلىيەتتە، ھەقىقىي زامانىۋىلىقنىڭ مەزمۇن قاتلىمى ئەقلىي ئۇيلىنىش، سوغۇققان ھەرىكەت، قايتىدىن ئويلىنىش ۋە تەنقىد قاتارلىقلارنى تەشكىل قىلىدۇ. زامانىۋىلىق مەسىلىسى ھەققىدە ئەڭ چوڭقۇر ئويلانغان تۇنجى پەيلاسوپ گېگېل: «زامانىۋىلىقنى چۈشىنىش ئۇنىڭ ئىچىدىكى زىددىيەتلىرىنى قوشۇپ چۈشىنىشنى تەقەززا قىلىدۇ» دېگەنىدى [15]. گېگېل يەنە: «تارىخ قايتا تەكرارلىنىدۇ» دېگەنىدى. ئەمدىلىكتە تۈركـلەرنىڭ زامانىۋىلىشىش مۇساپىسىدىكى ئارىسالدىلىقنى ۋە سەـۋەنلىكلىرىنى ئۇيغۇرلار تەكرارلىماقتا. بۇ ھال جىددىي ئويلـنىشنى تەقەززا قىلماقتا.

ئۇنداقتا گەپنىڭ توچكىسىنى ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلار زامانـۋىلىقنىڭ يۇقىرىقىدەك كۆتمىگەن ئاقىۋەتلىرىدىن ياكى زىددىـيەتلىرىدىن ساقلىنىشتا قانداق قىلىشى كېرەك؟ جاۋاب شۇكى، زامانىۋىلىق مۇساپىسىدە ئېزىپ قالماسلىق ئۈچۈن ئەنئەنىنىڭ رولىغا مۇراجىئەت قىلىش كېرەك. ئەنئەنە دېگىنىمىز ئاغزاكى بايان، مۇراسىم ۋە دوراش ئارقىلىق بۇرۇندىن ھازىرغا داۋاملـشىپ كەلگەن تۇرمۇش شەكلى، ئادەتلەنگەن ياشاش ئۇسۇلى ۋە ئىشەنچ سىستېمىسىدۇر. ئەنئەنە ھەرقانداق ئائىلە، مىللەت ۋە ئىجتىمائىي توپنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى [16]. لېكىن، بۈگۈن ئەنئەنىنى قايتىدىن يارىتىدۇ. زامانىۋىلىشىش مۇساپىسى داۋامىدا ئەنئەنىنى تاشلىۋېتىپ زامانىۋى مەدەنىيەتنى قارىغۇيۇق كۆككە كۆتۈرۈشكە بولمايدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، زامانـۋى مەدەنىيەت ئەنئەنىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە بارلىققا كەلسە توغرا بولمايدۇ. جەمئىيەتشۇناس ئېدۋارد شىللسنىڭ نەـزەرىدە ئەنئەنە بىر مىللەت ئەزالىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. زامانىۋىلىق مۇساپىسىدە ئەنئەنىنى چۆـرۈۋېتىشكە بولمايدۇ [17]. 3 ـ دۇنيا ئەللىرىدە، جۈملىدىن راـيونىمىزدىكىدەك شەكلى زامانىۋىلاشقان جەمئىيەتلەردە ئەنئەـنىڭ رولى تېخىمۇ مۇھىم.

ئىزاھلار

[1] ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «خەزىنىلەر بوسۇغۇسىدا» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2010 ـ يىلى 3 ـ نەشرى، 238 ـ بەت.

[2] ھېرمان ھېسسي: «دېمىئان»، ئىنگلىزچە، خارپېر روۋ نەشرىياتى، 2009 ـ يىلى نەشرى، 11 ـ بەت.

[3] مەتىمىن ھوشۇر: «مەتىمىن ھوشۇر پوۋېستلىرىدىن تاللانما ــ ساۋاقداشلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى نەشرى، 296 ـ بەت.

[4] نۇشرېۋان يائۇشېۋ: «ئالتە شەھەر خاتىرىلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2013 ـ يىلى نەشرى، 8 ـ بەت.

[5] زۇلپىقار بارات ئۆزباش: «جەمئىيەتشۇناسلار نېمە دەيدۇ؟»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى نەشرى، 284 ـ بەت.

[6] يۈرگېن خابېرماس: «زامانىۋىلىق ھەققىدە پەلسەپىۋى ئېيتىملار»، ئىنگلىزچە، كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى نەشرى، 7 ـ بەت.

[7]، [8]، [9] بريان تۇرنېر تۈزگەن «كامبرىج جەمئىـيەتشۇناسلىق لۇغىتى»، ئىنگلىزچە، كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى نەشرى، 389 ـ ، 390 ـ بەتلەر.

[10] ئۇلرىچ بېك: «خېيىم ـ خەتەر قاپلىغان جەمئىيەت»، ئىنگلىزچە، سېيىج ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى نەشرى.

[11] گېئورگ زىممېل: «زىممېل مەدەنىيەت ھەققىدە»، ئىنگلىزچە، سېيىج ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى نەشرى.

[12] زىگمۇند باۋمەن: «زامانىۋىلىق ۋە زىتلىق»، ئىنگـلىزچە، كورنېل ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى نەشرى.

[13] ۋالتېر كافمەن: «نىچشې: پەيلاسوپ ۋە پىسخوـلوگ»، ئىنگلىزچە، مېردىئان نەشرىياتى، 1959 ـ يىلى نەشرى، 97 ـ بەت.

[14] ئالېكس كاللىنوكس: «جەمئىيەت نەزەرىيەسى ھەققىدە تارىخىي بايان»، ئىنگلىزچە، پولىتى نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى نەشرى.

[15] يۇقىرىقى كىتاب 41 ـ بەت.

[16] بريان تۇرنېر: «كامبرىج جەمئىيەتشۇناسلىق لۇغىـتى»، ئىنگلىزچە، كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى نەشرى.

[17] ئېدۋارد شىللس (ئامېرىكا) «ئەنئەنە ھەققىدە» خەنـزۇچە، ئەسىر نەشرىياتچىلىق گۇرۇھى، شاڭخەي خەلق نەشرىياـتى 2009 ـ يىلى نەشرى، 219 ـ بەت.

---

ئاپتور: جەمئىيەتشۇناسلىق پەنلىرى دوكتورى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سۇلايمان قەييۇم

# باھاردىكى نۇرۇللاھ





— ئوغلۇم نۇرۇللاھتىن قاناتلانغان خىياللار

(ئەبجەش خاتىرە)

قىز تۇغۇلسا قازان بېشى خۇش بولۇپتۇ، ئوغۇل تۇغۇلسا يەر تەكتىدىكى ئالتۇن خۇش بولۇپتۇ.

— ئاتام ئاغزىدىن

## نۇرۇللاھ ۋە باھار

يازدىمۇ بەزىدە قار يېغىپ قويىدىغان ئۈرۈمچى قىزىقارلىق شەھەر. بۇ يەردە ياز ۋە قىشلا بولىدۇ دېيىشمۇ بولىدۇ، شۇڭا چوڭلار «ئۈرۈمچىنىڭ قىشى ئالتە ئاي» دەيدۇ. تاكى ماي ئايلىرى كەلمىسە يازغا ھېساب بولمايدۇ. ئەتىياز بىلىنمەيلا قالىدۇ، ماي ئايلىرى كەلسىلا يېشىللىق دەرەخلەرنىڭ ئۈستىبېشىغا ۋە باھارنى سېغىنغان يۈرەكلەرگە قونۇۋالىدۇ. غايىب بولغان يېشىللىقنى يەنە ئەكەلگەن باھار دەرەخلەرگە قونغان ماي ئايلىرىنىڭ 1-كۈنى سەنمۇ مۇھەببەت دەرىخىمىزگە قۇشتەك قوندۇڭ، ئوغلۇم.

قىش زېمىنغا ئاق سىلىنچىسىنى يايغان كۈنلەردە قەدىناس باھارنى شۇنداق زارىقىپ كۈتىمىز، خۇددى سېنىڭ تۇغۇلۇشۇڭنى كۈتكەندەك. باھار بۇ يەرگە كەلگىچە قانچە ئۆتەڭلەردە قونۇپ كەلگەندەك، بەكلا ئاستا كەلسىمۇ، بىراق بەك ياخشى كەلدى. قىشتا بەزگەكتەك دىرىلدەپ تۇرغان مۇزدەك شاخلاردا ئۈمىدكە ئوخشاش يېشىل جانلار باش كۆتۈردى، دەرەخلەرنىڭ يېشىل قوللىرى روھى قاغجىراق كىشىلەرگە بىر نېمە دېمەكچى بولغاندەك تىنىمسىز پۇلاڭلايتتى.

سەن تۇغۇلمىغاندا ئىشكىمىز ئالدىدىكى ياۋا ئالمىلار، قارىياغاچلار يېتىملاردەك دۈگدىيىشىپ تۇراتتى. سەن تۇغۇلۇپلا دەرەخلەرنىڭ ئۈچىسىدا يېشىل تون، بۇ ماڭا دەرەخلەر جامائىتى يېڭى تۇغۇلغان بىر جاننى تەنتەنە قىلغاندەك بىلىندى، بۇدرۇق پۇت-قوللىرىڭ ئۇماق پۇلاڭلىسا، يۈرىكىمگە ھاياجان پاتمىغاندەك، دەرەخلەرمۇ يېشىل قوللىرىنى ھاۋاغا كەڭ يېيىپ، ئاپتاپنىڭ ھارارەتلىك قۇچىقىدا راھەتلىنىدۇ، سەن قۇچىقىمدا راھەتلەنگەندەك.

باشقىلارمۇ ئامراقتۇ، بىراق مەن يېشىللىققا قەۋەتلا ئامراق، يېشىللىق تەبىئەتنىڭ تىلى، تون-سەرپايلىرى. تەبىئەت يېشىل تىلىدا پىچىرلايدۇ، باھاردا شاخلارغا قانداقلارچە قونۇۋالغىنىنى بىلگىلى بولمايدىغان يېشىل ياپراقلار كەچ كۈزدە بىر-بىرلەپ غايىب بولىدۇ. دەرەخلەردىكى رەڭلەرنىڭ ئالمىشىشى نەزەرىمدە ھەرگىزمۇ ئاددىي ئالمىشىش ئەمەس، بۇ يەردە ئالەمدىكى بۈيۈك بىر دەۋرىيلىك بار، تەبىئەتتە ئىنسانغا بېرىلگەن ئاگاھلاندۇرۇش بار.

سەنمۇ ئەمدى بىز بىلەن بىللە تەقدىر نېسىپ قىلغان كۆڭگىچە ياشايدىغان بۇ ھاياتلىق كوچىسى تۆرلۈك تاماشىلارغا تولغان، ئوغلۇم.

مەنمۇ ساڭا ئوخشاش مۇھەببەت ۋە پەزىلەتكە باي بىر ئائىلىدە تۇغۇلغان، ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىندە ئۈچ يىل خەنزۇ تىلى ئوقۇغاندىن كېيىن، مەمتىلى ئەپەندى ئاقارتىش يولىدا قانداق جاپالارنى تارتقان بولسا، مەنمۇ شۇنداق رىيازەتلەرنى ئالتە يىل تارتتىم، كېيىن ئوقۇش ئۈستىكىدە ئۈرۈمچىگە كەلدىم، ئانالا بىلەن توي قىلدىم، تاش شەھەردە تاشتەك ئولتۇرۇپ دوكتورلۇقتا ئوقۇدۇم، كېيىن سەن تۇغۇلدۇڭ، دوپپىمىز ئاران پاتىدىغان بۇ بېشىمىز نۇرغۇن نەرسىلەرنى چۈشەنمىگەچكە نۇرغۇن ئىشلارنى تاسادىپىيلىق دەيمىز. بىر قارىساڭ بۇ ھايات خىلمۇخىل بوياقلار ئارىلاشقان بوياقچىنىڭ كوزىسى، ھاياتتا ھەركىم ئۆزىگە يارىشا رەڭدە ياشايدۇ، ئۆزىنىڭ مۇناسىپ رەڭگىنى تاپالماي ياشايدىغانلارمۇ كۆرۈلىدۇ، ھايات بوستانلىقىدىكى يېشىل رەڭلەرنىڭ، ئىزىڭدىن ئۈنگەن رەڭدار چېمەنلەرنىڭ كۆڭۈللەرگە زوق بېرىشىنى تىلەيمەن، ئوغلۇم.

## ئىسمىدىكى ھېكمەت

ئىسمىڭنى ئابدۇللاھ دېگەن دوستۇم قويۇپ بەردى، ئوڭ قۇلىقىڭغا ئەزان، سول قۇلىقىڭغا تەكبىر ئوقۇلۇپ، ئىسمىڭ نۇرۇللاھ بولدى، نۇرۇللاھ دېگەن بۇ ئىسمنى ئوغۇل تۇغۇلسا قويىمەن دەپ بۇرۇنلا كۆڭلۈمگە پۈككەنىدىم. نۇرنى تولىمۇ ياخشى كۆرىمەن. ھاياتلىق نۇرغا باغلانغان، قۇياش — نۇر، ئىسسىنىدىغان ئوت — نۇر، بىلىم — نۇر، ئەقىدە — نۇر، ياخشىلىق — نۇر، پەزىلەت — نۇر. دېمەك، نۇر بار يەردە گۈزەللىك بار. چوڭلار «پېشانىسىدىن بەخت پارلاپ تۇرىدىغان بالا بولسۇن» دەپ تىلەك تىلەشتى، ھاياتلىق ساڭا شۇنداق گۈزەل ئىسىم ئاتا قىلغىنىغا مۇبارەك بولسۇن!

ئۆلىمالارنىڭ دېيىشىچە ئىسىم بىلەن قىسمەت زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدىكەن. شۇڭا، گۈزەل ۋە مەنىلىك ئىسىملارنى تاللاش ئاتا-ئانىنىڭ بۇرچى. گۈزەل ئىسىمغا چوڭلارنىڭ ئارزۇسى ۋە ئەقىدىسى مۇجەسسەملەنگەن. شۇڭا، مەسئۇلىيەتچان ۋە ئەقىدىلىك ئاتا-ئانىلار ئەزەلدىن بالىلارغا مەنىلىك ئىسىملارنى قويىدۇ.

شەھەرلىشىش ۋە زامانىۋىلىشىش دېگەنمۇ قالتىس نەرسىكەن، ئۇستىباشلىرىمىز، چاچلىرىمىز، گەپ قىلىش ئۇسۇلىمىز، مېھماندارچىلىق يوسۇنلىرىمىزلا ئەمەس، كىشىلەرنىڭ پەزىلىتى، ئىدىيەسى ۋە مەپكۇرىسىمۇ بۇ ئۆزگىرىشتىن خالىي قالمىدى، ئۆزگىرىش بالىلارنىڭ ئىسمىدىمۇ ئەكس ئەتتى.

ئىسىملىرىمىزدا ھەر بىر دەۋرنىڭ تامغىسى بار، مەشھۇر شەخسلەردىن ۋە كىنولاردىن ئىلھاملىنىپ قويۇلغان ئىسىملار بىزدە بار. مەسىلەن: ئەرافات، سادام، فەرۇق، فاھد، ئەزىمەتخان دېگەندەك. 50-يىللىرىدا تۇغۇلغانلارغا ئازات، يالقۇن، كۈرەش، جەسۇر، قەھرىمان، قەيسەر، قۇربان، باتۇر، ئۆركەش، دولقۇن، ئەركىن، ھۆرىيەت، پولات، سەلتەنەت، دەۋران، ئۈمىد دەپ ئىسىم قويۇلدى. 90-يىللاردىكى يىلتىز ئىزدەش، ئەسلىگە قايتىش دولقۇنىدا زىيالىيلار بالىلىرىغا سۇلتان، سەردار، ئىلتەبىر، ئاتىللا، ئالپئەر، بوغدا، ئوغۇز، تۇركزات، بابۇر، زۇلپىقار دېگەندەك قەدىمىي ئىسىملارنى قويدى. بەكلا زامانىۋىلىشىپ كېتىپ سەييارە، مىنارە، فىلورە، نۇرقەت، نۇركەنئاي، شەكىلە، دىلارە، فىرۇزە، رىنات، ئاپرېل دېگەندەك ھەيۋەتلىك ئىسىملارنى قويۇپ تاشلىغانلارمۇ بار، لېكىن خەلقىمىزنىڭ كۆپىنچىسى يەنىلا مەنىلىك ئەرەبچە ۋە ئۇيغۇرچە ئىسىملارنى قويىدۇ.

قەشقەر شەھىرى، يېڭىسار، قاغىلىق، يەكەن، خوتەن شەھىرى، ئاتۇش، كۇچا تەرەپلەردە ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا «جان، گۈل، خېنىم، قارى، ئاخۇن، ھاجىم، غوجام، خان، ھاجى خېنىم، ئاي خېنىم، ئايياق ئانام، خانئاچا، خانئاپا، ھاجىم دادام» دېگەننى قوشۇپ ئاتايدۇ. بولۇپمۇ قەشقەر شەھىرى ۋە يېڭىساردا ئومۇميۈزلۈك «خېنىم، ھاجى، غوجام»نى قوشۇپ دەيدۇ. شۇ ياقلاردا تونۇش-بىلىشلەر بىرەرسىنىڭ بالىسىنىڭ ئەھۋالىنى سورىماقچى بولسا، «پالانى خېنىم ياكى غوجام ئوبدان تۇرىدىمۇ؟» دەيدۇ، ھەرگىزمۇ ئۇدۇللا ئىسمىنى ئاتىمايدۇ، بۇ باشقىلارغا بولغان ھۆرمەتنى ئىپادىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن خەلقىمىزنىڭ ئۆتمۈشتىكى شانۇ-شەۋكىتىنى، جەمەتىنىڭ ئېسىل يوسۇنلىرىنى ئۇنتۇماي كېلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىسمىنى بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىش شۇ كىشىگە بولغان

قاتتىق ھاقارەت. بىزدە بۇ بەك ئېغىر، مەسىلەن: تۇردۇش ئاخۇن غېرىبى (ئەسلىي تۇردى ئاخۇن غېرىبى)، مەمەت (مۇھەممەد)، ئۇرايىم (ئىبراھىم)، ئۇشۇر (ھوشۇر)، خەلچەم (خەدىچە)، ئەخەت (ئەھەد) مىلىكەم (مەلىكە)، ئايشەم (ئائىشە)، ئابلا (ئابدۇللاھ)، ئابدىرىم، رىيىم (ئابدۇرەھىم) دېگەندەك. بۇ تەلەپپۇز ياكى تىل مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى ۋىجدانغا، پەزىلەتكە تاقىشىدىغان مەسئۇلىيەت ۋە تونۇش مەسىلىسى، بۇ بەكمۇ ئېغىر بىپەرۋالىق ۋە مەسئۇلىيەتسىزلىك.

تىلىمىزنىڭ قوشۇمچىلارغا باي، مەنداش سۆزلەر ناھايىتى مول، يۇمشاق، يېپىشقاق، تۈرلىنىشچان تىل ئىكەنلىكى راست. شۇنداق ئىكەن تىلىمىزدا ھەرقانداق كىرمە سۆزلەرنى ئەينەن تەلەپپۇز قىلغىلى بولىدۇ. چەت ئەل كىشى ئىسىملىرىنىمۇ توغرا ئالالايمىز ياكى بىر دەككىلەككە كەلمەيدى. مەسىلەن: ۋاشىنگتون ئەمەس، ۋاشىڭتىن (Washington)، لىنكولن ئەمەس، لىنكىن (Lincoln)، ھېمىنگۋاي ئەمەس، ھېمىڭۋېي (Hemingway) ، گىئورگى ئەمەس، جورج (George) ۋەھاكازالار.

جەنۇب تەرەپلەردە قىلچە قورۇنماستىن بىر ئوبدان «ئۇيغۇر» دېگەننى بۇزۇپ «ئۇرغۇي» دېيىش ناھايىتى ئومۇمىي ھال. ھازىرغىچە بىزدىن باشقىلارنىڭ مىللىتىنىڭ نامىنى بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلغىنىنى ئاڭلىمىدىم، مىللىتىمىزنىڭ بىر چىرايلىق ئىسمىنى تۈزۈك دېيەلمەي يۈرىمىز، مىللىتىنىڭ ئىسمىنى «ئۇرغۇي» دەپ ئاتايدىغان باللار مەكتەپلىرىمىزدە بار. بۇ باللىنىڭ ئاتا-ئانىسىمۇ چوقۇم شۇنداق ئاتايدۇ. ئوقۇغۇچى شۇنداق ئاتىسا مۇئەللىم شۇنى تۈزەتمەي نېمە قىلىدىغان ئۇستاز ئۇ؟ ئۇ ئۇستازمۇ ياكى بىر سىنىپتىكى 40 باللىنى ئوغرىغا بەرمەي بېقىپ تۇرىدىغان قارانچۇقمۇ؟ ئۇستازلىقنى ئاي توشقاندا مائاش ئېلىش ۋە دەپتەرنى بوياپ كۈن ئۆتكۈزۈش دەپ چۈشىنىدىغانلار ئۇستاز دېگەن شەرەپلىك نامغا لايىق ئەمەس، ئۇلار مۇنبەردە مىدىرلاپ يۈرگەن سايە ياكى مىللەتنىڭ ئەقىل خەزىنىسىدىكى ئوغرى چاشقان.

ئوغلۇم نۇرۇللاھ، يوللىرىڭ، قەلبىڭ نۇرغا تولسۇن، كۆزۈڭدىن، يۈزۈڭدىن ئۈمىدىڭ، ئەقىدىڭ، پاراسىتىڭ نۇرلىرى پارلىسۇن.

## نۇرۇللاھ ۋە ئاتا-ئانىنىڭ بۇرچى

ئوغلۇم، سەن بىزگە تەقدىر ئاتا قىلغان ئاتتا نېمەت ۋە سىناق. ئەقىدىلىك ئائىلىدە تۇغۇلدۇڭ، بۇ سېنىڭ بەختىڭ، ھەممىمىزنىڭ بەختى. ئەقىدىلىك، مېھرىبان، ئىنسابلىق بىر ئايال سېنىڭ ئاناڭ بولدى، ماگىستىرلىقنى پۈتكۈزگەن ئاناڭ ئەسلىي ئۈرۈمچىدىن خېلى ئوبدان خىزمەتمۇ تاپالايتتى، بىراق سەن ئۈچۈن خىزمەتتىن ۋاز كەچتى، تۇغقانلار «ماگىستىرلىقتا ئوقۇپ ئۆيدە ئولتۇرامدۇ» دەپ تاپا-تەنە قىلىشتى، ئۇلارغا لايىقىدا جاۋاب بېرىشتۇق.

ئەر دېگەن ئىسمىغا ئوخشاشلا، ئايال دېگەن بۇ ئىسمىغا بىر تالاي مەنىلەر سىغدۇرۇلغان. ئايال دېمەك كىچىكلىتىلگەن ۋەتەن. تىرىك ئۈرۈشنى ئوبدان تەھلىل قىلساق ۋەتەن بىلەن ئايالنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىلىمىز.

33 يېشىمدا توي قىلدىم، چوڭلارنىڭ تەلىمى ۋە ئارزۇيۇم بويىچە ئالىدىغان ئايالىمنىڭ نەسىل-نەسەبى، دىياناتى ۋە پاراسىتىنى قاتتىق ئۆلچەم قىلدىم، چوڭلارنىڭ ئايالنىڭ نەسەبى مۇھىم دېگىنى تولىمۇ ئورۇنلۇق ئىكەن. بۇنىڭدىكى ھېكمەتنى بارا-بارا چۈشىنىۋاتىمەن، نەسەب دېگەن قان دېمەك، يىلتىز دېمەك، تارىخىي كىتابلاردا پادىشاھنىڭ بىر تال بالىسىنى قوغداش ئۈچۈن تالاي كىشىلەر جېنىدىن ئايرىلىدۇ. بۇنىڭدىكى مەقسەت، مەملىكەت ياتلارنىڭ قولىغا قالسا ۋەيران بولىدۇ، مەملىكەتنى نېمىلا بولمىسۇن پادىشاھنىڭ بالىسى ئىدارە قىلىدۇ دېمەكچى. ئاتا-بوۋىلىرىمىز نەسەبنىڭ ساپلىقىغا بەك ئېتىبار بەرگەنىكەن، بىزگە تولىمۇ تونۇشلۇق ھىندىستاننىڭ «سەرگەردان» دېگەن كىنوسىدا: «ئوغرىنىڭ بالىسى ئوغرى، ساقچىنىڭ بالىسى ساقچى بولىدۇ» دېگەن بىر ئىبرەتلىك گەپ بار. بۇ گەپنى كىشىلەر خېلى غۇلغۇلا قىلغان، بۇ گەپنى بەك خاتا دېگىلىمۇ بولمايدۇ، بۇ گەپتىن نوپۇزلۇقلارنىڭ كۈچى ۋە بىچارىلەرنىڭ ئامالسىزلىقى چىقىپ تۇرىدۇ، بىزدىمۇ «باينىڭ بالىسى ماموت بەگ، نامراتنىڭ بالىسى ھېلىم تاز»، «گاچا بولسىمۇ باينىڭ بالىسى سۆزلىسۇن»، «پۇلۇڭ بولسا لاتا قوزۇقمۇ يەرگە كىرەر» دېگەندەك ماقاللار بار.

تويدىن بۇرۇن چېچىلاڭغۇ، تولا پەرىشان ئىدىم، توي قىلغاندىن كېيىن تۇرمۇشۇم تېخىمۇ تەرتىپلىك بولدى.

www.uyghurkitap.com

ئۆيدىن ئىبارەت بۇ گۈلزار ئەقىدە ۋە مۇھەببەتنىڭ سۆيەدە سۇغىرىلسا، ئۆي سېنى ماگنىتتەك ئۆزىگە تارتىپ تۇرىدۇ، ئۇنداق بولمايدىكەن، بۇ ئۆي ساڭا يۇك بولىدۇ، توينىڭ خاسىيىتى بىلەن مۇھەببەتلىك بىر ئۆينىڭ پاسبانى بولدۇم، كېيىن دوكتورلۇققا ئۆتتۇم، سەن تۇغۇلدۇڭ، ئۆگەلەپ دۇنياغا ساق-سالامەت كۆز ئاچقىنىڭدا رەببىمگە ھېسابسىز شۈكۈرلەر، ھەمدىلەر ئېيتتىم، ھاياجانلىق ياشلىرىم كۆزلىرىمدىن ئەمەس، قەلبىمنىڭ چوڭقۇرلىرىدىن ئېتىلىپ چىقتى، شادلىقىمىزغا تەسۋىر يەتمەيتتى، زىمىمەمدىكى بۇرچ مېنى تېخىمۇ تىرىشىشقا ئۈندەيتتى.

بىلسەڭ ئوغلۇم، شۇ كەمگىچە ھاياتىم قىيىنچىلىق بىلەن تىرىشىش بولدى، بەل قويۇۋەتكەن بولسام بەلكىم ئىشلار باشقىچە بولاتتى، بەل قويۇۋەتسەم پەقەت بولمايتتى، ئىلىم ئارقىلىق نىجاتلىق تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى، ئۇقۇشنىڭ بىزگە پەرز ۋە قەرز ئىكەنلىكىنى ئەتراپىمدىكىلەرگە كۆرسىتىپ قويمىسام بولمايتتى، ئۇلار كۆردى، ئوقۇمىغانلار پۇشايمان قىلىشتى، باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىزدىكى ساۋاقداشلىرىمنىڭ تولىسى ھېلىھەم ھەيران.

تاڭدا سايرىغان تورغايدەك چۇچۇك تىللىرىڭ چىقتى، تۇنجى رەت «دادا» دېگىنىڭدە يۈرىكىم يېرىلىپ كەتكىلى تاس قالدى. كۆزلىرىمگە يەنە ئىسسىق ياشلار دەۋرەپ كەلدى. دادا بولدۇم، ئەر بولدۇم، بىر ئۆينىڭ تۈۋرۈكى بولدۇم. «دادا» دېگەن بۇ ئىككى بوغۇملۇق سۆزگە يىغىنچاقلانغان ھېكمەتنى، بۇرچنى تونۇماي، دادىلىق شەرىپىگە داغ يەتكۈزۈپ، ناكەسلەرچە ياشاۋاتقان تالاي دادىلار كۆز ئالدىمدىن ئۆتتى.

دادىسى ھايات تۇرۇپ تىرىك يېتىم بولغان، خارزارلىقنىڭ تار كوچىسىدا غازاڭدەك قەدىرسىز ياشاۋاتقان سەبىيلەر، يېتىملىكتىن ئاق چېكىپ، ئوغرىلىق قىلىپ، تۈرمىنىڭ تۆمۈر رېشاتكىسىدىن ئەركىن دۇنياغا، كۆكتىكى ئەركىن قۇشلارغا تەلمۈرۈۋاتقان قارىقاتتەك سەبىي كۆزلەر، ئېرىپ كەتكەن ئېرىنىڭ ئىنسابىغا دۇئا قىلىپ قارىيامغۇر يىغلىغان بىچارە ئانىلار، بەزمىخانىلاردا شەيتان بىلەن ئۆلپەتلىشىۋاتقان ئاتىلار، شەيتانىنىڭ كەينىدىن سۈكۈلداپ كېتىۋاتقان ئانىلىقىنى ئۇنتۇغان «ئانا»لار، باللىرىنى دوكتور، داموللا قىلىپ تەربىيەلىگەن ئەقىدىلىك، پەزىلەتلىك ئانىلار، ئېرى ۋە بالىلىرى ئۈچۈن تىنىمسىز ئىشلەۋاتقان جاپاكەش ئانىلار خىيال ئېكرانىمدىن قاتارلىشىپ ئۆتتى.

ئوغلۇم، سېنى چوڭ بولۇپ بىزنى باقارمىكىن دەپ ئۈمىد قىلمايمەن، بىزمۇ چوڭ بولدۇق. چوڭلارغا تۈزۈك ئىش قىلىپ بېرەلمىدۇق، چوڭلار ھامان بەدەل تۆلىگۈچى، شۇ تۆلىگەن بەدەللىرىمىز بىلەن ئۆزىمىزگە تەسەللى بېرىمىز، ئەل-يۇرت ئۈچۈن چوڭ ئىشلارنى قىلغىنىڭنى، ئىنسابلىق، ئىمانلىق، دانا ئادەم بولغىنىڭنى، ئىلىم كۆكىدە پەرۋاز قىلغىنىڭنى كۆرسەك تارتقان جاپالار ئۇنتۇلىدۇ. دانا ئوغۇل ئاتىنىمۇ، ئەل-يۇرتنىمۇ كۈلدۈرىدىغان شۇنداق دۇنياكەنغۇ بۇ.

ئوغلۇم، جەمەتىمىز بۇخارادا ئوقۇغان داموللا-ئۆلىمالار، ئەلنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان يۇرت كاتتىلىرى ئۆزۈلمەي چىققان ناھايىتى ئابرۇيلۇق جەمەت ئىكەن. ئاتام 1961-يىلى 9-سىنىپنى تۈگەتكەن ئىلىم ئىگىسى ئىكەن. چوڭ داداڭدىكى شۇ ئىلىمنىڭ خۇرۇچى بىلەن مەنمۇ دوكتورلۇقتا ئوقۇدۇم. شۇڭا ئاتامغا، بوۋامغا بولغىنى مەرىپەتكە چىلاشقان كۆڭلىمىزگە ئۆل سالغان ئەجدادلىرىمىزغا تەشەككۈر ۋە رەھمەتىم چوڭقۇر. ئۇلارنىڭ ئىش ئىزلىرىنى، كېيىنكىلەرنى دەپ تۆككەن تەرلىرىنى ئۇنتۇساق تۇزكورلۇق، نائىنسابلىق، قارا كۆڭۈللۈك بولىدۇ. بالام مەرىپەتمۇ، نادانلىقمۇ شۇنداق داۋاملىشىدۇ.

سەنمۇ بىر مەكتەپ ئىكەنسەن، ئوغلۇم. بىزگە نۇرغۇن نەرسىلەردىن دەرس بەردىڭ: چوڭلارنى ئەزىزلەش، ھۆرمەتلەشنى تېخىمۇ ئۆگەتتىڭ، سېنى مېھىر بىلەن ھەر بىر قۇچىقىمغا ئالغىنىمدا گۆدەكلىكىمدە ئانامغا ئالايغانلىرىم، ۋارقىراپ تاشلىغانلىرىم كۆز ئالدىمغا كېلىپ، يۈرىكىمنى بىر قول قىسقاندەك بولدى، ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىۋالاي، ئۇلارنى باردا ئىززەتلىۋالاي، دۇئاسىنى ئېلىۋالاي، ئۇلار تۆت بالىنى قاتارغا قوشقىچە مۇشەققەتنىڭ تالاي-تالاي داۋانلىرىدىن ئۆتتى، يادەك قامەتلەر مۈكچەيدى، قۇندۇزدەك چاچلارغا يىللارنىڭ توزانلىرى قوندى، بۇركۈتنىڭكىدەك يېنىپ تۇرىدىغان كۆزلەرنىڭ گۈنى قاچتى، تالاي قازانلاردا قايىندى.

مۇنداق بىر ئىبرەتلىك ھېكايەت ئېسىمگە كەلدى: قەدىمدە ئۈچەيلەن سەپەرگە چىقىپتۇ، يامغۇردىن دالدىلىنىش ئۈچۈن بىر ئۆڭكۈرگە كىرىپتۇ، تۇيۇقسىز بىر تاش

ئۆتكۈرنىڭ ئاغزىنى تـوسۇۋاپتۇ، بـۇلار شـۇنچە كـۆچەپمۇ تاشنى يـۆتكىيەلمەپتۇ. ئـاردىكى بـىرەيلەن: «ھاياتىمىزدا قىلغان ساۋابلىق ئـىشتىن بـىرنى دەپ ئـاللاغا يـىلنايلى، شـۇندا بـۇ ئـۆتكـۈردىن سـالامەت چـىقالساق ئـەجەب ئەمەس» دەپتۇ. بىرىنچى كىشى دەپتۇ: «سۈتلۈك ئۆچكەم بار ئىدى، ھەر كۈنى سىغىپ ئاتامغا بىرەتتىم، بىر كۈنى كەچتە ئاتام ئۇخلاپ قاپتۇ، ئاتام ئويغانغىچە سۈتنى بىشىدا تۇتۇپ تۇردۇم، ئـى قـۇدرەتلىك ئـاللاھ، مۇشۇ ئـىشىم سىلىگە يـارىغان بـولسا بـۇ مـۇشكۈلاتتىن بـىزگە ئـاسانلىق بەرسىلە.» شۇنداق دىيىشىگە تـاش ئـازراق كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئىككىنچى كىشى دەپتۇ: «تاغامنىڭ بىر قـىزى بـار ئـىدى، ئۇنىڭ بـىلەن زىنا قـىلماقچى بـولغىنىمدا، قىز ئـاللاھتىن قورقىنى دىدى. مەن زىنـادىن يـاندىم، ئـى قـۇدرەتلـىك ئاللاھ، مۇشۇ ئىشىم سىلىگە يارىغان بولسا، بۇ مۇشكۈلاتتىن بىزگە ئاسانلىق بەرسىلە.» شۇنداق دىيىشىگە تاش يەنە ئازراق كۆتۈرۈلۈپتۇ، ئۈچىنچى كىشى دەپتۇ: «بىر چاكىرىم بار ئىدى، ئىش ھەققىگە بىر چارەك بۇغداي ئالاتتى، كىيىن ئىش ھەققىنى ئالمايلا كىتىپ قاپتۇ، مەن شۇ بىر چارەك بۇغداينى تىرىپ ھوسۇل ئالدىم، ھوسۇل كۆپىيىپ مال قىلدىم، ماللار كۆپەيدى، كىيىن چاكىرىم كەلدى، تاغدىكى بىر توپ مالنى سىنىڭ ئىش ھەققىڭ شۇ، ئىلىپ كەت دىسەم، ئۇ دەسلىپىدە تازا ئىشىنەلمەي، كىيىن خۇشال بولۇپ مالنى ھەيدەپ كەتتى. ئـى قـۇدرەتلىك ئاللاھ، مۇشۇ ئىشىم سىلىگە يارىغان بولسا بـۇ مۇشكۈلاتتىن بىزگە ئاسانلىق بەرسىلە.» شۇنداق دىيىشىگە تاش تولۇق كۆتۈرۈلۈپ، سەپەرچىلەر يولىغا راۋان بولۇپتۇ. بۇ ھىكايەتتىن ئاتا-ئانىغا كۆرسىتىلگەن ئىززەت-ئىكرامنىڭ ساۋابى ۋە دەرىجىسى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

تىلنىڭ سۇزۇلۇپ چىقتى، بىر يىرىم ياشتا ئـايغىنىڭ چىقتى. ئەمدى ئۆزۈڭنىڭ پۇتلىرى بىلەن تولىمۇ كۆتۈرۈلۈشلۈك بۇ مىھرىلىك زىمىنغا دەسسەپ ماڭىسەن. ئـادەم بالىسى شۇ قەدەر قەدىرلىك، ئـەزىز يـارىتىلغانىكەن، مـەن پاقلان، موزايلارنىڭ تۇغۇلغىنىنى، بىچارە ئـانا ھـايۋاننىڭ تۇغۇتتىكى تارتقان جاپاسىنى تالاي كۆرگەن، تۇغۇلغان بالىسىنى ئىسسىق تىلدا يالاپ قۇرۇتقان ئانا ھايۋان تىللىق، ۋىجدانلىق، تەپەككۇرلۇق ئىنسانغا مۇھەببەتتىن دەرس بىرىدۇ، ھايۋان بالىسى تۇغۇلۇپ نەچچە سائەتتىلا ماڭىدۇ، ئىنسان ئۇنداق ئەمەس. ئىنسان بىلەن ھايۋان پەرقلەنمىسە بولمايدۇ. ياراتقۇچىنىڭ سىر-ھېكمەتلىرىدىن ۋۇجۇدى سىمابتەك ئىرىگەن بىر قەلبنىڭ نەزەرىدە تۇغۇلۇم ۋە ئۆلۈم، كىلىش ۋە كەتمىش ئاددىي ئىش ئەمەس، بەلكى مۆجىزە.

ئوغلۇم، شادلىقلىرىم، قايىللىقىم مۇنداق مىسرالارغا ئايلاندى:

تىلىڭ چىقتى ئوغلۇم،
قەدىمىڭ 32 ھەرپ، 32 تال گۈل
تۆكۈلدۇ يۇمران لىۋىڭدىن.
سۆزلەر بىلەن سەيىر قىلسەن،
بەزى سۆزلەر تاغلار كەينىدە.
بەزى سۆزلەر باغلار ئىچىدە،
تىپىۋىلىپ ھاياجان بىلەن.
يۇلتۇزلاردەك چىچۋىتىسەن.

بىلمەيمىز تاغلارنىڭ تىلىنى،
ياپراقلارنىڭ پىچىرلىشىنى.
قۇشنىڭ تىلىدىكى ھەمدۇسانانى.

تىلىمىز— يايلاق، سۆزلەر — گۈلچىمەن،
يايلىغىن ئوغلۇم، چوڭ بولغىن تىيمەن.
ئايغىڭ چىقتى ئايغىردەك،
سىنى كۈتەر يىگى داۋانلار،
چىچەكلىسۇن تاتلىق ئارمانلار.

ئۇنتۇما ئوغلۇم،
تاغ كەينىدە تاغلار بار.
ئاي يۈزىدە داغلار بار،
ئەقىدىنى قىلغىن يار.

ھاياتىنىڭ يوللىرى ئۇزاق،
شاش ئايغىردەك چىپىپ ئۆت.
قاغجىرىغان مىسكىن دىللارغا،
ھىممەتتىن سۇ سىپىپ ئۆت.
مۇشكۈلاتنىڭ داۋانلىرىدىن،
چارە-ئامال تىپىپ ئۆت.

www.uyghurkitap.com

ياخشىلىقنى تۇغار ياخشىلىق،
كىيمەسزنى يېيىپ ئۆت.

## نۇرۇللاھنىڭ شەھەردىكى باللىقى

ئوغلۇم، يېشىل تەبىئەت يىراققا قاچقان، كۆك ئاسمانىنىڭ دىدارىنى كۆرسەتمەيدىغان تاش ئورمانلار بىزگە قوچاق ئاچقان تاش شەھەردە تۇغۇلدۇڭ، قۇشلارنىڭ سايراشلىرى، سۈزۈك سۇنىڭ شىلدىرلاشلىرىغىچە تاۋارلاشپ كەتكەن بۇ شەھەردە سەنمۇ ياشايسەن.

«40، 50 يىللار بۇرۇن ئۇرۇمچىدە تۈلكە، توشقان، قارىغوجا، قىرغاۋۇللار قىيغىتىپ يايرايدىغان، كەكلىكى كەتكەن بۇككىدە قارىياغاچلىق، قومۇشلۇق، يىكەنلىك بولىدىغان، ئۈلانبايدىكى قارىياغاچلىق، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جەنۇبىي شۆبىسى جايلاشقان ئورمانلىق، 17 تۇتۇن ئەتراپىدىكى ئورمانلىق، دۆۋپو ئەتراپىدىكى كەڭ ئېتىزلىق، جەنۇبىي تاغدىكى قارىغايلار ئاشۇ تەبىئەتنىڭ بىزگە قالغان ئازغىنە يالدامىسى، ئۇلار قېقىلىپ يوقىلىۋاتقان ئۇرۇمچىنىڭ ئۆپكىسى، تەبىئەتكە چىلىشىپ ياشىغان شۇ قوۋناق كۈنلەرنى سېغىنىپ قالىمىز. شۇ ئەلۋەك يىللارنى ئەسلىسەك، ئۆپكىمىز ئۆرۈلۈپ، كۆزلەرگە ياش كېلىدۇ. شۇ يىللاردا تەبىئىي خىسلەتلەر تولىمۇ مول ئىدى، كىشىلەر بۈگۈنكىدەك تادان، ھېسابچى ئەمەس ئىدى، كىشىلەر بىر-بىرىنىڭ قەلبىدىن مۇنداق ئۇزاقلاپ كەتمىگەن، ئەقىدىنىڭ، پەزىلەتنىڭ بۇلاقلىرى بۇلدۇقلاپ تۇراتتى. غەرەز ۋە تاما بىلەن ئەمەس، سەممىيەت بىلەن بىر-بىردىنى يوقلاپ دەردىگە يېتەتتى. داستىخانلارمۇ غەرەزنىڭ ئۈستىگە سېلىنمايتتى، بىنالار ئېگىزلىگەنسېرى نۇرغۇن پەزىلەتلەرنىڭ ئورنى پەسلەپ كەتتى، تەبىئەت دېگەننىڭ ھەممە يېرى ئېچىلىپ كەتسىمۇ قاملاشمايدىكەن. كۆزگە ۋە كۆڭۈلگە ئارام بېرىدىغان بوشلۇقلار، ئىنساننىڭ قولى تەگمىگەن جايلارمۇ بولۇشى كېرەك» دەپ ھەسرەتلىنىدۇ چوڭلار. راست، چوڭلار توغرا ئېيتىدۇ، چوڭلارنىڭ بىر ئېغىز گېپىدە بىر كىتابچە ھېكمەت ۋە ئۆگۈت بار ئوغلۇم.

كىشىلەر تەبىئەتتىن يىراقلىششىنىڭ زىيىنىنى تونۇماقتا، يامالقتەك قاقاسلىقلارنى، ئالقانچە بوش يەرلەرنى يېشىللاشتۇرماقتا. بىزدىن قاچقان يېشىللىق يەنە قايتىپ كېلىدۇ، يېشىللىق بار يەردە ئۈمىد ۋە گۈزەللىك بار، ئۈمىد بار يەردە يېشىللىقمۇ بار. كىشىلەر ئالدىراشلىقتا يىتتۈرۈپ قويغان خىسلەتلەرنى چوقۇم تېپىۋالىدۇ، تەبىئىي خىسلەتلەرنى يىتتۈرمەيمۇ زامانىۋىلاشقىلى بولىدۇ. بىزگە سەھرانىڭ ئادىمىيلىكى، سەممىيىتى، ئاق كۆڭۈللۈكى، شەھەرنىڭ پەم-پاراستى، ئىش قىلىشتىكى تېزلىكى كېرەك. بۇلارنى توغۇنۇشتۇرماي ساقلاپ قېلىش سېنىڭ، بىزنىڭ بۇرچىمىز. بۇ بىز دۇچ كەلگەن ئېغىر مەسىلە، يالتىراق زامانىۋىلىق ئۈچۈن گۈزەل ئۇدۇملاردىن ۋاز كېچىش، سىرتنىڭ نەرسىلىرىنى قارىقويۇق قوبۇل قىلىش زامانىۋىلىق ئەمەس، بەرباتلىق. سىرتنىڭ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ ھەزارىتى (ھەزارەت مەنىۋى مەدەنىيەتنى، مەدەنىيەت بۇرۇنقى ماددىي مەدەنىيەتنى كۆرسىتىدۇ) بىلەن يۇغۇرۇشىمىز كېرەك.

باللىقىمنىڭ قانداق ئۆتكىنىنى ساڭا، سەندەك بالىلارغا دەپ بەرگۈم كېلىۋاتىدۇ. باللىقىمدا ئوينىغان قىزىق ئويۇنلار، بارات كېچىسى ئۇزۇن خادىنىڭ ئۇچىغا باغلانغان ياغلىق قاپاقنى كۆيدۈرۈپ بارات تولدۇق دەپ مەھەللىمۇمەھەللە يۈگۈرۈپ ئاتقۇزغان تاڭلار، ئالمىلىق باغلار، ئاي نۇرىدا باشاقلار ئۈستىدە يالترىغان ئورغاق ۋە يۆرەكلەرگە سۇ بولۇپ ئاقىدىغان مۇڭلۇق ئورما ناخشىلىرى، قىردا ئۇلتۇرۇپ مۇزدەك دوغابقا مىلاپ يېگەن قاتتىق نان، پوشۇلداپ قوش سۆرەۋاتقان كالا، تۆتبەش كۈنلۈك جاڭگالدىن ھارۋىغا ئوتۇن بېسىپ، شۇ ئۇزاق يولنى ھارغان بىچارە ئېشەك بىلەن تەڭ پىيادە مېڭىپ كېلىش، مەرھۇم بوۋاڭ بىلەن ئۈزۈم، شاپتۇللارنى سېتىپ بولۇپ، ھارۋىدا ناھىيەدىن كەلگىچە بەش-ئالتە سائەتلىك ئۇزاق يولدا بوۋاڭغا ئالدۇرغان «چالا تەگكەن ئوق»نى ئوقۇپ تۈگىتىۋەتكەنلىرىم، تېلېۋىزور ئاپىرىدە بولمىغان زاماندىكى ئۇزاق تۈنلەردە، قوشنىمىزنىڭ ئۆيىدە جىنچىراغنىڭ يورۇقىدا «مەمەت ئاۋاق»، «چاھار دەرۋىش»، «يۈسۈپ-زۆلەيخا»، «قۇرئاندىكى قىسسەلەر»، «ئىنز»دەك كىتابلارنى ئوقۇپ بەرسەم، ئەتراپىدىكىلەرنىڭ كىتابنىڭ ئىچىگە چۆكۈپ كەتكەنلىرى، كىتاب ئوقۇۋاتسام مېنى ئىشقا بۇيرۇپ گەپ ئاڭلىتالمىغان ئانامنىڭ خاپا بولۇپ كىتابلىرىمنى تالاغا چۆرۈۋەتكەنلىرى، ئۆ-

www.uygurkitap.com

شىگنى ئىچىۋال دېسمۇ ئۇنىماي، قاتتىق نانىنى سومكىغا سېلىپ مەكتەپكە چاپقانلىرىم... بەك جىق نەرسىلەر سېنىڭ ئۈچۈن گۈزەل چۆچەك بولۇپ قالارمۇ؟ بالام، ئۇلار گۈزەل چۆچەك ئەمەس، داداڭنىڭ، يېزىدا چوڭ بولۇپ شەھەردە ياشاۋاتقان تالاي دادىلارنىڭ جەلپكار ئۆتمۈشى، مەندىكى ئادىمىيلىك خۇرۇچلىرى ئەنە شۇ سەھرادىن كەلگەن. يېزا ۋە تەبىئەت مېنىڭ تۇنجى مەكتىپىم، دېمەك ھەممەيلەننىڭ يىلتىزى سەھرادا، سەلتەنەتلىك شەھەرنىڭ يىلتىزىمۇ تەبىئەت، ئاشۇ كۆرۈنۈشلەر سەھرادا يەنە بار، تەبىئەتتە يەنە بار، ساڭا يەنە ئاشىدۇ.

ئوغلۇم، 25 يېشىغىچە ئانا سەھرانىڭ ھىدىغا قېنىپ چوڭ بولغان داداڭ سېنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تەبىئەتنىڭ دىدارىغا قاندۇرىدۇ، كىتابىنىلا ئەمەس، ئادەملەرنى، تەبىئەتنى ئوقۇپ، جىق نەرسىنى چۈشىنىسەن. پەزىلەتنى ئۆزلەشتۈرىسەن. قەلب كۆزۈڭدە قارىساڭ، كىتابلاردا دېيىلمەي قالغان جىق نەرسىلەر تەبىئەتتە بار.

سەھرادا قىرى ياڭاقنىڭ كەينىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان مىس لېگەندەك قۇياش بىزگە ئىككى قەدەم نېرىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقاندەكلا تۇيۇلىدۇ. شەھەردىكى قۇياش تولىمۇ يىراقتىن كۆتۈرۈلىدۇ. خۇددى قۇياش شەھەرنى تاشلاپ كېتىۋاتقاندەك، سەھەر ـ كەچلەردە سەھرادىكى لاي سۇۋاق ئۆگزىدە تۇرۇپ قارىساڭ ياپېشىل بوستانلار ئارىسىدىكى مورىلاردىن ئوتۇننىڭ كۆپكۆك ئىسى يىلاندەك ئاستا تولغىنىپ كۆككە ئۆرلەيدۇ، باشقىلار مۇنداق نەرسىلەرگە ئانچە دىققەت قىلمايدۇ، كۆككە ئۆرلىگىنى ئىس ئەمەس، گوياكى ئەرش بىلەن پەرشنى تۇتاشتۇرىدىغان كۆپكۆك رىشتە، نەقىشلىك چىرايلىق ئوچاقلاردا گۈرۈلدەپ كۆيۈۋاتقىنى ئۆرۈك ئوتۇنى ئەمەس، ئەنئەنە، مۇھەببەت ۋە ئارمان.

تېخى يېقىنغىچە مىس قوڭغۇراقلىرىنى جىرىڭلاتقىنىچە ھارۋا كارۋىنى سەپ تارتىپ بازارغا باراتتى، ئەمدى ئۇ كارۋانلار يوق، سۇ تۈگمىنى، ماي قاپاق، قىل خۇرجۇن، يىراق جاڭگالدىن شەھەرگە تەبىئەت ۋە مۇھەببەتنى توشۇيدىغان ئوتۇنچىلار كارۋىنى... نۇرغۇن نەرسىلەر يوقلۇق دېڭىزىغا قۇيۇلۇپ كەتكەن. شېغىل تاشلىق تار يوللار داغدام ماي يوللارغا ئايلاندى، يوللار تار، ئۆيلەر پاكار چاغلاردا كۆڭۈللەر كەڭ ئىدى، كۆڭۈل كۆڭۈلدىن سۇ ئىچىدىغان ئۇ زامانلاردا ئىچىدىغان ئىچكۈلۈكلەر بۈگۈنكىدەك مول ئەمەس ئىدى.

ئوغلۇم، سەھرادا مەھەللىنى بېشىغا كىيىپ كېچىچە قاۋايدىغان «ناخشىچى» ئىتلار، باغلاردا قوغلىشىپ ئوينايدىغان كەپسىز توشقانلار، ئۆرۈك شېخىدا تاڭنى چىللايدىغان سەگەك خورازلار، بۇغدايلىقلارنىڭ قىرىدا خۇشال سايرىشىدىغان بوز تورغايلار، تاپانلارغا ھارارەت بېرىدىغان مېھرى ئىسسىق توپىلاك يوللار، بىرسى ھاڭرىسا قالغانلىرى ئەگىشىپ ھاڭرايدىغان ئېشەكلەر؛ مۆرەپ، مەرەپ قۇلاق ـ مېڭەڭنى يەيدىغان كالا ـ قويلار؛ داننى ئىگىسىدىن يەپ، قوشنىلارنىڭ سامانلىقىغا تۇغۇپ قويىدىغان سېخىي توخۇلار ماشىنىلارنىڭ غارقىرىشىدىن پەرۋايى پەلەك مەھەللىنى ئاۋاتلاشتۇرۇپ تۇرىدۇ، ئېشەكلەر بىلەن ماشىنىلار تەڭلا ھاڭرايدىغان بۇ ھالەت ئۇيغۇر يېزىلىرىنىڭ كومېدىيەلىك كۆرۈنۈشى.

ئوغلۇم، داداڭ چوڭ بولغان يۇرت دىيارىمىزنىڭ جەنۇبىدىكى تولىمۇ چىرايلىق يۇرت. ئەجدادلارنىڭ شانۇ ـ شەۋكىتىنى، باتۇرلۇقىنى، نوچىلىقىنى ۋە قامىتىنى ئەسلىتىدىغان قارامتۇل تاغلار يۇرتىمىزنىڭ شىمالىنى قورۇقداپ تۇرىدىغان قاراۋۇلغا ئوخشايدۇ. باش ـ ئۇچىغا كۆز يەتكۈسىز بۇ بەھەيۋەت تاغلار ئارمانلاردەك يىراق ـ يىراقلارغا سوزۇلغان، ياپېشىل ئېكىنزارلىق يىراقلاپ، تاغلار ۋە ئۇپۇق بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن. مەغرۇر قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان تاغلارغا ھەر نەزەر سالساڭ، پانىي دۇنيانىڭ ئالدىراشچىلىقىدا يوقىتىپ قويغان چىن تۇيغۇلىرىڭنى، بىھۇدە غەمنىڭ دەستىدىن ئۇپراپ تۈگەپ كېتىۋاتقان ئادىمىيلىكىڭنى، تەبىئەتتىكى سۈكۈناتقا يوشۇرۇنغان گۈزەللىكنى، ئۇلۇغۋار مەتانەتنى ئېسىڭگە ئالىسەن.

كىتابتىن، شەھەرنىڭ ئالدىراشلىقىدىن، خىياللىرىمنىڭ تەگسىز قويىنىدىن سۇغىرىلىپ چىققانلىرىمدا ئانا سەھرايىمنىڭ چىلان تۇپراقلىرىنى دەسسەيمەن، تۇپراقنى بۇرنۇمغا ئۇزاق تۇتۇپ ھىدلايمەن، تۇپراقتىن مۇھەببەت، تەبىئەت ۋە سەممىيەتنىڭ ھىدى كېلەتتى، تۇپراقتىن كەلمىش ۋە كەتمىشنىڭ تەسۋىرى ئايان ئىدى. قولۇمدا تۇرغان بىر سىقىم قارا تۇپراق قارا تاشلىق قامۇستەك نۇرغۇن نەرسىلەرنى دەپ بېرەتتى، تۇپراق تولىمۇ كۆتۈرۈشلۈك يارىتىلغانىكەن، نۇرغۇن پاسكىنىچىلىقنى شۇ تۇپراق سىڭدۈرۈپ،

سىڭدۈرۈپ، بىزگە ئاپپاق ئاشلىقنى، قۇۋۋەتلىك گۆشلەرنى، تەملىك مېۋە - چېۋىلەرنى ۋە گۈتىياشلارنى چىقىرىپ بېرىدىكەن، تۇپراق دېمەك ئۈنسىز قۇربانلىق، چىدام، مۇھەببەت دېمەكتۇر.

سەھرايىمغا ھەر بارسام، تازا بىر تەرلىگۈدەك ئىش قىلىۋالىمەن، قولۇمدا ھىلال ئايغا تەققاسلانغان ئورغاقنى قوناق ئورۇۋاتىمەن، شۇ كۈنلەردە ماشىنىدىن ئېشىپ قالغان بىردىنبىر ئورما قوناق ئورمىسى بولۇپ، مۇشۇنچىلىك قول ئەمگىكىنىڭ ماشىنىدىن بىزگە ئاشقىنىغا تەشەككۈر دېدىم، تۇرمۇشتا ماشىنىلىشىپ كەتسە زادىلا بولمايدىغان نەرسىلەرمۇ بولۇشى كېرەك.

قولۇم ئورغاقتا، كۆزۈم قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بەھەيۋەت تاغلاردا. خۇددى كۆكنى تىرەپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدىغان بۇ تاغلار مۇشۇ زېمىننىڭ تالاي ئەسىرلىك سىر - ئەسنالىرىنىڭ ھەيۋەتلىك قاتمىسىدەك، ماڭا نېمىدۇ بىر نەرسە دېمەكچىدەك تۇيۇلدۇ، يوللار، ئۆيلەر، خىياللار، دەرەخلەر تالاي ئۆزگەردى، مۇشۇ تاغلارلا شۇ پېتىچە.

بەزىلەر: «تاش شەھەردە ياشىغانلارنىڭ يۈرىكىمۇ تاش» دېيىشىدۇ. يېزىدىن شەھەرگە كىرگەنلەرنىڭ پۇلنى، كىچىككىنە ھوقۇقنى، ئازغىنە مەنپەئەتنى دەپ ئالتۇنغا بەرگۈسىز سەممىيەتتىن، گۈزەل پەزىلەتلەردىن مەھرۇم بولۇۋاتقىنىنى، ئادەملەرنىڭ ئەسلىي رەڭگىنىڭ ئۆڭۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى، شەھەرنىڭ بوسۇغىسىغا كېلىۋېلىپلا يېزىدىكى تۇغقانلىرىنى كۆرسە چىرايىنى پۈرۈشتۈرىدىغان بولۇۋالغىنىنى تولا ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ئەمما، شەھەردە كىشىلەر سۈرئەت، ئۇنۇم قوغلىشىپ ياشايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە شەھەرلىكلەرنىڭ شەھەرچە خۇي - پەيلى، ئۆرپ - ئادىتى ۋە مەسلەك - مىزانلىرى ئەڭ ئاۋۋال شەھەرنىڭ ۋۇجۇدىغا ئۆزلىشىدۇ، شەھەرلەردىن كەڭ سەھرا - قىشلاقلارغا تارايدۇ، دېمەك، بىزدە يېزا بىلەن شەھەر مۇشۇنداق روشەن پەرقلىق بولۇپ قالغان.

ھەممە يۇرتنىڭ ھەر تۈرلۈك ئادەملىرى، تۈرلۈك ئىقلىمنىڭ ئۆرپ - ئادىتى، مەسلەك - مىزانلىرى بىلەن ئاۋاتلاشقان بۇ داشقايناق شەھەر نېمىلا بولمىسۇن ياخشىلار سەۋەبىدىن بەرىكەت، رىزىق ياغدىغان شەھەر، شۇڭا بۇ شەھەرگە دىيارىمىزنىڭ تەرەپ - تەرەپلىرىدىن ئادەملەر كەلكۈندەك ئاقىدۇ، دىيارىمىزدا شەھەرنى كۆرمەي ئۆلۈپ كېتىدىغانلارمۇ بار.

تاش ئورمان قەد كۆتۈرگەن بۇ شەھەر ناۋادا سەممىيەتتىن، يۈرەكنىڭ بېغىشىدىن ئېتىلىپ چىققان چىن كۆڭۈللەردىن، مۇھەببەتتىن ئايرىلىپ قالسا، راستىلا تاش شەھەرگە ئايلىنىپ قالىدۇ. تاش ھەرقانچە قاتتىق بولسىمۇ، تامچە سۇ ئۇنى تېشىدۇ، نان بىلەن قوشۇپلا ۋىجداننى ۋە ئىنسابنى يەۋەتكەن تالاي ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا يا شايدىغان بولدۇق، شۇڭا تولىمۇ ھوشيار بولۇشقا توغرا كېلىدۇ ئوغلۇم.

قارىغايدەك بەردەم، قارىغايدەك ھەردەم ياپيېشىل ياشا ئوغلۇم. قىستاڭچىلىق بولسىمۇ، بەرىكىتى كەڭ بۇ شەھەردە سېنىڭمۇ ھالاللاپ يەيدىغان، تىرىشىپ - تىرمىشىپ تاپىدىغان رىزقىڭ، نېسىۋەڭ بار، تەپەككۇر، ئىنساب - ئىمان ۋە ئىشچانلىق ساڭا يار بولسۇن.

2011 - يىلى ئۆكتەبىر

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ دوكتور ئاسپىرانتى.

بۇ سانىنىڭ ئەسەرلىرى «شىنجاڭ گېزىتى» باسما ئىشلىرى مەركىزى ئۇيغۇرچە كومپيۇتېر بۆلۈمىدە تىزىلدى؛ بۇ سانىنىڭ تەكلىپلىك تەھرىرى: ئايگۈل ئەمەت؛ كوررېكتورى: رەنا ئەمەت؛ مۇقاۋا ۋە قىستۇرما سۈرەتلەرنى ئىشلىگۈچى: مەرىيەمگۈل ئىدرىس (تەكلىپلىك)، بەتچىك: ئىسھاقجان ئىبراھىم قاراتېكىن (تەكلىپلىك).

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قۇربانجان ئابدۇقادىر

# كىرزىس قەيەردىن باشلىنىدۇ؟



(«جەمئىيەتشۇناسلار نىمە دەيدۇ» [1] ناملىق كىتابىنى ئوقۇغاندىن كېيىن)

«جەمئىيەتشۇناسلىق ــ ئىجتىمائىي قۇرۇلما ۋە ئىجتىمائىي ئالاقىنى ھەم ئۇلارنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان ئامىللارنى ئىلمىي يوسۇندا تەتقىق قىلىدىغان پەن» [2] دەپ باشلايدۇ ئاپتور كىتابىنىڭ 1 ـ بابىنى. ئىنسان ھەر دائىم ئىجتىمائىيلىشىش ئىچىدە تۇرىدۇ، ئىنساننى ئىجتىمائىيلىقتىن سۇغۇرۇپ ئېلىش مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئەلۋەتتە. ئەگەر ئىنساننى ئەڭ پىنھان ماكاندا، ئۆزى يالغۇز ھالەتتە تەسەۋۋۇر قىلغىنىمىزدىمۇ، ئۇ يەنىلا روھ، ئىدراك ۋە نەپسى، شۇنداقلا بۇلارغا باغلانغان تاشقى دۇنيا ئارىسىدا ھامان ئىجتىمائىيلىشىۋاتقان بولىدۇ، پەقەت بىز ئىنسان ئۈچۈن مۇئەييەن ماكان ۋە زاماننى تەسەۋۋۇر قىلالىساقلا بۇ خىل ئىجتىمائىيلىشىشنى تەسەۋۋۇر قىلساق بولۇۋېرىدۇ. شۇنداقكەن ئادەم جەمئىيەتنى، جەمئىيەت ئادەمنىڭ ئىجتىمائىيلىقىنى شەرت ۋە نەتىجە قىلغان بىر خىل ئۈزلۈكسىزلىكنى ئىپتىراپ قىلماي بولمايدۇ، ئەلۋەتتە، بۇ يەردىكى ئادەم بىلەن جەمئىيەتنىڭ بىر ـ بىرىگە ھەم شەرت ھەم نەتىجە بولۇۋاتقانلىقنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك، شۇندىلا ئادەمنى نوقۇل ھالدا ئىجتىمائىي قۇرۇلما ۋە ئىجتىمائىي ئالاقە شەكىللىرىنىڭ قۇلى قىلىۋېتىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

كارل ماركىسنىڭ قارىشىچە، ئىقتىساد دۇنيانىڭ سىرلىق ماھىيىتىنى چۈشىنىشتىكى ھالقىلىق ئامىل. كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادقا بولغان باغلىنىش مۇناسىۋىتى ئۇلارنىڭ ھاياتىنى بەلگىلەيدۇ.[3] ئۇ يەنە ئىنساننىڭ ياتلىشىشنى ئۇنىڭ ئىنسانلىق ماھىيىتىنى ئىنكار قىلىۋاتقان ئىجتىمائىي قۇرۇلمىغا باغلايدۇ.[4] ۋەھالەنكى، ئىنسان ئەينى ئىجتىمائىي قۇرۇلمىدىن ھالقىپ تۇرۇپ ۋە ئەينى ئىجتىمائىي قۇرۇلمىغا شەرت بولۇش سالاھىيىتى بىلەن پىكىر قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىقتىساد بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى، شۇنداقلا ئىجتىمائىي ئەمگەك جەريانىدىكى ئالاقە شەكلىنى بەلگىلەش ۋە تاللاش، ھەتتا قايتا قۇرۇش مەجبۇرىيىتى ۋە ھوقۇقى بارمۇ ـ يوق، دېگەن مەسىلە ياتلىشىش ئىجتىمائىيلىقنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ئىنسانلار ئويلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلىدۇر.

«ئىنساننىڭ ماھىيىتى ئۆزى ياشاۋاتقان دۇنيانى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ قىلغان ئەمگەكتە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. لېكىن ئىقتىسادىي مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدا، ئەمگەك ئىگىسى ئۆز مېھنىتىنىڭ نەتىجىسىگە ئىگە بولالمايدۇ»[5] دەپ يازىدۇ كارل ماركىس. شۇنى كۆرۈپ يېتىش كېرەككى، ئەمگەك ئىگىسى ياراتقان «مېھنەتنىڭ نەتىجىسى». دېمەك، دەل ئىقتىسادىي بازىس ئۈچۈن شەرت بولغان ئىقتىسادتۇر. ۋەھالەنكى، ئىنساننىڭ ماھىيىتىنى تەشكىل قىلغۇچى «ئەمگەك ھەمكارلىقى» بولسا دەل ئىجتىمائىيلىقتۇر. دەرۋەقە، ئىقتىسادىي بازىس، سىنىپىي ئاڭ، سىياسىي ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىنسان ئىجتىمائىيلىقىنىڭ مەھسۇلى.

ئىمىل دۇركىم بىر جەمئىيەتنىڭ ماھىيىتىنى تۆۋەندىكى تۆت نۇقتىدىن شەرھىلەيدۇ: (1) ئىجتىمائىي مىزان ۋە قائىدە ـ يوسۇن (2) تۈزۈلمە (3) سىمۋول ۋە مۇراسىم (4) ئىش

**مەدەنىيەتنىڭ پىكىر يولى**

تەقسىماتى.[6] دۈركىمنىڭ نەزەرىدە دىن، مائارىپ ۋە ئىقتىساد بىر جەمئىيەتنىڭ ئاساسلىق تۈزۈلمىلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

ئېيتىش كېرەككى، ئېتىقاد ئالدى بىلەن بىر خىل قەلب پائالىيىتى، ھەرقانداق بىر ئېتىقاد شەكلى ئەمەلىيەتتە بىر دىن (مەيلى ئۇ دىن ئاتالسۇن ياكى ئاتالمىسۇن). تېگى-تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئېتىقادسىزلىقنىڭ ئۆزىمۇ بىر خىل ئېتىقاد. ھەرقانداق بىر ئېتىقاد سىستېمىسىدىكى ئىجتىمائىيلىق قۇرۇلۇشى ئالدى بىلەن شۇ ئېتىقاد ئىگىسىنىڭ ئۆزلۈكىنى تەبىرلەش بىلەن باشلىنىدۇ. بۇ تەبىر ئەمەلىيەتتە شۇ شەخسنىڭ ئىجتىمائىي ئۆزلۈكىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت شەكىللىرى ئۈچۈن سىزىلغان خەرىتە ھېسابلىنىدۇ. ھەممىمىزگە تونۇشلۇق بولغان ئالما مەھسۇلاتلىرىنىڭ بەرپاچىسى ستىۋ جوبىس شۇنداق دەيدۇ: «بىزنىڭ ئالەمدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاللىقاچان ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ئۇنتۇپ كەتتى، ئۇلارنىڭ كىملىكىنى ئەسلىتىشنىڭ بىر ئۇسۇلى بولسا دەل ئۇلارغا ئۇلارنىڭ مەبۇدلىرىنىڭ كىملىكىنى ئەسلىتىشتۇر». [7]

شەخس نۇقتىسىدىن ئىجتىمائىيلىق قۇرۇلۇشى ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت شەكىللىرى ئۈچۈن ئۇل ھېسابلىنىدىغان ئېتىقاد (دىن)نى ئىجتىمائىي قۇرۇلمىلاردا ئەكس ئېتىدىغان تۈزۈلمىنىڭ جۈملىسىدىن ساناش تەنتەكلىك بولسا كېرەك. ئەلۋەتتە، دىن جەمئىيەتنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىشتىكى ئالدىنقى ئامىل، شۇنداقلا ئۇ ئىجتىمائىي مىزان ۋە قائىدە-يوسۇن، تۈزۈلمە، سىمۋول ۋە مۇراسىم ھەمدە ئىش تەقسىماتى قاتارلىقلار بىلەن شۇ جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش سۈپىتىگە كۆرە ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ.

ئەقلىيلىشىش ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ مۇقەررەر تەلەپى. ئەمما ئىجتىمائىي رېئاللىقىمىزدا ئەقلىيلىشىش قانچە كۈچلۈك بولسا ئىنساندىكى ياتلىشىش بۇنىڭغا ئوڭ تاناسىپلىق ھالدا ياندىشىپ ماڭىدى. بۇ بىزگە ئەقىل بىلەن ئىنسان ماھىيىتى ئارىسىدا قانداقتۇر زىددىيەت باردەك تۇيغۇنى بېرەتتى. بۇ نۇقتىدا جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ نەزەرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. ماكس ۋېبېرنىڭ تەھلىللىرىدە غەرب كاپىتالىزم جەمئىيىتىدە ئەقلىيلىشىشنىڭ ئاساسلىق يۈزلىنىش ئىكەنلىكى قەيت قىلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئەقلىيلىشىش جەريانىنىڭ كاپىتالىزم جەمئىيىتىنى ئاخىر بيۇروكراتلىقنىڭ «تۆمۈر قەپەس»گە سولاپ قويىدىغانلىقىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلمايدۇ.[8] بۇ ئۆز نۆۋىتىدە كارل ماركىسنىڭ «ياتلىشىش» نەزەرىيەسى بىلەن ئۇدۇل كېلىدۇ. ماكس ۋېبېرنىڭ قارىشىچە، بىر جەمئىيەتتە زامانىۋىلىققا قاراپ يۈرۈش قىلغانسېرى مەنە ئاز قالىدۇ.[9] بۇ ھال بىزنىڭ ئالدىمىزغا ئەقلىيلىشىش بىلەن ئىنسان ماھىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى ئوڭ تاناسىپلىق مۇناسىۋەتنى بەرپا قىلغىلى بولامدۇ؟ ئەگەر بولسا ئۇلار ئارىسىدىكى تەڭشەك نېمە؟ دېگەن سوئاللارنى تاشلايدۇ. ئەجەبا ئىنسان زامانىنىڭ مۇقەررەر ئالدىغا قاراپ مېڭىشى ئالدىدا تاللاش ئىمكانىيىتىگە ۋە ئۆز ئىجتىمائىيلىقى ۋە ئىجادچانلىقىدىن ۋاز كېچىش قۇدرىتىگە ئىگىمۇ؟

سۆزنى ئەقىلنىڭ رېئاللىقىدىن باشلاش كېرەك. ئەقىل ئىنساننىڭ ماددىي ئوبيېكتلار ئالدىدىكى پىكىر قورالى. بۇ ھۆكۈم مەنىۋىيەت دۇنياسىدىكى قورال — روھقا نىسبەتەن ئېيتىلغان. پەلسەپىدە ئەقلىي يەكۈننى ماددىنىڭ سەزگۈ ئەزالىرى ئارقىلىق مېڭىدە ئەكس ئەتكەن ئىنكاسى دەپ تەبىرلەيدۇ. بىز بۇ يەردە شۇنداق بىر تەسەۋۋۇرنى قىلىشقا ھەقلىقمىز: ئەگەر بىراۋ بۇرۇن پەقەتلا كۆرۈپ باقمىغان ۋە بۇ ھەقتە ھېچقانداق بىر ئۇچۇر ئاڭلاپ باقمىغان نەرسىگە دۇچ كەلگەندە، بۇ ھەقتە قانداق ئەقلىي يەكۈن چىقىرىدۇ؟ شۇنىسى ئېنىقكى، ئۇ كىشى بىر بولسا ئۇ نەرسە ھەققىدە باشقا مەنبەلەردىن مۇئەييەن مەلۇماتلارنى ئىزدەيدۇ ۋە ياكى بىر بولسا ئۇ نەرسە ئۈستىدە ئىستىخىيەلىك ھالدا قول سېلىپ تەجرىبە ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق مۇئەييەن ئۇچۇر توپلايدۇ. بۇ نۇقتىدا شۇنى ئايدىڭلاشتۇرىدۇكى، ئوبيېكت ھەققىدە ئەقلىي يەكۈن چىقىرىش ئۈچۈن سۇبيېكت چوقۇم ئۇ ھەقتە ئالدىن مەلۇماتقا موھتاج بولىدۇ. پەقەت ئوبيېكت ھەققىدە ئالدىن مەلۇمات، مېڭە، سەزگۈ ئەزالىرى، شۇنداقلا ئوبيېكتتىن ئىبارەت مۇشۇ تۆت ئامىل تەڭ مەۋجۇت بولغاندىلا، ئاندىن ئەقلىي يەكۈن چىقىرىش مۇمكىن. شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، ئەقلىي يەكۈن چىقىرىلماقچى بولغان ئوبيېكت سەزگۈ ئەزالىرى بىلەن ئەينى بىر كونتېكستتا ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىشەلەيدىغان بولۇشى كېرەك. پەقەت مۇشۇ شەرتلەر ھازىرلانغاندىلا ، ئاندىن ئەقىل ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ. دېمەك، ئەقلىي يەكۈنگە ئېرىشىش جەريانىدا ئالدىن مەلۇمات كەم بولسا بولمايدۇ. يەنى بۇ

ئالدىن مەلۇمات ئەقلىي يەكۈن چىقىرىش ئۈچۈن تايانچلىق رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا ئوبيېكت ھەققىدىكى ئالدىن مەلۇمات توغرا بولسا، ئەقلىي يەكۈنمۇ توغرا بولىدۇ، ئەگەر ئالدىن مەلۇمات خاتا بولسا ئەقلىي يەكۈنمۇ خاتا بولىدۇ (ئەلۋەتتە بۇ يەردە مېتودمۇ ئىلىك ئېلىنىشى كېرەك).

ئۇنداقتا ئەقلىيلىشىش دېگەن نېمە؟ بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان ئەقلىيلىشىش ئىنسان مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ھەر بىر ساھەلىرىدە ئىنچىكىلىشىشنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ۋاستىسى ئەقلىي ھەرىكەت، نەتىجىسى زامانىۋىلىشىشتۇر.

«جەمئىيەتشۇناسلار نېمە دەيدۇ»دا كۆرسىتىلىشىچە، گېرمانىيە جەمئىيەتشۇناسى ئۇلرىچ بېك زامانىۋىلىشىش مۇساپىسى جەريانىدا بارلىققا كېلىۋاتقان تۈرلۈك خېيىم-خەتەرلەرنى جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلغان بولۇپ، ئۇ نۆۋەتتىكى غەرب جەمئىيىتىنى «ئىككىنچى زامانىۋىلىق» دەۋرىدە ياشاۋاتىدۇ دەيدۇ، بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلۇۋاتقان «ئىككىنچى زامانىۋىلىق» بولسا زامانىۋى تۈزۈملەر يەرشارىلاشقان، كۈندىلىك ھايات ئەنئەنە ۋە ئۆرپ-ئادەتنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلغان بىر دەۋردۇر. غەرب دۇنياسىدا كونا سانائەت ئاساس قىلىنغان جەمئىيەتنىڭ ئورنىنى خېيىم-خەتەر يامرىغان بىر جەمئىيەت ئىگىلىمەكتە.[10]

ئۇنداقتا زامانىۋىلىق نېمە ئۈچۈن خېيىم-خەتەرگە ھامىلدار؟ ھالبۇكى بۇ خېيىم-خەتەرلەرگە تاقابىل تۇرۇشتا ئالىملارغا ياكى سىياسىيونلارغا تايىنىپ ئىش ھەل قىلغىلى بولمايتتى[11].

ئەگەر مەسىلىگە ئۇدۇل جاۋاب بېرىش ئاقىلانىلىك بولسا، ئۇنداقتا مەسىلە دەل ئەقىلنىڭ رېئاللىقنى تونۇماسلىقتىن كەلدى، ئەقىل بىلەن ئىنسان ماھىيىتىنى تەڭشەپ تۇرغۇچى ئامىلغا سەل قاراشتىن، شۇنداقلا نوقۇل ئەقلىيلىشىش ۋە تاق يۆنىلىشلىك زامانىۋىلىقنى قوغلىشىشتىن بولدى. ۋەھالەنكى، مەسىلە ئوتتۇرىغا چىققان ۋە بىزنى مات قىلغاندىن كېيىنمۇ يەنىلا ئۈزلۈكسىز ھالدا ئەقىل خۇراپاتلىقنى داۋاملاشتۇرۇش بۇ خىل خېيىم-خەتەرلەرنى ئەۋجىگە چىقاردى. ھەتتا ئۇلرىچ بېك بۇ خېيىم-خەتەرلەرگە تاقابىل تۇرۇشتا چوقۇم ھەرقايسى ئىجتىمائىي توپتىكى كىشىلەرنى مۇشۇ سەپكە ئېلىپ كىرىشنى تەكىتلەيدۇ ۋە خەلق بۇ كۆرەش سېپىگە ئۆزلۈكىدىن قاتناشمىسا نېگىزلىك مەسىلىنىڭ ھەل بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.[12]

بەلكىم بۇ جاۋابنى سەل تومتاق ۋە ئۇدۇل ھېس قىلىپ قالغانسىز. ئۇنداقتا ئەگەر بىز ماكس ۋېبېرنىڭ قارىشى بويىچە، ئىجتىمائىي پەننىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ھەرىكەتكە يۈكلەنگەن مەنىنى يېشىپ بېرىشتىن ئىبارەت[13] دەپ قارىساق، ئۇ ھالدا ئىنسانىيەتنىڭ ئەقلىيلىشىش، جۈملىدىن زامانىۋىلىشىش قەدىمىگە ھەمكەش بولۇپ كېلىۋاتقان ئىجتىمائىي پەن زامانىۋىلىقنىڭ نېمە ئۈچۈن خېيىم-خەتەرگە ھامىلدار ئىكەنلىكى ۋە «ئەقىل بىلەن ئىنسان ماھىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى تەڭشەكنىڭ نېمە»لىكىگە جاۋاب بېرىشى كېرەك. جەمئىيەتشۇناسلىق ئېقىملىرى ئىچىدىكى فرانكفورتچىلار ئېقىمىنىڭ ھازىرغىچە ھايات ياشاۋاتقان ئەڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن بىرى، گېرمانىيەلىك مەشھۇر جەمئىيەت نەزەرىيەچىسى يۈرگىن خابىرماس [14] «ئىجتىمائىي پەن لوگىكىسى»، «بىلىم ۋە ئىنسان مەنپەئەتى» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە «پەن — پەقەت ئىنساننىڭ بىرلا مەنپەئەتىگە ياردەم بېرەلەيدىغان بىلىمدۇر» دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.[15] ئەمەلىيەتتە بۇ سوئالنىڭ جاۋابى دەل كىشىلەرنىڭ ئەقلىيلىشىش ھەرىكىتىگە يۈكلەنگەن مەنىنىڭ يېشىمىدىن ئىبارەت.

ۋەھالەنكى، بۇ جاۋاب دەل ئەقىلنىڭ رېئاللىقنى تونۇماسلىق، ئوچۇقراق ئېيتقاندا، زامانىۋىلىق ئۈچۈن چىقىرىلغان ئەقلىي يەكۈنلەردە، مەۋجۇت ئىجتىمائىي رېئاللىق ھەققىدىكى فورمۇلا خاراكتېرلىك ئالدىن مەلۇماتلارغا سەل قاراش ياكى ئېتىبار بەرمەسلىكتىن ئىبارەت.

مەيلى ئېتىراپ قىلايلى ياكى قىلمايلى، ئادەم ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقى ئۈچۈن ئوبيېكتىپ بولغان ئالدىن مەلۇماتلار بار. كىم بولۇشتىن قەتئىينەزەر، قايسى خىل ئەقلىي ياكى ئىجتىمائىي پائالىيەت ۋە شۇ ئاساستا بارلىققا كەلگەن ئىجتىمائىي قۇرۇلما بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەمدە بۇ ھەقتىكى ئىلىم ساھەلىرى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۆزلىرىنىڭ ساغلاملىقى ۋە ئەسلىي ماھىيىتى ئۈچۈن چوقۇم ئەنە شۇ ئالدىن مەلۇماتلارنىڭ ئوبيېكتىپلىقىنى ئېتىراپ قىلىشى ۋە شۇ ئاساستا ئەقلىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشى زۆرۈر.

گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە، نېمىنى ۋە نېمە ئۈچۈن ئوبيېكتىپ بولغان ئالدىن مەلۇمات دەپ ئېتىراپ قىلىش كېرەك؟ دېگەن سوئالغا دۇچ كېلىشمىز مۇمكىن.

خابىرماسنىڭ ئەقلىيلىشىش ھەققىدىكى تەھلىللىرى

www.uyghurkitap.com

ماكېس ۋېبېرنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بولۇپ، ئۇ «بىر جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ھاياتىنى يېتەكلەيدىغان ئومۇمىيۈزلۈك يوسۇنلارنىڭ بولۇشى زۆرۈرلۈكىنى، بۇنداق بولغاندا ھايات دۇنياسىدا زامانىۋىلىق مۇساپىسى قالدۇرۇپ كەتكەن خام خىيال كىشەندىن قۇتۇلغىلى بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ».[16]

ئەلۋەتتە، خابېرماس نەزەرىدىكى «يوسۇنلار» بىلەن بىز دېمەكچى بولغان «يوسۇن» ـــ ئوبيېكتىپ بولغان «ئالدىن مەلۇماتلار»نىڭ بىر نەرسە بولۇشى ناتايىن. ئەمما پىكىر ئەندىزىسىنىڭ ئوخشاشلىقىدا گەپ يوق. دېمەكچىمىزكى، بىزدىن ھالقىپ تۇرۇپ «ئالدىن مەلۇمات»لىق سۈپىتىگە ئىگە، ئوبيېكتىپلىقى بىلەن ھەقىقەت بولغان بىر «يوسۇن» (مىزان)لا ئاندىن «ئەقلىيلىشىش ۋە زامانىۋىلىشىشنى خېيىم - خەتەر ھامىلدارلىقى»دىن، شۇنداقلا ئىنسانىنى «ئۆز ماھىيىتىدىن ياتلىشىش»تىن توسۇپ قالالايدۇ، ئىنسانىيەتنىڭ بۇنداق ئۈلگە دەۋرلىرى بولمىغانمۇ ئەمەس.

«نېمە ئۈچۈن»گە جاۋاب بېرىش قىيىن ئەمەس. ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان مەنىۋى ئۇقۇملار ۋە ماددىي ئاساسلاردىكى سەۋەب نېمە؟ ئاسمان - زېمىننىڭ مەۋجۇتلۇق ۋە يۈرۈشۈش قانۇنىيەتلىرىنىڭ قايسى بىرى سىز ۋە بىزنىڭ سۇبيېكتىپ خاھىشىمىزغا بېقىندۇ؟ ئەنە شۇ ئاسمان - زېمىننىڭ تەرتىپلىك ھەرىكىتىنى بەلگە ۋە بىز بىلمىگەن ھېكمەتلىرىنى قىممەت قىلىپ داۋاملاشقۇچى زامان بىزنى كۈتۈپ تۇرامدۇ؟ ئەجابا سىز ۋە بىزنىڭ ئىجتىمائىيلىقىمىز ئەنە شۇ ماكان ۋە ئەنە شۇ زاماننى شەرت قىلىدىيۇ، ئەمما بىز ئىجتىمائىيلىق قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تايانچ فورمۇلا سۈپەتلىك بۇ مەلۇماتلارنى بىزنىڭ ئىجتىمائىيلىقىمىزنىڭ كەينىگە قويۇپ تەسەۋۋۇر قىلىشىمىز ۋە ئۇنىڭ ئوبيېكتىپلىقىنى ئېتىراپ قىلماسلىقىمىز نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟

قېنى ئەمدى پىكىر يولىمىزنى روھىيەت داۋانلىرىغا ئۇلاپ كۆرەيلى ۋە روھىمىزغا بېرىلگەن مەلۇماتلارنى تىڭشايلى. شۇ دەقىقىدە قەلبىمىز بىر ھەقىقەتكە جەلپ بولىدۇ. ئەمما بۇ ھەقىقەتنى قانداق قىلىپ سەزگۈ كونتېكىستىدا بىردەك بولمىغان ئەقىل قەلىمى بىلەن شەرھلىگۈلۈك؟! بۇ تۇيغۇ شېئىرىي پىكىرگە قىستايدۇ، ئەمما قۇربەت يوق. چۈنكى، ئۇنىڭدەك بىر ھەقىقەتنى تىل تۇلپارىغا يۈكلەپ زاھىرىي دۇنياغا تۇغۇلدۇرۇشقا سازاۋەر قىلغۇدەك پاكىز قەلب ۋە قىممەتلىك جۈرئەت نەلەردە ئۇنتۇلدى؟! بەلكى شۇ دەقىقىدە بىز ئىككى ئادەمدۇرمىز. بىر بەدەنگە ھەم سىغقان ھەم سىغىشمايدىغان ئىككى ئادەم. بۇ ئىككىلىك بىر-بىرىنى ئۇنتۇش، يېڭىلاش ۋە ئالمىشىش داۋانلىرىدا بىزگە شاھىت بولماقتا.

شۇ چاغدا بەلكىم ئەقلىنىڭ، زامانىۋىلىقنىڭ بەخت ياكى ئاپەتكە مەنبە بولۇشىدىكى سەۋەبىنىڭ ئۇلارنىڭ ئەنە شۇ ھەقىقەت ئالدىدىكى سالاھىيىتىگە باغلىق ئىكەنلىكىنى سېزىپ ئۈلگۈرىدىغاندىمىز. ئىنسانىيەتنىڭ ھەر بىر قېتىملىق يىمىرىلىشىمۇ ھەم مۇشۇ سالاھىيەتنىڭ سۈپىتىگە كۆرە بولىدۇكى، ھەرگىزمۇ ئەقىل ۋە زامانىۋىلىقنىڭ دەرىجىسىگە كۆرە بولمىدى. يېڭى خېيىم - خەتەر ۋە ئېنىقسىزلىققا ھامىلدار دۇنيا[17]دا ھەر بىر جەمئىيەتنىڭ ھەممە شەخسىنىڭ ئۆزگە خاس ئىجتىمائىي كىرىزىسلىرى بولىدۇ. بىزنىڭ كىرىزىسىمىز نېمە؟ ئۇنىڭ ئاچقۇچىچۇ؟

شۈبھىسىز شەكسىزكى، ئىنسانىيەت پاجىئەلىرىنىڭ مەنبەلىرى دەل ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقەت يارىتىشقا ئۇرۇنغانلىقى ياكى ئوبيېكتىپ ھەقىقەتكە بولغان ھۆرمەتسىزلىكىدە.

**ئىزاھات:**

[1] زۇلپىقار بارات ئۆزباش: «جەمئىيەتشۇناسلار نېمە دەيدۇ»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2011 - يىلى 10 - ئاي نەشرى.
[2] «جەمئىيەتشۇناسلار نېمە دەيدۇ»، 1 - بەت.
[3] «جەمئىيەتشۇناسلار نېمە دەيدۇ»، 22 - بەت.
[4] «جەمئىيەتشۇناسلار نېمە دەيدۇ»، 19 - بەت.
[5] «جەمئىيەتشۇناسلار نېمە دەيدۇ»، 19 - بەت.
[6] «جەمئىيەتشۇناسلار نېمە دەيدۇ»، 43 -، 45 - بەت.
[7] «جەمئىيەتشۇناسلار نېمە دەيدۇ»، 33 - بەت.
[8] «جەمئىيەتشۇناسلار نېمە دەيدۇ»، 34 - بەت.
[9] «جەمئىيەتشۇناسلار نېمە دەيدۇ»، 282 -، 283 - بەت.
[10] «جەمئىيەتشۇناسلار نېمە دەيدۇ»، 283 - بەت.
[11] «جەمئىيەتشۇناسلار نېمە دەيدۇ»، 284 - بەت.
[12] «جەمئىيەتشۇناسلار نېمە دەيدۇ»، 33 - بەت.
[13] «جەمئىيەتشۇناسلار نېمە دەيدۇ»، 174 - بەت.
[14] «جەمئىيەتشۇناسلار نېمە دەيدۇ»، 185 - بەت.
[15] «جەمئىيەتشۇناسلار نېمە دەيدۇ»، 184 - بەت.
[16] «جەمئىيەتشۇناسلار نېمە دەيدۇ»، 255 - بەت.

---

(ئاپتور: جۇڭگو ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ خادىمى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نەزىرە مۇھەممەد سالىھ



# كىتاب مېنىڭ سۆيگىنىم

— يېقىندا نەشر قىلىنغان «باي ئاكامنىڭ خورجۇنىدىكى 68 گۆھەر» ناملىق كىتابقا ئىلاۋە

1

ئالغان قولدىن بەرگەن قول ياخشى، ئاجىزلارغا خەيرلىك قولنى سۇنالايدىغان، ئائىلىنىڭ يۈكىنى ئەرلىك شىجائىتى بىلەن ئۈندىمەي كۆتۈرۈپ، خوتۇن - بالىلىرىنى نامراتلىق كوچىسدا تەلمۈرتۈپ قويمايدىغان ئەقىدىلىك يىگىتلەر بىز ئۇيغۇر خوتۇن - قىزلىرىنىڭ پەخرى - غۇرۇرى، يۆلىنىدىغان تېغى ۋە بەختىمىزنىڭ چىرىغى. مەن ھەق يولنى تۇتقان، ھىدايەت نۇرى قەلبىنى يورۇتقان، كېيىنلىكى ئۈچۈن قانداق تەييارلىق قىلىشنى بىلگەن ھەر بىر ئۇيغۇر ئوغلانىغا يەنە دۇنيالىق ئىشلىرى ئۈچۈن بۇ كىتابنى سىقىندىم. چۈنكى، مېنىڭ يېنىمغا خازان بولغان گۈلدەك شۇنچە نۇرغۇن ئاياللار دەرد ئېيتىپ كېلىشىدۇ. ئۇلار بىر بولسا يوقسۇللۇق سەۋەبىدىن تۇرمۇشنىڭ خۇۋلۇقنى كۆرمەي بالدۇرلا سولغان، بىر بولسا، ئەرنىڭ بېشىغا دۆلەت سايىسى چۈشۈشى بىلەن ئۆيى غېرىب بولغان، دىلى ئازار يېگەن. دېمەكچىمەنكى، ھەر ئىككىسىنى «بايلىق» دېگەن بىر سۆزگە يىغىنچاقلاش مۇمكىن.

ئۆز مەجبۇرىيىتىنى بىلگەن مۆمىن ئەر جېنىنى خار قىلسىمۇ ئۆز ئەھلىنى خارلىققا قويمايدۇ. مال - دۇنيا تېپىپ جايىدا تەقسىملەشنى بىلگەن لىللا ئەر ئەھلى - بالىلىرىنى نارازى قىلمايدۇ، شۇنداقلا رىزىق بەرگۈچى، ھېساب ئالغۇچى ئالدىدا ۋاقتى كەلگەندە ئۆزىنىڭ قۇرت - قوڭغۇزدىنمۇ ئاجىز جان ئىكەنلىكىنى ھەرقاچان ئۇنتۇپ قالمايدۇ.

«باي ئاكامنىڭ خورجۇنىدىكى 68 گۆھەر» ناملىق بۇ كىتابتا بىز ئاياللارنىڭ ئەرلىرى، ئوغۇللىرى ۋە ئاكا - ئىنىلىرى ئۆرنەك قىلىشقا، ئەرلىك تاجىغا كۆز قىلىپ سېلىشقا ئەرزىيدىغان قىممەتلىك گۆھەردەك كۆپ نەرسىلەر يېزىلغان. پىكىرلىرىنىڭ ھەممىسىگە قوشۇلۇپ كەتمىسەكمۇ، بايلىق تېپىش يوللىرىدىن باشقا، بۇ كىتابتىكى بىزدە كېمىيىپ كېتىۋاتقان قەدىر - قىممەت كۆز قارىشى مېنىڭ پىكرىم بىلەن بىر يەردىن چىقتى. بۇنىڭ بىلەن ئەرلىرىمىز پۇل بىلەن ئىززەت - ھۆرمىتىنى، ئاياللار قەدىر - قىممىتىنى تاپالىسا ئىدى، بۇ كىتابنى سېتىۋالغانلار مەقسىتىگە يەتكەن، بۇ كىتابنىڭ ئىلاۋىسى ئۈچۈن قەلەم تەۋرەتكەن قوللىرىمنىڭ ھاردۇقى چىققان بولاتتى.

ھەر بىرىڭلارنى مۇشۇنداق ئېسىل كىتابلار بىلەن ۋە كەلگۈسىدە ئۆز كىتابلىرىم بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈشۈمگە نېسىپ قىلغاي.

2

كىتاب - قەغەز سۆيۈملۈكتۇر ماڭا ھەر جايدا يار بولسا،
نادانلار ئالدىدا قەغەز - قەلەم بىئېتىبار بولسا.

سۈكۈناتقا چۆمۈلگەن كائىنات تۈن ئىچرە مەن تەنھا،
نە تەنھا ئۆلپىتىم دىلكەش كىتابىم ياندا بار بولسا.

ئۆمۈر يۇلتۇزلىرىم ساقىپ تۈگەپتۇ بەرق ئۇرۇپ بىر - بىر،
مۆكۈنگەي كۆكتىكى ئەختەر كېتىپ شەب، گەر ناھار بولسا.

قاراپ باقسام تۇرۇپتۇ كۆز ئوڭگۇمدا شۇنچە كۆپ ماۋزۇ،
نىتەي ساقىندى ئۆمرۈمدە قەلەم چارچاپ يازار بولسا.

كىتاب يازدىم ئۆمىدىم شۇكى جاھاندا قالدۇرۇپ كەتسەم،
نىشانەم قالسا ئەۋلادلارغا مەندىن يادىكار بولسا.

بۇ دادامنىڭ مىسرالىرى، ماڭا ئاتا ۋە بىرىنچى ئۇستاز بولغان، ھەتتا ئەڭ يېقىنقى ئەرەب مەتبۇئاتلىرىدا ئەرەبچە يازمىلىرى بىلەن داڭلىق ئىلىم ئەربابلىرى تەرىپىدىن «ئەللامە»

دەپ ئاتالغان سۆيۈملۈك دادام مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىمنىڭ ئۆمۈر تەلقىنلىرىدە كىتابقا ئوقۇغان مەدھىيەسى.

ئەقلىمنى بىلسەم ئۆيىمىز كىتابلار دۇنياسى ئىدى. دادام ياتىدىغان ھۇجرا، كارىۋات بېشى، دېرىزە تەكچىسى، مېھمانخانا ھەممە يەرگە دادامنىڭ ئوقۇيدىغان كىتابلىرى قويۇلغانىدى. بەزىلىرى يىرىك خوتەن قەغىزىگە يېزىلغان، بەزىلىرىگە گۈل ۋە نەقىشلەر سىزىلغان، بەزىلىرىنىڭ قەدىمىلىكىدىن قەغىزى سارغىيىپ كەتكەن، يەنە بەزىلىرى زامانىۋى مەتبۇئاتتا بېسىلغان قاتتىق مۇقاۋىلىق ئېسىل كىتابلار ئارىسىدا يۈرەتتىم ۋە تېزرەك چوڭ بولۇپ بۇ كىتابلارنى ئوقۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم، بەزىدە چوڭ-چوڭ كىتابلارنى قولۇمغا ئېلىۋېلىپ، دادامنىڭ كۆزەينىكىنى كۆزۈمگە تاقاپ ئولتۇرۇپ «مەن ئالىم بولدۇم» دەپ ئاپام، دادىلارنى كۈلدۈرۈۋېتەتتىم. دادام ئۆيدە 30-40 ئەرەبچە تەپسىر كىتابلارنى ئالدىغا يېيىپ قويۇپ كېچە-كۈندۈزلەپ دۇمچىيىپ ئولتۇرۇپ «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەرجىمە تەپسىرىنى ئىشلەۋاتقان ئاشۇ مۇبارەك يىللاردا، مەندە دادامنىڭ ئىشلىرىغا بولغان ھەۋەس ئويغانغانىدى، دادام مېنىڭ قىزىقىشىمنى كۆزدە تۇتۇپ باشلانغۇچتىكى چاغدىلا ماڭا مەخسۇس ۋاقىت ئاجرىتىپ ساۋاق بېرىشكە باشلىدى. ماڭا ئىلىمنىڭ، كىتاب-قەغەزنىڭ ئوتى ئەنە شۇنداق تۇتاشتى. بۇ ئوت مېنى تاۋلاپ ئىلىم يولىدا قىلچە بوشاشمايدىغان جەسۇر خاراكتېرنى يېتىلدۈردى. بۇ ئوت ماڭا يەنە ئالىي مەكتەپنىڭ پىكرىنى قاناتلاندۇرىدىغان ئەدەبىيات كەسپىنى تاللاتقۇزدى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزۈپلا ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭ دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنى ئۇلاپ ئوقۇپ، ئەلا نەتىجە بىلەن گېزىتكە ئىسمىم چىقاندىمۇ، ئوقۇش پۈتكۈزۈش مۇراسىمىدا پادىشاھ شەيخ زايىدنىڭ ئايالى ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ پەخرىي مۇدىرى فاتىمەنىڭ قولىدىن 48 گىراملىق ئالتۇن مېدالنى قولۇمغا ئالغان چاغدىمۇ ئاشۇ ئوت يالقۇنى يۈرىكىمدە ئىدى. كېيىنكى ماگىستىرلىق ئوقۇش ئۈچۈن ئۆمۈر ھەمراھىم ئادىل تۇنىياز ۋە بالىلىرىمنى سۆرەپ ئوتتەك تۇپراق سەئۇدى ئەرەبىستانىغا چىقاندىمۇ باللىقىمدىكى ئاشۇ يالقۇن مېنى ئۆرتەپ تۇراتتى.

ھېلىھەم بىر قولۇمدا چۆمۈچ بولسا، يەنە بىر قولۇمدا كىتاب بار. گەرچە ئىلىم خۇرجۇنۇمغا گۆھەرلەر قاچىلانغان بولسىمۇ، مەن ئەڭ ئاۋۋال بالىلىرىنى تەربىيەلىمىسە بولمايدىغان بىر مەسئۇلىيەتچان ئانا. شۇڭا مەن ئانىلىق شەرىپىنى ئۈستۈمگە ئالغاندىن باشلاپ يۈرەك-پارىلىرىم تالادا باشقىلار ئەتكەن تاماقنى ئەمەس، ئۆيدە ئۆز قولۇم بىلەن تەييارلىغان، مەنبەسى ئېنىق، پاك مەززەگە ئېغىز تېگىشى ھەم ئۇنى كۆڭۈل قويۇپ، تېتىغۇدەك ئېتىشىم كېرەك دەپ قارايمەن. مەن ئوقۇش ۋە مۇساپىرلىق بىلەن پۇرسەتنىڭ يوقلۇقىدىن خېلى كۆپ تاماقنى ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن دوستۇم كىتابتىن ئۆگەنگەن. ھازىرمۇ پات-پات قولى تەملىك خېنىملارنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ، ئۆزۈم كىتابتىن ئوقۇغاننى سۆزلەپ بەرگەچ، ئۇلارنىڭ ھۈنىرىنى ئۆگىنىپ كەم يەرلىرىمنى تولۇقلايمەن، بۇمۇ مېنىڭ كىتابقا ئوخشاشلا بىر ھەۋىسىم.

مەن يەنە خەلقىمگە، بولۇپمۇ ئۆگىنىش پۇرسىتى ئەرلەرگە قارىغاندا ئاز ئۇيغۇر قىز-ئاياللىرىغا ئۆزۈم ئۆگەنگەن ئىلىمنى ئىمكانىيەت يار بەرگەن دائىرىدە يەتكۈزۈشۈم، ئۇلارنى ئىككى دۇنيالىق بەخت يولىغا، سۇنۇق كۆڭلىنى خۇشاللىق نۇرىغا ئېرىشتۇرۇشۇم كېرەك دەپ ئويلايمەن. گەرچە ئوقۇش بىلەن ئۆگەنگەن ئىلىمنىڭ پەزلى يۇقىرى بولسىمۇ دىپلوم مەكتەپتە بىر مەزگىل ئۆگەنگەن كىتابىي بىلىمگىلا شاھىت، ئۇنى ئەمەلىيەتتە تەتبىقلاشقا، داۋاملىق تولۇقلاشقا، شۇ ئاساستا مۇھىم بولغان پايدىلىق كىتابلارنى يېزىشقا توغرا كېلىدۇ، شۇنداقلا دادام بىلەن قىلىۋاتقان نۇرغۇن ئىلمىي ئىشلار ئاخىرىنى چىقىرىشىمغا ئىنتىزار. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىتابنىڭ سىرتىدا نۇرغۇن ئاياللار مېنىڭ ئۆز مەسىلىلىرىگە جاۋاب بېرىشىمنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن سائەت-سائەتلەپ كىتاب كۆرىمەن، كىتابلارنىڭ گۈل تاجىغا مۇراجىئەت قىلىمەن، تورغا چىقىمەن، كونا كىتابلار ئاساسىدا يېڭىدىن ئىجتىھات قىلىمەن. بەزى تېمىلار ئۈستىدە دادام بىلەن بەھس-مۇنازىرە قىلىپ «ساقال غېرىچلاپ» قالىدىغان چاغلىرىمىزمۇ بار. بۇنداق چاغدا دادام ماڭا: «قىزىم، ئەسىرلەردىن بېرى دىيارىمىزدا بىلىمى دېڭىزدەك كەڭ، بىزدىنمۇ ئۆتكۈر، بىزدىنمۇ زەبەردەست ئالىملار چىققان، ئۇلار ھەم بىز ئوقۇغاننى ئوقۇغان، ئاندىن مۇشۇنداق يول تۇتقان. ئەگەر تۇتقان يولى خاتا بولمىسىلا ئىختىلاپ تېرىماي مۇشۇ يولدا مېڭىش ئەۋزەل. چۈنكى، تۇرمۇشتىكى ماددىي نەرسىلەر يېڭىلىنىپ تۇرغان بىلەن روھىي مەسىلىلەرنىڭ جاۋابى قەدىمدىن بېرى ئوخشاش. ئاسمان-زېمىن ئارىسىدا تالاش-تارتىش قىلغان ئىنسانلار زېمىننىڭ يارىتىلىشىغا قارىسا، ئۇششاق دە-تالاشنى تاشلاپ، كىتابقا قارىسا ئاللاھنىڭ ئۇلارغا ئاسان يول بەرگەنلىكىنى بىلىدۇ، رىيازەت ئىچىدىمۇ مەڭگۈلۈك ئىچكى لەززەتنى ھېس قىلىدۇ» دەيدۇ.

ئۇلۇغ كىتابلاردا شۇنداق ئېيتىلىدۇ: «بىلگەنلەر بىلمىگەنلەردىن بىر دەرىجە ئۈستۈن» ، «بىر قەبىلىنىڭ ئۆلۈمى بىر ئالىمنىڭ ئۆلۈمىدىن يەڭگىل»، «ئىمان يالىڭاچ بولىدۇ، تەقۋادارلىق ئۇنىڭ لىباسى، ھايا ئۇنىڭ زىننىتى، ئىلىم ئۇنىڭ مېۋ-

سى»، «ھېكمەت مۆمىننىڭ يىتتۈرۈپ قويغان نەرسىسىدۇر، قەيەردە تاپىدىكەن ئۇنى ئېلىشقا ئەڭ ھەقلىق»، «سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار ئىلىم ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەنلەردۇر»... مەن خۇددى قاراڭغۇ كوچىدا كېتىۋېتىپ ئۇشتۇمتۇت ئىچى يورۇپ كەتكەن ئادەمدەك ھېكمەتلەر شولىسىدا يەنە كىتابقا قايتتىم.

3

بىر كۈنى پادىشاھ ئىبنۇل ئەرابى (1165 — 1240) نى ئوردىغا چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتىپتۇ. ئۇ كىشى بېرىپ قارىسا ئىبنۇل ئەرابى بىر مۇنچە كىتابلارنى ئالدىغا يېيىۋېلىپ ھەدەپ كىتاب ئوقۇۋاتقۇدەك. چاپارمەن پادىشاھنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزگەندىن كېيىن ئىبنۇل ئەرابى پىسەنتىگىمۇ ئالماستىن كىتابنى ئوقۇۋېرىپتۇ ۋە: پادىشاھقا ئېيت، مەن ھازىر بىر مۇنچە دوستلىرىم بىلەن سۆھبەتتە، كېيىنرەك باراي، — دەپتۇ. چاپارمەن پادىشاھقا ئىبنۇل ئەرابىنىڭ سۆزىنى يەتكۈزۈپتۇ، پادىشاھنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ:

— ئېيتقىنە، ئۇنىڭ پاراڭلىشىۋاتقان دوستلىرى قانداق كىشىلەر ئىكەن، — دەپتۇ. چاپارمەن پادىشاھقا:

— مەن بارسام ئىبنۇل ئەرابى يالغۇز ئولتۇرۇپتىكەن، — دەپ ئەھۋالنى ئەينەن يەتكۈزۈپتۇ.

پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ:

— ئۇ بەتبەختنى تۇتۇپ كېلىڭلار، پادىشاھقا يالغان سۆزلىگەننىڭ جازاسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىر كۆرسىتىپ قوياي، — دەپ ئەمر قىپتۇ.

ياساۋۇللار ئىبنۇل ئەرابىنىڭ پۇت - قولىنى يەرگە تەگكۈزمەي پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ. پادىشاھ:

— ئەي ئىبنۇل ئەرابى، سەن ئۆزۈڭنى شائىر دەپ نېمانچە يوغناپ كەتتىڭ؟ دۆلىتىمىزنىڭ سايىسىدا ياشاۋاتقان ئالىم - پازىللاردىن تارتىپ «ئېلىپنى تاياق دەيدىغان» پۇقرالارغىچە، تۆت پۇتلۇقتىن ئىككى ئاياغلىققىچە ماڭا قۇللۇق قىلىۋاتسا، يېنىمغا چاقىرسام يارلىقىمدىن باش تارتقانىنى ئاز دەپ، يالغان گەپ ئەۋەتىپسەنغۇ؟ — دەپتىكەن ئىبنۇل ئەرابى قىلچە پەتىنى بۇزماستىن:

— ئەي، دۆلەت ئاسمىنىمىزنىڭ نۇرى، مۆمىنلەرنىڭ قۇياشى، زېمىندا پىتنە قىلىپ ھەددىدىن ئاشقان باشباشتاقلارنىڭ بېشىدا قىلىچ ئويناتقان، ئاللاھتىن باشقا يۆلەنچۈكى يوق غېرىب - غۇرۋالارنىڭ بېشىنى ھىممەت قوللىرى بىلەن سىيلىغان پەزىلەتلىك پادىشاھىم، سىلىگە يالغان ئېيتقان تىلىمنى قاغا چوقۇسۇن، تېنىمنى پارچە - پارچە قىلىپ، ئۈچەي - باغرىمنى قۇزغۇنلار يېسۇن، مەن دەرۋەقە بىر مىسقال سۆزى مىڭ پاتمان كېلىدى-

غان ئالتۇنغا تېگىشكۈسىز بىر توپ ئاجايىپ يارەنلەر بىلەن مۇلاقەتتە بولۇۋاتاتتىم، — دەپ مۇنۇ نەزمىنى ئوقۇپتۇ.

يارەنلەر بار ئىچىم پۇشماس مۇڭداشسام،
ۋاپادار يار، بار بولسامدۇ - يوق بولسام.
سۆزلەپ بېرەر ئۆتكەنلەرنىڭ ئىلمىنى،
ئىش ئۆگىتەر، يول كۆرسىتەر بىر ئوبدان.

قۇرسا سۆھبەت بولماس پىتنە، يىرىك گەپ،
زىيان يەتمەس، يەتكۈزىدۇ پەقەت نەپ.
خاتا ئەمەس دېسەڭ ئۆلۈك ئۆلپەتلەر،
گېپىڭ بەرھەق بىلسەڭ ئۇلار تىرىك دەپ.

پادىشاھ ئىبنۇل ئەرابىنىڭ بۇ گۈزەل شېئىرىدىن ئۇنىڭ كىتابنى كۆيلەۋاتقانلىقىنى بىلىپتۇ - دە، دەررىگە بېسىشنىڭ ئورنىغا بېشىدىن ئالتۇن تىللالارنى چاچقۇ قىلىپ ئىنئاملار بىلەن يولغا ساپتۇ.

شۇنداق، كىتاب پەزىلەتلىك دوست، بۇ دوستنىڭ كۆكسى - قارنى دەريادەك كەڭ. ئالدىڭدا ماختاپ، ئارقاڭدا غەيۋىتىڭنى قىلمايدۇ، سەندىن قۇسۇر ئىزدىمەيدۇ. ساڭا ئاش - نان دېمەيدۇ، پەقەت سەندىن ئۆزىگە كۆپرەك ۋاقتىڭنى بېرىشنىلا تەلەپ قىلىدۇ. بۇ دوستتىن ماڭا كۆپ نەپ يەتتى. دادامنىڭ لەۋزى بىلەن ئېيتقاندا، «ئاغزى ئاش، كۆزى ئادەم تونۇمايدىغان، يامبۇ بىلەن چامغۇرنى، ئالىم بىلەن جاھىلنى پەرق ئەتمەيدىغان نادانلار دوستلۇقىدىن كىتابنىڭ دوستلۇقى مىڭ ئەۋزەل».

4

مەن خەت ئوقۇيالايدىغان سىلەرگە، بىر تال گۈلنى سوۋغا قىلدىم، بۇ گۈلنىڭ ئىسمى «باي ئاكامنىڭ خۇرجۇنىدىكى 68 گۆھەر» ناملىق كىتاب. ئۆيلىرىمىزدە دۇنياغا پايدىلىق ئىلىملەرنى ئۆگىتىدىغان، جاسارەتنى ئۇرغۇتىدىغان، تۇرمۇشنىڭ ئىللىقلىقىنى، ئائىلە مېھرىنى ھېس قىلدۇرىدىغان، ئۆز ئەقىدىمىز بويىچە قابىل پەرزەنت تەربىيەلىشىمىزگە ياردىمى تېگىدىغان، ئىگىلىك تىكلەشكە يېتەكلەيدىغان كىتابلارمۇ بولسۇن. كىتاب توغرۇلۇق بۇ جۈملىلەرنى يېزىۋاتقىنىمدا مۇنداق ئۈچ خىل كىشىلەرنىڭ مىسالى كۆز ئالدىمدا تۇرۇپتۇ. بىرى، كىتابلا بولسا ئىلغىماي ئوقۇيدىغان ھەم ئوقۇغان كىتابلىرىغا ئەگىشىپ كېتىدىغان ماشىنا ئادەم تىپىدىكىلەر. بۇنى بىر خىل كىتاب خۇراپاتلىقى دېمەي بولمايدۇ. كىتاب ئوقۇشتىكى مەقسەت نوقۇل كىتاب ئوقۇشلا ئەمەس بەلكى رېئاللىققا قاتنىشىش، ئىگىلىگەن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

بىلىم ئاساسىدا جەمئىيەتكە ئارىلىشىش. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزد-
مىزنىڭ ياكى چەت ئەلنىڭ كىتابلىرى بولسۇن بىر قىسىم
ئازغۇن، چۈشكۈن، تۇترۇقسىز ئاپتورلار ياكى ھەرخىل غەرەز-
دىكى سۇيىقەستچىلەر تەرىپىدىن سىياھ بىلەن ئەمەس، ئوغا
بىلەن يېزىلغان كىتابلارمۇ بار. قەغەزگە يازغاننىڭ ھەممىسىگە
ئىشىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ. كىتابقا قارىقويۇق ئەگىشىپ ئۆزد-
نىڭ توغرا ئەقىدىسىدىن، مۇستەھكەم ئىرادىسىدىن تەۋرىنىشكە
ھەرگىز بولمايدۇ.

ئىككىنچى خىلدىكىلەر بىلەرمەن جاھىللاردۇر. ئۇلار جا-
ھىللىقى تۈپەيلى كەڭ يولنى ئۆزىگە تار قىلىۋالىدۇ. تاللاشنى
چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىپ ئوقۇغۇدەك كىتاب تاپالمايدۇ. ئۆمرىدە
ئوقۇغان بىر ياكى ئىككى كىتاب ئۇلارنىڭ تۇرمىسىغە، كاللىسى
تەپەككۇر قۇشى سولانغان قەپەزگە ئايلانغان. ئۇلار ئىلىم-
ھۈنەر ئۆگىنىدىغان كىتاب بولسا ئۆگىنىۋالماي ئۇنىڭ بىزگە كې-
رىكى يوق دەيدۇ. سودا - تىجارەت، جاھاندارچىلىققا ئائىت ك-
تابلاردىن بارلىق ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان تەۋەككۇلچىلىك،
ئىشنى روياپقا چىقىرىش ۋە سىستېمىلاشقان ئىگىلىك باشقۇرۇش
يوللىرىنى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشنىڭ ئورنىغا ئىلمىيلىكى بولسىمۇ ئۆ-
زىگە يات تۇيۇلغان ھەرقانداق كىتابنى پىرقىرىتىپ تاشلىۋېتىش-
كە ئاران تۇرىدۇ. پەرزەنت تەربىيەسى توغرۇلۇق كىتاب بولسا
ئۇنىڭدىن بالىلارنىڭ نازۇك پسىخىك ئۆزگىرىشلىرىنى ئىگىلەپ
ئۆزىنىڭ ئەخلاقىي، ئەقىدە خىمىرتۇرۇچىنى مۇۋاپىق ئۇسۇلدا
سىڭدۈرۈشنى بىلمەي، ھە دېسىلا تاياققا زورلايدۇ. كىچىكىدىن
باشلاپ زورلۇق ۋاستىسى بىلەن بالىنىڭ روھىنى ئېزىپ
تاشلاپ، چوڭ بولغاندىمۇ غۇرۇر ۋە قىممەت قارىشى يوق، نا-
ھەقچىلىككە، زۇلۇم - ستەمگە ئۈندىمەيدىغان ياۋاش قوزىلار-
نى، نادانلار نېمە دېسە شۇنى دەيدىغان، نېمە قىلسا شۇنى دو-
رايدىغان شاتۇتىلارنى يېتىشتۈرىدۇ. غارقىراپ ئۇچقان ئايروپى-
لاننىڭ ئاۋازىدىن تېخىمۇ چوڭقۇر پاتقاققا تىقىلىۋالىدىغان قۇ-
دۇقتىكى پاقىغا ياكى ئۆزىگە ئوخشاش ئېلىپنى تاياق ئەمەس
دېيەلەيدىغىنى ئۈچۈن بارچە ئىلىمنى ۋە ھەممە ئالىمنى ياراتماي-
دىغان بىلەرمەن جاھىلغا ئايلاندۇرىدۇ.

ئۈچىنچى خىلدىكىلەر كۆزى بار تۇرۇپ كۆرمەيدىغان،
كاللىسى بار تۇرۇپ ئىشلەتمەيدىغان قارا قورساق نادانلاردۇر
ياكى خەت ئوقۇيالايدىغان ساۋاتسىزلاردۇر. ئۇلار ئاي - يىل-
لاپمۇ بىرەر كىتاب ئوقۇمايدۇ، ئېيىغا ئاز دېگەندە بەش - ئالتە
پارچە كىتاب ئوقۇمىسا ئۆزلىرىنى ھايات ئىنسانلار قاتارىدىن
سانىمايدىغان فرانسىيەلىك، ئىسرائىلىيەلىك ياكى دۇنيانى تەۋ-
رىتىۋاتقان ئامېرىكىلىقلارنىڭ كىتاب بىلەن چەمبەرچاس باغلاند-
غان تەقدىرىنى چۈشەنمەيدۇ. قايسى بىر كىتابتا مۇنۇ سۆزنى
ئوقۇغىنىم ئېسىمدە: «بىر مەدەنىيەتنى ۋەيران قىلىشتا كىتابلار-
نى كۆيدۈرۈش بىھاجەت، پەقەت كىشىلەرنى كىتاب ئوقۇمايدىد-
غان، كىتابقا قىزىقمايدىغان قىلىۋېتىشلا كۇپايە».

يېقىندا مەن ئۈرۈمچىدىكى بىر مەسچىتنىڭ مەرىپەتپەر-
ۋەر ياش ئىمامى جۈمە خۇتبىسى سۆزلىگەندە جامائەتنىڭ
نەزىر - چىراغ، توي - تۆكۈن ۋە باشقا تۈرلۈك مۇراسىملار-
نى ئۆتكۈزگەندە باشقا نەرسىلەرنىڭ ئورنىغا كىتاب تارقىتىش-
قا، بىر - بىرىگە كىتاب سوۋغا قىلىشقا چاقىرىق قىلغانلىقىدىن
ۋە بىر نەچچە سورۇندا بۇ چاقىرىق ئەمەلىيلەشكەنلىكىنى
ئاڭلاپ بەك ھاياجانلاندىم. خەلقنى خەيرلىك ئىشقا باشلاپ
ماڭالايدىغان پەزىلەتلىك ئىمامغا ۋە ئۇنىڭغا ئاۋاز قوشقان
كاللىسى ئويغاق ئەھلى سودىگەرلەرگە ۋە بىر - بىرىگە
خالىس نىيەت بىلەن كىتاب سوۋغا قىلىشنى باشلىغان دوستلار-
غا ياخشى تىلەكلەرنى تىلىدىم.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ ھالاك
بولۇشى مۇنداق ئىككى نەرسىدە: بىرى، ئىلىمنىڭ تەرك ئېتىلى-
شىدە. يەنە بىرى، مال - دۇنياغا ھەددىدىن زىيادە بېرىلىپ كې-
تىشتە» دېگەن. شۇنداق، ئىلىمگە ئېرىشىشنىڭ ئەڭ قىسقا يولى
— كىتاب. ئۇ بىزگە يىراقنى يېقىن قىلىدۇ، كاللىمىزنى ئېچىپ،
ئوچۇق كۆزىمىز بىلەن دۇنياغا قارايدىغان قىلىدۇ. ئۆيىمىزنىڭ
كىتاب تەكچىسىگە بىر كىتاب قويۇلسا قەلبىمىزدىكى بىر
بوشلۇق توشىدۇ. بالىلىرىمىزنى كىتابخانىغا ئەگەشتۈرۈپ
بېرىپ كىتاب ئېلىپ بېرەيلى. خوتۇن - قىزلار داستىخان يۆگەپ
يارىشىققا بارغاندا مال ۋە غىزا ئورنىغا ئېسىل - ئېسىل كىتابلار-
دىن زەللە قىلىشنى ئادەت قىلايلى. چۈنكى، نەپسىمىزگە ھەر
كۈنى نەچچە ۋاخ ئاش - ئوزۇق بېرىۋاتىمىز، لېكىن روھىمىزغا
بەزىدە بىر ۋاقمۇ تاماق يوق ئاچ قېلىۋاتىمىز.

يۈزىمىزنى توپا باسسا باسسۇن، كىتابلىرىمىزنى توپا
باسمىسۇن. كىتابلىرى غېرىب بولۇپ قالغان خەلقنىڭ ئەرلىرى
نادانلىققا قۇل، ئاياللىرى روھى تۇل بولۇپ قالىدۇ. ئەزىز قې-
رىنداشلىرىم، بىر - بىرىمىزگە ياخشى كىتابلارنى تەۋسىيە
قىلايلى، كىتاب سوۋغا قىلايلى. چۈنكى، ياخشىلىق ئۈچۈن
چۈلگە باسقان قەدەملىرىمىزدىن كېيىنكىلەرگە گۈللەر ئۈنۈپ
قالىدۇ.

ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھىرى تەڭرىتاغ رايونىدا ئولتۇرۇشلۇق



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئەكبەر ھېمىت

# ئېقىمغا ئەگىشىش ۋە روھنىڭ سۇنۇشى

— تۇرسۇنمۇھەممەد توختىنىڭ «ئۆزلۈك قىممىتىنى ئاشۇرۇش» ناملىق ماقالىسىگە ياندىشقان ئويلار

يېقىنقى بىر قانچە يىل مابەينىدە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، «شىنجاڭ مائارىپى» قاتارلىق مەتبۇئاتلىرىمىزدا ئۆزىنىڭ تېتىملىق، شۇنداقلا ئىزدىنىش روھىغا باي يازمىلىرى بىلەن ئوقۇرمەنلىرىمىزنى پىكىر ۋە خىيال ئالىمىگە يېتەكلەپ كېلىۋاتقان ئۇستاز تۇرسۇنمۇھەممەد توختىنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2013-يىللىق 1-سانىغا بېسىلغان « ئۆزلۈك قىممىتىنى ئاشۇرۇش» سەرلەۋھەلىك ماقالىسىنى قىزىقىش ئىچىدە ئوقۇپ چىقتىم، ئوقۇغاندىن كېيىن مەزكۇر يازما روھىي زېمىنىمدا پەيدا قىلغان زىلزىلە خېلى كۈنلەرگىچە بېسىقمىدى، ئۆزۈم ۋە ئۆزگىلەر ھەققىدىكى پىكرى-ھاسىلاتلار قولۇمغا قەلەم ئېلىشقا مەجبۇر قىلدى، مېنىڭچە پىشىپ يېتىلگەن پىكىرنى ئېيتماي سۈكۈت قىلىپ ياشاشمۇ بىر تۈرلۈك خىيانەتتۇر.

ئۆزىنىڭ جەمئىيەت قاتلىمىدىكى ئورنى ھەققىدە دادىل ئويلىنالايدىغان ۋە ئۆز ئورنىنى ئېتىراپ قىلالايدىغان كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىدا ئۆزلۈكنىڭ روھىيەتنى غىدىقلايدىغان پىكرى جۇغلانمىسى بولىدۇ. بۇنداق كىشىلەر ھامان ئۆزلۈك ھەققىدە ئۆزلۈكسىز ئويلىنىش ۋە ئىزدىنىش ھالىتىدە تۇرىدۇ. ۋاقتى كەلگەندە ئۇلارنىڭ يۈرىكىدە جۇغلانغان ئېنېرگىيە يانار تاغدەك پارتلاپ، «ئادەت تۈرمىسى»نىڭ مۇستەھكەم توسۇقلىرىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، ئۆزىنىڭ مۇقەددەس نىشانى ئۈچۈن دادىل ئالغا چامدايدۇ! ئەمەلىيەتتە، كۆپۈك شان-شەرەپنىڭ روھنى، بولۇپمۇ ئۆزلۈك ئېڭىنى ئۆلتۈرىدىغان ۋىرۇسلىرى ئىرادىسى ئاجىز، ئېقىمغا ئەگىشىپ مېڭىشقا ئادەتلەنگەن كىشىلەرنىڭ مەنىۋىيىتىنى ئاسانلا كاردىن چىقىرىدۇ. بۇنداق ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى كىچىككىنە ئەۋزەل تۇرمۇش شارائىتىدىن، تىرناق چاغلىق ئەمەل-مەنسىپىدىن، ئاۋۋال يانچۇقىنى تومپايتىپ ئاندىن يۈرىكىنى يوغىناتقان پۇل-مېلىدىن مەستخۇش بولۇپ، ئۆزىنى جاھاندا بىر ساناپ مەنىۋى پۇچەكلىك ۋە ئەخلاقىي چىرىكلىكتە ئىلىنىشىپ ياشايدۇ. ئەمەلىيەتتە 1000 يىللار ئىلگىرى ياشىغان بوۋىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ پەقەت بىلىملا باشقىلار ئالالمايدىغان، ئوغرىلىۋالالمايدىغان بايلىق ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئادەم ئۈچۈن ۋاقىتلىق ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ ئۆتكەنىدى.

ئادەمنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى قانداقتۇر تاپقان پۇل-مېلىنىڭ ئاز-كۆپلۈكى، ئەمەل مەرتىۋىسىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكى تەرىپىدىنلا بەلگىلەنمەيدۇ. ئەگەر كىشىلەرنىڭ جەمئىيەت قاتلىمىدىكى ئورنىنى، مۇشۇنداق ماددىي مەنقۇلاتلارغا ۋە ھوقۇق ئەۋزەللىكىگە ئاساسەن بېكىتىش ئادەتكە ئايلانسا، بۇنداق جەمئىيەت كېسەل جەمئىيەتتۇر، بۇنداق جەمئىيەت ماددىي ۋەسۋەسە ۋە ھوقۇق كۈرىشى ئۈچۈنلا ياشايدىغان تۇترۇقسىز ئادەملەرنىڭ قولىدا ۋەيران بولىدۇ. ئەتراپىمىزغا قارايدىغان بولساق، ئەل-ئاۋامنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ، ئۆزىنىڭ تاپقان پۇلى بىلەن ئۆز قوۋمىغا، ئۆز مىللىتىگە ۋە ئۆز پۇشتى-پاناھىغا زىيانكەشلىك قىلىۋاتقان، جەمئىيەتتە پاسقىلارچە ياشاۋاتقان پۇلدارلارمۇ؛ خەلق بەرگەن ھوقۇقنى شەخسىي مەنپەئەتىنىڭ ئوچىقىغا چوغ تارتىشنىڭ ئوبدان پۇرسىتى دەپ، ئۆزىنى

كۆكلەتكەن، ئەل- ئاۋامنى قاقشاتقان ئەمەلدارلارمۇ تېپىلىدۇ. ئومۇمەن، بىر ئادەمنىڭ جەمئىيەت قاتلىمىدىكى ئورنىنى بېكىتىشتە پۇل- مېلى ۋە ھوقۇق- مەرتىۋىسىنى بىردىنبىر ئاساس قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ، مۇشۇ ئىككى تائىپىدىكى كىشىلەر ئۆزلۈك ھەققىدە ، ئۆز قىممىتى ھەققىدە كۆپرەك ئويلانسا ئىدى، ئۇلارنىڭ ئەل- رەئىيەتكە يەتكۈزىدىغان مەنپەئەتى ھەرقانداق بىر كىشىدىن كۆپ بولاتتى.

ئىزدىنىش روھىغا ئىگە، ئىلىم- سۆيەر، جەڭگىۋار توپ (كوللېكتىپ)نىڭ شەخسكە بېرىدىغان تەرەققىيات پۇرسىتى تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ. ئەكسىچە، ھەدىدىدىن ئاشقان قانائەت تۇيغۇسىغا ئىگە، ھاياتنىڭ قىممىتىنى ئۆمۈر بىلەن، خىزمەتنىڭ قىممىتىنى ئېلىۋاتقان مائاش بىلەن ئۆلچەيدىغان توپ (كوللېكتىپ) شەخسنىڭ نىشان- مەقسەتلىرى يولىدىكى ئىزدىنىشلىرىنى ھەدېسىلا پۇتلاش، ئارقىغا تارتىش قەستىدە بولىدۇ. ئۆزلۈك قىممىتىنى ئاشۇرۇشنى ئىستىگەن ئادەملا «كونا ئۆتكۈزۈش» ھاياتلىق مەنتىقىسىگە ئايلىنىپ كەتكەن، ماددىي پاراغەت قوغلىشىش ئىستىكىدە يۈرگەن توپنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇشقا ھەرىكەت قىلىدۇ، بۇنداق ئادەم ئۆزى مەشغۇل بولغان كەسىپىدە ئۆزى ۋە ئۆزگىلەر سۆيۈنگۈدەك نەتىجىنىڭ ئىگىسىگە ئايلىنالايدۇ. «ئەقىللىق ئادەم قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا كۈچلۈك بىر ئىنتىلىش تۇيغۇسى پەيدا بولغىنىدا، يەنىلا بىغەملەرچە ياشاۋېرىشنى ھەرگىز خالىمايدۇ». شۇڭا، ئادەملەر قەلبىنى تىڭشاشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. «ئۆزىنىڭ ھاياتتا زادى نېمىگە ئېرىشىش، نېمە قىلىش، قانداق ئادەم بولۇش ئارزۇيىنىڭ بارلىقىغا نىسبەتەن ئېنىق نىشانى ۋە كونكرېت پىلانى بولۇشى كېرەك». شۇنداق بولغاندا قارا- قويۇق ھالدا ئېقىمغا ئەگىشىپ ياشاشتىن قۇتۇلغىلى، ئېنىق نىشان تىكلەپ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىگىلى بولىدۇ. كونا ئۆتكۈزۈشنى ھاياتلىق مىزانى قىلغان كىشىلەر توپىغا ئەگىشىپ ياشاش ئادەمنىڭ روھىنى سۇندۇرىدۇ. ھەممە ئادەم ئۆزى مەشغۇل بولۇۋاتقان كەسىپتە ئۇلۇغ نەتىجىلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ھاياتنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈشنى ئويلايدۇ. ياخشى تۇرمۇش شارائىتى ۋە تەرەققىيات ئىستىقبالى يارىتىشنى خىيال قىلمايدىغان ئادەم بولمىسا كېرەك. ئەمما شۇ بۈيۈك نەتىجىلەر قانداق بارلىققا كېلىدۇ؟! ئاسماندىن چۈشەمدۇ؟ ياق! باشقىلار بىز ئۈچۈن يارىتىپ بېرەمدۇ؟

بۇ تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. پەقەت سۇنماس ئىرادە بىلەن ئىككى قولىمىزغا تايىنىپ يارىتىمىز! بۇ يەردە نۇرغۇن كىشىلەر پەقەت نەتىجىگىلا كۆزىنى تىكىۋېلىپ، شۇ بۈيۈك نەتىجىنىڭ يارىتىلىش جەريانىدا يولۇقۇش ئېھتىمالى بولغان تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارغا يېتەرلىك ئىدىيەۋى تەييارلىق كۆرمەيدۇ ياكى ۋاقتى كەلگەندە بىراقلا چۈشكۈنلىشىدۇ! شۇنىڭ بىلەن يېڭىلا ئىش باشلىغان كىشىلەرمۇ يېرىم يولدا ئالدىغا ئۇچرىغان كىچىككىنە قىيىنچىلىق سەۋەبلىك قىلىۋاتقان ئىشىدىن ئاسانلا ۋاز كېچىدۇ. شۇڭا ئەتراپىمىزدا ھەۋەس قىلىدىغانلار كۆپ، ھەۋەس قىلدۇرالايدىغانلار تولىمۇ ئاز. چۈنكى «بىزدە باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان ئادەم بولۇپ قېلىشتىن، يۇرت- جامائەتتىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەيدىغان، توغرا- خاتاسى ۋە پايدا- زىيىنى بىلەن ئانچە ھېسابلىشىپ ئولتۇرماي بىر- بىرىنى دورايدىغان، كوللېكتىپنىڭ خەتەر تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە شۇ ئېقىمغا ئەگىشىدىغان، باشقىلارنىڭ ئىدىيەسى بويىچە ياشايدىغان، كونا يولدا تەكرار- تەكرار مېڭىۋېرىدىغان، ئۆزىگە خاس يول تۇتۇشقا، ئۆزىنى ئۆزگەرتىپ كۆرۈشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان خاھىش ھەققەتەن ئېغىر.» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2013- يىلى 1- سان، 10- بەت)

ئاۋۋال ئۆزۈم ھەققىدە ئويلاندىم، كىتاب ئوقۇش ۋە يېزىش ئۆزۈمنى كۈچلەندۈرىدىغان، ئۆزلۈك قىممىتىنى ئاشۇرىدىغان كوزىرىم ئىدى. بۇ جەھەتتە بەرگەن بەدەللىرىم تېخى ئۆزۈم سۆيۈنگۈدەك، ھاردۇقۇمنى چىقارغۇدەك نەتىجىلەرنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەپتۇ. ئىنچىكە تىرەپ ئويلاندىم. ئۆزۈمنىڭ ئەجەللىك كەتكۈزۈپ قويغان جايلىرىمنى ئىزدىدىم . ئاخىر روھىمدىكى كېسەللىكنى «ئۆزۈمنى ئۆزۈل- كېسىل يېڭىلىغۇدەك جۈرئەت يوق» دېگەن سۆزگە يىغىنچاقلىدىم. ئادەم ئۆزىنى ئۈزۈل- كېسىل يېڭىلاش ئۈچۈن خۇددى يىلان يىلدا بىر قېتىم قاسراق تاشلىغاندەك، بۇنىڭدىن بۇرۇنقى ئادەت بولۇپ كەتكەن مەنىۋى كېسەللىكتىن ئازاد بولۇش كېرەك ئىكەن، «ئادەت تورمىسى»نى قەتئىي پاچاقلاپ تاشلىشى كېرەك ئىكەن. بۇ يەردىكى ئادەت تورمىسىنى پاچاقلاش دېگەنلىك — راھەتپەرەسلىك كېسىلى، ھورۇنلۇق ۋە لايغەزەللىكنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇشنى كۆرسىتىدۇ. يەنە ئويلاندىم

دىم، ئوقۇغان كىتابلىرىم ئاز ئەمەس، ئەمما كىتاب ئوقۇش ئۇسۇلۇمدا مەسىلە بار ئىدى. كىتابنى ئوقۇش ئۈچۈن ئوقۇش ئەمەس، بەلكى ئىدىيە يېڭىلاش ئۈچۈن ئوقۇش كېرەك ئىدى. ئوقۇش ئۈچۈن ئوقۇش بىلەن ئۆگىنىش ئۈچۈن ئوقۇشنىڭ ئۈنۈمى ئوخشىمايتتى. ئوقۇش ئۈچۈن ئوقۇش بىر خىل مېخانىك ئوقۇش شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭدا سىزنى ئويغا سالىدىغان جۈملە ۋە بۆلەكلەرنى ئوقۇغاندا بىردەملىك ھاياجانغا چۆمسىز، كۆنلەر ئۆتكەندىن كېيىن بۇ تەسىراتىڭىزنىڭ ئۈستىنى بىر قەۋەت قېلىن توپا بېسىپ بارا-بارا ئۇنتۇپ كېتىسىز ياكى كىتاب ئوقۇشنى ئىچ-پۇشۇقىڭىزنى چىقىرىدىغان ئەرمەك قىلىش ئۈچۈنلا ئوقۇيسىز، بۇنىڭدا ئېنىق نىشان ۋە مەقسىتىڭىز يوق. بۇنداق كىتاب ئوقۇشنىڭ سىزگە بېرىدىغان ئىجابىي تەسىرى يوقنىڭ ھېسابىدىلا. كىتابنى مەخسۇس ۋاقىت چىقىرىپ پىلانلىق ۋە مەقسەتلىك ئوقۇش كېرەك. ئۆلۈك تويېدەك تىنىپ كەتكەن قەلبىڭىزنى لەرزىگە سالىدىغان، روھىڭىزدا سىلكىنىش پەيدا قىلغان ئەسەرلەرنى ھەتتا تەكرار ئوقۇپ تۇرۇش، پىكىر قىلىش، مۇنازىرە قىلىش، خاتىرە يېزىش، تەسىرات يېزىش كېرەك. ئەمما مەن قانداق قىلدىم؟ خاتىرە قالدۇرۇپ ئوقۇشقا تېخىچە ئادەتلىنەلمىدىم، گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان بىرەر پارچە يازمامنىڭ مەست-خۇشلۇقىدا ئايلاپ-ئايلاپ ۋاقتىمنى مۇگدەپ ئۆتكۈزۈۋەتتىم. ئوقۇغان كىتابلار ھەققىدە پىلانلىق ۋە مەقسەتلىك خاتىرە قالدۇرۇش ئۈچۈن قولۇمغا ئالغان قەلەم يېرىم يولدا توختاپ قالدى. مانا تىل سەۋىيەمنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن يىل بېشىدا باشلاپ قويغان تەرجىمىنىڭ تاشلىنىپ قالغىنىغا خېلى بولدى. بوشاڭلىق روھىمغا چۆشكەن مىتەدەك ئىرادەمگە مەھكەم يېپىشقان بولۇپ، ھەدېسىلا ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىشكە ئۇرۇنىدۇ. مەن بىردەم تارتىنىپ بېقىپ يەنە بوشاڭلىققا قول بېرىمەن. كىچىك دائىرىدە ئۆزۈمنى كۆچلەندۈرۈشكە تىرىشقان بولساممۇ چوڭ دائىرىدە يەنىلا ئېقىمغا ئەگىشىپ ياشاشتىن مۇستەسنا بولالمىدىم. روھىمدا يەنىلا راھەتكە بېرىلىش، بارىغا شۈكۈر قىلىپ، بىر ئىزدا تۇرۇپ ياشاشتەك پاسسىپ تۇرمۇش ئۇسۇلى ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. شۇنداق، مەن ئالدى بىلەن ئۆزۈم ھەققىدە ئويلاندىم. مەغلۇبىيىتىمگە باھانەم تەييار، خىزمەت ۋە تۇرمۇشتا ھامان باشقىلارغا يامان بولۇپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىمەن، ئىرادەمگە خىلاپ ھالدا مەيدانىمدىن ۋاز كېچىمەن... پىكىر-خىياللىرىمنىڭ ماڭا پۇشايماندىن باشقىنى بېرەلمەيدىغانلىقىغا كۆزۈم يېتىدتى. قانداق قىلىش كېرەك؟

كىچىككىنە بولسىمۇ ھېس قىلىش ھېس قىلالماسلىقتىن كۆپ ياخشى. پىكىر قىلىپ ياشاش سۈكۈت قىلىپ ياشاشتىن مىڭ ئەۋزەل. يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بېرى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»گە ئوخشاش مۆتىۋەر ژۇرناللىردمىزدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلەر ماڭا ئوبدانلا ئويلىنىش پۇرسىتى، سىلكىنىش لەززىتىنى بېرىپ كەلدى. مەن بۇ ماقالىلەرنىڭ تۇۋىدە كۆنلەپ-كۆنلەپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرىمەن، پىكىر قىلىمەن، تەسەۋۋۇرۇمنى قاناتلاندۇردمەن. پىكىر-خىياللىرىمنىڭ چوڭقۇرلۇقلىرىدا ئادەمنىڭ ئەچىنى ئاچچىق قىلىدىغان تەركىبلەر كۆپرەك ئىدى. دوردنى قىرتاقكەن دەپ كۆڭۈلشىمگەن كىشى ئاخىر ھاياتى بىلەن بەدەل تۆلەيدۇ. مېنىڭ ئەمدى بولغاندىمۇ بۇنداق ئەخمەقلەرچە، جۇۋاز كالىسىدەك بىر ئىزىمدا چۆرگىلەپ ياشاۋەرگۈم يوق ئىدى. شۇڭا نىشانلىق تۇرمۇش ئادىتى تىكلەشكە ئىرادە قىلدىم، شۇڭا ئۆزۈم ھەققىدە پىكىر قىلىغاندىن سىرت، مەن يولۇقتۇرغان ھادىسىۋى مەسىلىلەرگەمۇ دىققەت قىلىشقا باشلىدىم، شۇنداق، ئەتراپىڭىزدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلاردىمۇ بايقىساڭ يازغىدەك، ئىبرەت ئالغۇدەك نۇرغۇن تەركىبلەر بار ئىكەن.

ئۆيدە مۇشۇ ھەقتە خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتىم، تۆمۈر دەرۋازىنىڭ ئەنسىز جاراڭلىشى مېنى خىيال قوينددىن تارتىپ چىقتى. بۇنچە ئەتىگەندە دەرۋازىنىڭ ئۇرۇلۇشى قانداقتۇر بىرەر كۆڭۈلسىزلىكنىڭ بېشارىتىدەك تۇيۇلۇپ كەتتى، قاڭقىپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ يۈگۈرۈپ دېگۈدەك دەرۋازا ئالدىغا چىقتىم، قارىسام قوشنىمىز ئۆكسۈلى ئۆچكەن ھالدا تۇرىدۇ.

— ۋاي مۇئەللىم، قانداقمۇ قىلارمىز، كېچىچە ئۇيقۇم كەلمىدى، سىز بىر ياردەم قىلمىسىڭىز بولمىدى، بالام، — دېدى ئۇمچىيىپ، ئۆيدە بىرەر كېلىشمەسلىك بولغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدىم.

— نېمە ئىش بولدى، ئالدىرىماي سۆزلىڭە، — دېدىم.

— ۋاي بالام، ئەمدى بىز قانداق قىلىمىز، ئالتە يىل

بولغانىدى، بۇ قانداق بولغىنى ئەمدى، ئېسىت سىز چوقۇم ياردەم قىلىڭ بالام، — قوشنىمىز ھېلىلا ھازا ئاچىدىغاندەك ھالەتكە يەتكەنىدى، كاللامغا دەققە ئىچىدە نۇرغۇن خىياللار سىغدىلىپ ئۈلگۈردى.

— ئۆيدىكىلەر ساقتۇ؟ — دېدىم مەنمۇ جىددىيلىشىپ.

— ئۆزىڭىز بىلىسىز، ئالتە يىلدەك بولغان بىزنى كەنتتىن تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت ئائىلىسى دەپ خەتلەگەن. شۇنىڭدىن بېرى ھۆكۈمەتنىڭ زور غەمخورلۇقىغا ئېرىشىپ كەلگەنىدۇق، تۈنۈگۈن بىر گەپ ئاڭلاپ قالدىم. ئاۋۇ كەنتتىكى سامان قورساق ئوغرى (كەنت سېكرېتارىنى دېمەكچى) ئۆزىنىڭ بىرەر يېقىنلىرىنى خەتلەش ئويى بار چېغى، بىزنى تىزىملىكتىن چىقىرىۋېتىپتىمىش...

يوغان بىرنى تىنىدىم، ھەر نېمە بولسا بىرەر ئۆلۈم ئىشى يوقلۇقىدىن كۆڭلۈم سەل جايىغا چۈشكەندەك بولدى.

— ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ، بەش-ئالتە يىلدىن بېرى ھال-كۈنۈڭلارمۇ خېلى ياخشىلاندى، سىلەرنىڭ كۈنۈڭلار ئۇ پۇلغا قاراشلىق بولمىغاندىكىن تىزىملىكتىن چىقىرىۋەتسە نېمە بوپتۇ، ئۇ پۇلنى سىلەردىنمۇ بەكرەك ئېھتىياجلىق كىشىلەرگە بەرسە مەيلى ئەمەسمۇ؟ — دېدىم قوشنامغا تەسەللى بېرىپ.

— ياق مۇئەللىم، سىز بىلمەيسىز، بۇ يىل يىل بېشىدىن باشلاپ تۆۋەن تۇرمۇش پۇلىمۇ ئۆستۈرۈلگەن. قولىمىزنى خېلى سوۋۇتاتتى، دەردىمىزگە دەرمان بولاتتى، بۇ گەپنى ئاڭلاپ پۈتۈن كېچە ئۇيقۇم كەلمىدى، بىزنى باي دېگىلى بولمايدۇ، ئەگەر بىزنى بۇ تىزىملىكتىن ئۆچۈرۈۋەتسە تايىنلىق ئۆلۈپ بېرىمەن ھۆكۈمەتكە...

كۆزلىرىم چەكچىيىپ كەتتى. تۇرمۇشنىڭ نۇرغۇن ئىسسىق-سوغۇقلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ بۈگۈنگىچە كەلگەن، ئالتە بالىنى تۇغۇپ بىر چىرايلىق ئۆيلۈك-ئوچاقلىق قىلىپ، چوڭ ئانا بولغان بۇ ئايالنىڭ روھىنىڭ بۇ قەدەر ئاجىز ۋە زەئىپ ئىكەنلىكىنى ئويلىمىغانىكەنمەن، ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئويان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ سىزگە بىر پارچە خەت يازغۇزۇپ چوڭ باشلىقلارنىڭ قېشىغا ئاچىقىپ باقايمىكىن دەپ سىزنى بىسەرەمجان قىلدىم، چوقۇم ياردەم قىلىڭ بالام، بىزنى بۇ تىزىملىكتىن ئۆچۈرۈۋەتسە زادى بولمايدۇ...

قوشنىمىزنىڭ تەلىپى بويىچە بىر پارچە خەت يېزىپ بەردىم، ئۇ ئەھۋالنى قانچە ئېغىر يازساق شۇنچە ياخشى دەپ، تۇرۇۋېلىپ ئۆزىنى دىيابېت كېسىلىگە چىقاردى. مەن بەك تىكلىشىپ تۇرۇۋالماي قوشنىمىزنىڭ دېگىنى بويىچە يېزىپ بەردىم. ئارىلىقتا خىزمەت ھەلەكچىلىكى بىلەن بولۇپ كېتىپ بۇ ئىشلارنىمۇ ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن. بىرەر ئايچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىنكى بىر كۈنى قوشنىمىز ئەتىگەندە يەنە ئىشىك ئالدىدا پەيدا بولدى. بۇ قېتىم ئاپتاپتەك ئېچىلىپ كەتكەن بولۇپ، مېنىڭدىن تولىمۇ مىننەتدار ئىمىش. ئۇنىڭ دېيىشىچە يازغان خەت كۈچىنى كۆرسىتىپتۇدەك، ئۇلارغا يەنە «تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت ئائىلىسى» دېگەن كۆرسەتكۈچنى بېرىپتۇدەك، ئۇ يانچۇقىدىن پۇل ئۇرۇلغان كارتىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ئەمدى خاتىرجەم بولغانلىقىنى ئېيتتى. مەن قوشنىدارچىلىقنى يەتكۈزۈپتىمىشمەن...

مۇشۇ ئىش بىلەن قوشنىمىز كۆزۈمگە بەكمۇ بىچارە ۋە ئاۋارە كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى. پارازىتتەك ياشاش ئۇلارنىڭ غۇرۇرىنى تامامەن ئۆلتۈرگەن بولۇپ، تايىنىۋېلىش كېسىلى ئۇلارنىڭ روھىدا تولۇق يىلتىز تارتىپ ئۈلگۈرگەنىدى. كېيىن ئۇقسام ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكى چوڭلارغۇ بىر نۆرى يېڭى تۇغۇلغان نەۋرىسىدىن تارتىپ، تەندۇرۇس ئوغلىغىچە تىزىملىكتە بار ئىكەن. مېنىڭ تېخىمۇ ئېچىنىدىغىنىم سالداتتەك ئوغۇل بىلەن نارەسىدە بالىنىڭ روھىنىڭ ئاللىقاچان «بىكارلىق ئاش»قا ئۆگىنىۋېتىلگىنى ئىدى.

نامراتلىق يىلتىز تارتقان قەلب قەبىھلىككە ئەڭ يېقىن بولىدۇ، بولۇپمۇ مەنىۋى نامراتلىق ئادەمنىڭ روھىنى ئۆلتۈرۈپ، ئەتراپىمىزدا «تۇرقى ئادەملەر»نى تېخىمۇ كۆپەيتىۋېتىدۇ. غۇرۇر كىشىلىك قەدىر-قىممەتنىڭ ئۇمۇرتقىسى. غۇرۇرىغا كېسەل تەگكەن ئادەم نەپسىنىڭ قۇلى بولۇپ، ئۆز نەپسى-خاھىشى ئۈچۈن ۋاستە تاللاپ ئولتۇرماي تېپىچەكلەيدۇ، بۇنداق قەلبتە پەزىلەت گۈلشىنى خالىغانچە دەپسەندە بولىدۇ. بۇنداق ئادەملەر كۆپىيىپ كەتكەن يۇرتنىڭ ئىشلىرىدا بەرىكەت بولمايدۇ. نامراتلىقنىڭ روھقا ئۆتۈپ كېتىشى ھەممىدىن ئېچىنىشلىق بولۇپ، قورساق ۋەسۋەسىسى ئۇلاردا ئەسلىدە بار بولغان ئەنئەنىۋى

www.uyghurkitap.com

گۈزەل ئەخلاق، جەمەتنىڭ يۈز-ئابرۇيى، ئائىلىنىڭ شان-شۆھرىتى دېگەندەك مەنىۋى پەزىلەت بىلەن باغلىنىشلىق بولغان، شۇنداقلا بالىلارغا ھېسابسىز ئەقىل ۋە ئەدەپ ئۆگەتكەن قىممەتلىك روھىي بايلىقلىرىمىزنى بىر تىيىنغا ئەرزىگۈسىز قىلىپ قويىدۇ. ئۇلار زۆرۈر تېپىلغاندا نومۇسنى بىر ياققا قايرىپ قويالايدۇ. نومۇس تۇيغۇسى ئۆلگەن ئادەم ئۆز نەپسىنى مەركەز قىلىپ، ئادىمىي سۈپەتتىن مەھرۇم ھالدا ياشايدۇ، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۆزگىلەرگە يۈك ۋە تەھدىت بولىدۇ.

— ئادەمنىڭ ئۆزىدىن تىلىگىنى ياخشى، باشقىلاردىن تىلەش، تەر تۆكمەي يېيىشكە ئادەتلىنىش ئادەمنىڭ غۇرۇرىنى ئۆلتۈرىدۇ، تېخىمۇ يامىنى ئاشۇنداق خاپىلىقى يوق پۇلغا ئۆگىنىپ قېلىش تېخىمۇ خەتەرلىك، بۇنداق بولغاندا بارلىق ئۈمىدىمىز شۇنىڭغا باغلىنىپ قالىدۇ، — دېگەنىدى ئاتام بىر قېتىم. بىزنىڭ شۇنداق غۇرۇرلۇق ئادەملىرىمىز بار. بىر قوشنىمىز بار ئىدى، بىر قانچە يىللار ئىلگىرى ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە ئازراق كېلىشمەسلىك كەلدى، شۇ ۋاقىتتا ئىقتىسادىي جەھەتتە ئېغىر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى. مەھەللىدىكىلەر بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئاز-تولا ياردەم قىلماقچى بولغان، ئەمما ئۇ كىشى قەتئىي رەت قىلغان. «راست، پۇلغا ئېھتىياجلىقمەن، ئەمما بۇ پۇلنى پەقەت ئالالمايمەن، بۇنىڭغا يەنىلا ئۆزىمىز ئامال قىلالايمىز» دېگەنىدى قوشنىمىز جامائەتكە. كېيىن بۇ قوشنىمىز بىلەن بۇ توغرىسىدا پاراڭلىشىپ قالدىم. «ئاتا-بوۋىلىرىمىز چوڭ ئۆتكەن خەق، كىچىككىنە قىيىنچىلىقنى دەپ باشقىلارنىڭ سەدىقىسىنى قوبۇل قىلسام ئۇلارنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن، پۇت-قولۇم ساق، ئۇرۇق-تۇغقانلاردىن ئۆتنە-يېرىم قىلىپ، كېيىن قايتۇرۇپ بەرسەم بولىدۇ» دېگەنىدى ئۇ. بېشىغا ئەڭ ئېغىر كۈلپەت كەلسىمۇ جەمەتنىڭ شان-شەرىپىنى، ئائىلىسىنىڭ يۈز-ئابرۇيىنى قوغداپ، چىشىنى چىشىغا چىشلەپ قىيىنچىلىقنى ئۆتكۈزۈۋېتىدىغان، نامراتچىلىق، ئامالسىزلىق ئۇلارنىڭ قەددىنى ئەگسىمۇ روھىنى، نومۇسنى ئېگەلمەيدىغان كىشىلىرىمىزمۇ بار.

خىزمەتكە چىققان دەسلەپكى يىللىرى ئوقۇتۇشتىكى يۇقىرى ئىستىداتى، ئاجايىپ تىرىشچانلىقى ۋە غايە-ئىستەكلىرىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن مېنىڭ قايىللىقىمنى قوزغىغان، كېيىنچە ئېقىمغا ئەگىشىپ ياشاشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن بىر خىزمەتدىشىم بىلەن پىكىرلىشىپ قالدىم. ئۇ مۇنداق بىر ھېكايىنى ماڭا ئېيتىپ بەردى:

ھېلىمۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن چېغىمدا ئاتا-ئانام «ئەتىكى قۇيرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكە ئەۋزەل» دېگەن ئادەت سۆزىنىڭ تەسىرى بىلەن مېنىڭ تېخنىكومغا ئىمتىھان بېرىشىمنى خوپ كۆرگەنىدى. «ئەگەر ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىسەڭ تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇتالمايمىز، كىگىزچىلىككە شاگىرتلىققا بېرىمىز» دېگەنىدى ئانام مۇشۇ قارارنى چىقارغان كۈنى. ھازىر ئويلاپ باقسام مەن كىگىزچى بولۇشنى خالىمىسام كېرەك. كېچە-كېچىلەپ ئۆگىنىپ تېخنىكومغا ئىمتىھان بەردىم. تېخنىكومدا ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىدە ئوقۇدۇم، ئوقۇش پۈتكۈزۈشكە ئاز قالغاندا پ. تۇرسۇننىڭ «ئوقۇتقۇچى» دېگەن رومانى بىلەن جالالىدىن بەھرامنىڭ «مېھرىگىياھ» رومانىنى ئارقا-ئارقىدىن ئوقۇپ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن يىراق، تاغلىق جايدا ئوقۇتقۇچى بولۇش ئىستىكىم قوزغالدى، نەتىجىدە بىر يىراق تاغلىق رايونغا ئوقۇتقۇچى بولۇپ بېرىش ئۈچۈن تىزىملاتماقچى بولدۇم. بۇ خىيالىمنى ئانام قانداق بىلىپ قالغان، سىنىپ مۇدىرىمغا دەپ مېنى بۇ خىيالدىن ياندۇردى. شۇندىمۇ مەن ئىشلەيدىغان جاي قانچىلىك يىراق بولسۇن ياكى شارائىتى قانچىلىك جاپالىق بولسۇن، بارلىقىمنى مائارىپ ئىشلىرىغا ئاتاپ، ئەڭ سۆيۈملۈك ئوقۇتقۇچى بولۇش ئۈچۈن باغلىغان ئىرادە كەمىرىم بىر دەقىقىمۇ بوشىمىدى. تەلىيىمىز ئوڭدىن كېلىپ، بىز ئوقۇش پۈتكۈزگەن يىلى ناھىيەمىز بىر تۇتاش خىزمەتكە تەقسىم قىلدى. مەن ئۆز يېزىمىزدىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپكە تەقسىم قىلىندىم، مەكتەپ بىلەن ئۆيىنىڭ ئارىلىقى بەش-ئالتە كىلومېتىر كېلەتتى. ئۆيدىكىلەر بىر ۋېلىسىپىت ئېلىپ بەردى. مەكتەپكە بارغان كۈنى شۇنچىلىك ھاياجانلاندىم، ئۆزۈمنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق سېپىگە ھەقىقىي قوشۇلغانلىقىم يۈرىكىمدىكى يالقۇنلۇق ئىستەكلىرىمنى يەنىمۇ كۈچەيتتى، مەكتەپ مېنى ئەتىسىدىن باشلاپ دەرسكە كىرىشكە ئورۇنلاشتۇردى:

— ئاۋۋال بىرەر ھەپتە دەرس ئاڭلاپ، بالىلار بىلەن تونۇشقاچ پۇختىراق تەييارلىق قىلىۋالسام بولاتتى، — دېدىم ئىلمىي مۇدىرغا.

— نېمىنى تەييارلايتتىڭىز، كىتابنى ئېلىپ كىرىپ باللا-

نى سنىپتىن چىقىرىۋەتمەي گوللاپ چىقىشىڭىز بولىدۇ، ــ
دېدى ئۇلىمىي مۇدىر قولىدىكى يىپ ـ يىڭنە ئىشىنى قىلغاچ.
بۇ مەن ئاڭلاشنى ئۈمىد قىلغان گەپ بولىدى. مەن
باشقا گەپ قىلماي كېچىلەپ ئۇخلىماي دېگۈدەك تەييارلىق
قىلىپ ئەتىسى دەرسكە كىرگۈدەك ھالغا كەلدىم. تۇنجى
سائەتلىك دەرسىم بەكمۇ ئوتۇقلۇق چىقتى. ئۆزۈمدىن خېلى
رازى بولۇپ قالدىم، ئوتتۇراتقان دەرسىم تەبىئەت دەرسى
بولۇپ، تەجرىبە دەرسىگە كەلگەندە مەكتەپ تەجرىبىخانى-
سىدىن چاقماق سوقتۇرغۇچنىڭ مودېلىنى تاپالمىدىم، مەك-
تەپتىكىلەر بۇ يەردە ئۇنداق نەرسىلەرنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتىش-
تى. مەن مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ بىلەن ئالاقىلىشىپ
چاقماق سوقتۇرغۇچنىڭ مودېلىنى ئېلىپ، بىر قولۇمدا ۋې-
لسىپىتنىڭ رولىنى تۇتۇپ، يەنە بىر قولۇمدا تەجرىبە مودېلى-
نى كۆتۈرۈپ قولۇم ئۈزۈلۈپ كېتەي دېگەندە ئاندىن مەك-
تەپكە كەلدىم، ئوقۇغۇچىلار كىتابتا رەسىمى كۆرسىتىلگەن
بۇ تەجرىبە ئۈسكۈنىسىنى كۆرۈپ كۆزلىرى پارقىراپ كې-
تىشتى، مەن ئۇلارنىڭ خۇشلۇقىغا قاراپ تارتقان جاپالىرىم-
نى ئۇنتۇپ كەتتىم.

ــ ئۇكام بۇنچە قىلىش كەتمەيدۇ، بۇ دېگەن بىر ـ
ئىككى كۈنلۈك خىزمەت ئەمەس، بۇنداق قىلىپ توشاپ
بولغىلى بولمايدۇ، ــ دېدى بىر پېشقەدەم ئوقۇتقۇچى تەج-
رىبە ئۈسكۈنىسىنى باشقا مەكتەپتىن ئېلىپ كەلگەنلىكىمنى
ئاڭلاپ. شۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ ئالدىراش كۈنلىرىم باش-
لاندى، مەكتەپ مۇدىرى بولمىسىلا باشقىلار مېنى دەرسىگە
كىرگۈزەتتى. ئۇلار خىزمەتنى مەكتەپ مۇدىرىغا قىلىپ بېرى-
دىغاندەك قىلىقلارنى قىلاتتى، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ مەكتەپتىن
باشقا مەكتەپكە ئالمىشىپ كەتتىم. بىلدىمكى، تۇرمۇش، رې-
ئاللىق ئادەمنىڭ خىيالىدەك، ئارزۇسىدەك ئۇنچە گۈزەل
بولمايدىكەن. نەزەرىمدىكى ئوقۇتقۇچىلىق ئوبرازى مەن
بىلەن كۆرۈۋاتقان ئوقۇتقۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق
ھېلى ھەم بار ئىدى. مەن بىر مەزگىل گاڭگىراش ئىچىدە يا-
شىدىم، ئۆزۈمنىڭ ئارزۇلىرىم ۋە غايىلىرىمگە جاھىللارچە
چىڭ يېپىشىپ باققانمۇ بولدۇم. ئەمما كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى
بىلەن ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان بولمىغاچقا بارا ـ بارا ئېقىم-
غا ئەگىشىپ ياشاشقا ئادەتلىنىپ قالدىم. تېخنىكومدا مەن
بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇغان بىر ساۋاقدىشىم بار ئىدى. ئۇ
ئوقۇش جەريانىدا ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئىمتىھانىغا قاتنى-
شىپ، مەخسۇس كۇرسىنى پۈتكۈزگەنىدى، خىزمەتكە چىققان-
دىن كېيىن چوڭلار مائارىپى بويىچە ئىككى يىللىق ئوقۇشقا
بېرىپ، تولۇق كۇرسىنى تاماملىغاندىن كېيىن ئاسپىرانتلىقتا
ئوقۇدى، ئەمدى بولسا ئىچكىرىدىكى بىر داڭلىق ئالىي
مەكتەپتە دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن تېلېفوندا
ئالاقىلىشىپ تۇرىمەن. ئەينى چاغدا مېنىمۇ ئۇرۇمچىگە ئو-
قۇشقا كېلىشكە رىغبەتلەندۈرگەنىدى، ئەمما دەسلەپ ئۆزۈم
ئانچە قىزىقمىدىم، كېيىن ئۆيدىكىلەرمۇ «خىزمەتكە چىققىلى-
مۇ بىر قانچە يىل بولۇپ قالدى، ئەمدى توي-ئىنى قىلىپ،
خاتىرجەم بولۇپ كەتسەڭ» دەپ توي-ۇمنى قىلىپ قويدى،
مانا ئىككى بالىنىڭ ئاتىسى بولۇپ قالدىم، دوكتورلۇقتا ئو-
قۇۋاتقان ھېلىقى ئاغىنەم تېخى بۈلتۈر توي قىلدى، ئۇنىڭ
بىلەن تويلاشقان قىزمۇ ئۆزى بىلەن دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتى-
دۇ. ئەمدى ئويلاپ باقسام، مېنىڭ بەكمۇ گۈزەل ئارزۇلى-
رىم بولغانىكەن، ئەمما ئارزۇلىرىم ئارزۇ پېتىلا قاپتۇ، ئۆ-
زۈمنىڭ بوشاڭلىقىمدىن سىرت، مەن ياشاۋاتقان مۇھىتتىكى
كىشىلەرنىڭ ئېڭىدىكى «مۇقىم خىزمەتكە ئېرىشىش، تىرىك-
چىلىكنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش، ئاندىن توي قىلىپ، ئائى-
لە قۇرۇش»تىن ئىبارەت ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن ئەنئە-
نىۋى قارىشى ئارزۇلىرىمنى بىر ـ بىرلەپ مېنىڭدىن تارتى-
ۋاپتۇ. ئەمدى بولغاندا تېخى 35كە بارماي تۇرۇپلا، ھەتتا
سىنىپ توتۇشمۇ خۇشياقمايدىغان، ئىمكان قىلىپ دەرسنى
ئاز ئېلىشنىڭ كويىغا چۈشىدىغان راھەتپەرەس بولۇپ
كەتتىم...

ئومۇمي ئېقىمغا ئەگىشىپ ياشاش ئادەمنىڭ خاسلىقىنى
يوقىتىدىكەن. بۇ يەردە ئومۇمي ئېقىمنىڭ يۈزلىنىشى كۈن
ئۆتكۈزۈشنى مەقسەت قىلغان بولسا، گۈزەل ئارمانلىرى
يۈرىكىنى يالقۇنجاتقان ئادەم بولسىمۇ ئىرادىسى ئاجىز
بولسا يەنىلا يېرىم يولدا بولدى قىلىشقا مەجبۇر بولىدىكەن.
ئومۇمي ئېقىمغا توغرا كەلمەيدىغان ھەرقانداق قارار ۋە قى-
لمىقنى نورمال كەيپىيات ۋە روھىي ھالەت بىلەن قوللاپ كې-
تەلمەيدىكەنمىز، زۆرۈر تېپىلسا ئومۇمي ئېقىمغا قارشى
مۇقام تۇۋلىغۇچىلارنى دەلدۈشتىن دەلدۈشكە، نېرۋىسىدىن
چاتاق چىققان بىنورمال كىشىلەر قاتارىغا ئۆتكۈزۈۋېتىشكە
ئاران تۇرىدىكەنمىز.

بۈلتۈر مەكتىپىمىزگە يېڭىدىن خىزمەتكە چىققان بىر
قىز ئوقۇتقۇچى ئاسپىرانتلىقتا ئۆرلەپ ئوقۇش ئۈچۈن خىز-

www.uyghurkitap.com

مىتىدىن ئىستىپيا بەردى، ئۇ مەكتەپ ۋە ئىدارە رەھبەرلىرىنىڭ، ھەتتا ئاتا - ئانىسىنىڭ قارشى تۇرۇشىغا، يېقىن - يورۇقلىرىنىڭ نەسىھەت قىلىشلىرىغا قارىماي جاھىللىق بىلەن ئىستېپيا بېرىش يولىنى تاللىدى.

— بېشىنى چۆرگىلىتىپ يۈرگەن بىرى ئۇرۇمچىدە ئوخشايدۇ، بولمىسا بۇنداق ئەقىلسىزلىق قىلامتى...

— قىز بالا بولغاندىكىن ئۆز يۇرتىغا خىزمەتكە چۈشكىنىگە خۇش بولۇپ، غىتىنى غىت قىسسا بولاتتى ئەمدى...

— مېڭىسىنى قاغا چوقۇۋاپتۇ بۇ قىزنىڭ، يەنە ئوقۇيمەن دېگۈچە ئەرگە تېگىپ، ئەردە ئوقۇسا ياخشىتتى ئەسلى...

— قىز بالىنىڭ بەك يىراقتا، بەك كۆپ ئوقۇتىدىغان نەرسە ئەمەس، بولمىسا مۇشۇنداق ئۆز بېشىمچى، گەپ ئاڭلىماس، تەرسا، جاھىل بولۇپ قالىدۇ.

— بىزنىڭمۇ قىزلىرىمىز بار، تۈۋا دەيلى تۈۋا...

شۇ چاغدا مەكتەپتە مۇشۇنداق گەپ - سۆزلەر كەڭرى ئېقىپ يۈردى. بىچارە قىز ھەتتا گەپ - سۆزنىڭ، تەنە ۋە تەھدىت ئارىلاشقان نەسىھەت قىلغۇچىلارنىڭ كۆپلىكىدىن «ئىستېپانامە» يازغىچە بولغان ئارىلىقتا مەكتەپكىمۇ كېلەلمىدى. مەنمۇ ئۇنىڭ ئوقۇشنى ئانچە قوللاپ كەتمەيدىغانلارنىڭ بىرى ئىدىم. ئەلۋەتتە مەنمۇ ئېقىمغا ئەگىشىپ ياشاشقا ئادەتلىنىپ كەتكەنىدىم، ئادەتتە بۇ قىز بىلەن كەسىپ ئۈستىدە خېلى پاراڭلىشىپ تۇراتتىم. مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق ئېغىز ئاچقىنىمدا ئۇ مۇنداق دېگەنىدى:

— مۇئەللىم، مەنمۇ بەك ئىككىلىنىۋاتىمەن، شۇنچە ئادەم قارشى چىققان ئىشتىن قول ئۈزەي بولدى دەپمۇ باقتىم، ئەمما يۈرىكىمنىڭ بىر يەرلىرىدە باشقىچە بىر ئىنتىلىش زادى بېسىقمىدى، يۈرىكىمنى سىلاپ باقسام تەۋەككۇل قىلىپ باققۇم بار، «يا بايىدىن چىقار، يا سايرامدىن». ماڭا خىزمەت قىلىش پۇرسىتى كۆپ، ئەمما بۇ قېتىم ۋاز كەچسەم ئوقۇش پۇرسىتىم يوق بولىدۇ، مېنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئوقۇپ، تېخىمۇ جىق نەرسىلەرنى بىلگۈم بار...

مەن كىچىككىنە قىزنىڭ غەيرىتىگە ئىچىمدە ئاپىرىن ئوقۇدۇم. ئەمدى ئويلاپ باقسام بۇ قىز ئېقىمغا قارشى غەليان كۆتۈرگەن جاسارەت ئىگىسى ئىكەن. ھازىرمۇ ئۇنىڭ بىلەن پات - پات ئالاقىلىشىپ تۇرىمەن. ئۇ ئۆز يۇرتىدا بىر ئوبدان خىزمەت قىلىش پۇرسىتىدىن ۋاز كېچىپ ئوقۇشقا بارغاچقىمۇ ھېرىپ - چارچاشقا، تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىپ ئوقۇۋاتىدۇ، ئەمدى ئويلاپ باقسام، بىز ھەر قېتىم قالپاقلارنى كىيدۈرۈشكە تەييار تۇرغان بۇ قىز مىللىي مائارىپىمىزدىكى ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدا ئېقىمغا ئەگىشىپ ياشايدىغانلارنىڭ كۆپلۈكىدىن ئۈمىدسىزلەنگەنىكەن، ئۆزىنىڭ ئېقىمغا ئەگىشىپ ياشىغۇسى كەلمەي قەلبىنى تىڭشاپ ئاقىۋەتتە ئۇلۇغ ئارزۇلىرى يولىدا ئاشۇنداق روھىي بېسىملارغا بەرداشلىق بېرىپ مۇشۇ يولنى تاللىغانىدى.

ئادەم ئۆزىگە پات - پات جەڭ ئېلان قىلىپ تۇرۇشى كېرەك. بۇ يەردىكى جەڭ ئۆزىنىڭ ئادىتىگە، راھەتكە، كۆڭۈل سۆيىدىغان تىپتىنچ، جۇۋاز كالىسىدەك مومىنىڭ ئەتراپىدىلا ئايلىنىپ داۋام ئېتىدىغان تەكرار تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشىپ بېقىشى كېرەك ئىكەن. نورمال ئەھۋال ئاستىدا بىر ئادەمنىڭ تۆلىگەن بەدىلى قانچە كۆپ بولسا ئېرىشىدىغىنىمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ، ئۆزىگە جەڭ ئېلان قىلىش كىشىگە تېخىمۇ كەڭ تەرەققىيات بوشلۇقى، تېخىمۇ كۆپ ئىلگىرىلەش پۇرسىتى بېرىدۇ. ئىدىيە يېڭىلانغاندىن كېيىن ئادەمنىڭ كۆرمىش - ئەتمىشلىرىدىمۇ مۇناسىپ ئۆزگىرىش، يۈكسىلىش بولىدۇ دەپ، قارايمەن.

مەدھىيەگە ئادەتلىنىپ قېلىش ئادەمنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى سۇسلاشتۇرۇۋېتىدۇ، ئەكسىچە، پۇرسىتىنى تېپىپ بېرىلگەن تەنقىد ئادەمنىڭ روھىيەت ئالىمىگە ئويلىمىغان ھاسىلاتلارنى ئاتا قىلىشى مۇمكىن. مەن ئويلايمەن، ئادەم ئۆزى ۋە ئەتراپىغا كۆپرەك تەنقىد كۆزى بىلەن قارىغاندا، ئۆزلۈك قىممىتى ۋە ئۆزلۈك ئېڭى ھەققىدە كۆپرەك ئويلانغىلى، كېسەللىك مىكروبلىرىغا قارىتا ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ، شۇڭا ئەتراپىمىزدىكى ھادىسۋى مەسىلەرگە قارىتا كۆپرەك تەنقىد كۆزى بىلەن قاراپ، پىكىر يوللىرىمىزنى كېڭەيتىپ، ئۆز قىممىتىمىزنى ئېتىراپ قىلىشقا جۈرئەت قىلىشىمىز كېرەك، ئېقىمغا ئەگىشىپ ياشاشتىن شۇ ئارقىلىق روھىمىزنى، جەڭگىۋارلىقىمىزنى سۇندۇرۇۋېتىشتىن ساقلىنىشىمىز كېرەك.

2013 - يىلى 28 - فېۋرال يېزىلدى، 26 - مارت، 7 - ئاپرېل تۈزىتىلدى.

---

ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيە تېرىم يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە.




### ئاچچىق - چۈچۈك پاراڭلار

▲ كىشىلىك ھاياتنىڭ ھەقىقىي مەنىسى ئۆز - ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇش، ھەرگىزمۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ياكى ئۆزىنى ئىسراپ قىلىۋېتىش ئەمەس.

▲ نادانلار ئىلىم ۋە ئىلىم ئەھلىنىڭ قەدرىنى مەڭگۈ بىلمەيدۇ.

▲ ھەرقانداق بىر ئىشنىڭ ئۆز ھېكمىتى ۋە قانۇنىيىتى بولىدۇ، شۇ ھېكمەت ۋە قانۇنىيەتتىن چەتنىگەن ئىشلار ئادەمنى ھالاكەتكە باشلايدۇ.

▲ ۋاقىت قارىشى سۇس ئادەملەرنىڭ پۇشايمىنى كۆپ بولىدۇ.

▲ ئەگەر پۇل - مېلىڭ ئۆزۈڭنىڭ ھاجىتىدىن ئاشقۇدەك بولسا، بۇزۇپ - چاچماستىن باشقىلارغا بىلىندۈرمەي ياخشىلىق قىلىپ قوي، كۆڭلۈڭ چوقۇم خۇش بولۇپ قالىدۇ.

▲ پاك دىل ئادەم مۇراد - مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ، دىلىدا كىر بار ئادەم ھەسرەت - نادامەتتە ئۆتىدۇ.

▲ نېمىلەرنى قىلغانلىقىڭ ئۈستىدە ئويلىنىش بىلەن بىللە، نېمىلەرنى قىلالمىغانلىقىڭ ئۈستىدىمۇ ئويلىنىپ قوي.

**— مۇھەممەدجان تىلىۋالدى**

ئاپتور: پەيزىۋات ناھىيە گۈللۈك يېزا ئاقتوقاي كەنتىدە، دېھقان

### تەپەككۇر تەرمەچىلىرى

▲ ئۆزىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالمىغان ئادەم ئەڭ جىق سۆزلەيدۇ. ئۆزىنىڭ نېمە دېيىش كېرەكلىكىنى بىلىدىغان ئادەم ئەڭ كۆپ ئويلايدۇ.

▲ ئەقلى - ھوشى جايىدا ئادەم مەڭگۈ كۈلۈپ ياشىيالمەن دېمەيدۇ.

▲ بىر نەرسىنى بىزنىڭ دېيىشكە قارىغاندا، مېنىڭ دېيىشكە جۈرئەت ھەم مەسئۇلىيەت كۆپرەك كېتىدۇ.

▲ راستچىللىق بولمىغان يەردە خاتىرجەملىك بولمايدۇ.

▲ ئەدەپسىزنىڭ تىلى، ئېتىقادسىزنىڭ دىلى بۇزۇق كېلىدۇ.

**— مۇھەممەتجان ئابدۇغەنى**

ئاپتور: چىرا ناھىيەلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىدىن

▲ دۈشمەنىنىڭ ئاجىزلىق نۇقتىسىنى تاپقاندا قىلىچ ئۇرمىغان جەڭچى، ئۆزىنىڭ ئاجىزلىق نۇقتىسىنى دۈشمەنگە تۇتقۇزۇپ قويۇپ ئۇنىڭ قولىدا ھالاك بولىدۇ.

▲ ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەسەم قىلغاندا ھەسەلنى ئەمەس، تۇزنى گۇۋاھ قىلغانلىقىدا ئاجايىپ سىر بارمىكىنە. ئەجەبا ھەسەل تاتلىق، تۇز ئاچچىق تۇرسا.

▲ زالىمنىڭ قامچىسى يېتىمنىڭ بېشىدا ئەگگەندە زېمىننى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ، چاقماق چاقىدۇ، يەر تەۋرەپ ھەممە يەر ھالاكەتكە يۈزلىنىدۇ.

**— ئابلەتجان قادىر**

ئاپتور: قەشقەر يېڭىسار ناھىيەلىك تولۇق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە.

### تەپەككۇر كۆزى

▲ بىلىمنى دوست تۇتقان ئاقىل بولۇر، مال ـ دۇنيانى دوست تۇتقان غاپىل بولۇر.

▲ «ھەجمى قىسقا، ۋەزنى ئېغىر»، «ئوقۇرمەنى كۆپ» ئۇ بولسىمۇ شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژۇرنىلىنىڭ تەپەككۇر مېۋىلىرى سەھىپىسىدۇر.

— ئابدۇقادىر مەتباقى

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە كۇيا يېزا ھالۇ كەنت 6 ـ گۇرۇپپىدىن، دېھقان.

## تەپەككۇر ھاسىلاتلىرى

▲ ئىنسان ھاياتى بىر پۇرسەت. ئۇ تۇغۇلۇشتىن بۇرۇنقى ھەم ئۆلگەندىن كېيىنكى ئىككى يوقلۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر دەملىك ۋاقىتنىڭ ئىلكىدە بولىدۇ. شۇڭا كىچىككىنە ۋاقىتنىمۇ قەدىرلە، ھاياتىڭنىڭ قىممىتى ئاشىدۇ.

▲ ھەمپىكىر بۇرادىرىم: «ئاتا ـ ئانىسىغا بوي بەرمىگەننىڭ تويى كۆپ بولىدۇ» دېگەنىدى؛ مەن: «شۇنداق، ئۇستازىغا بوي بەرمىگەننىڭمۇ غېمى كۆپ بولىدۇ» دېدىم.

▲ ئاتا ـ ئانىسى ھايات ۋاقتىدا تاۋلانمىغاننى، ئاتا ـ ئانىسىدىن كېيىن قالغان ۋاقىتتىكى تۇرمۇش قىيناپ تۇرۇپ تاۋلايدۇ.

▲ بالىلارغا پۇل بەردۇق، ئەمما تەربىيە بەرمىدۇق. شۇڭلاشقا ئۇلار «ئەخلەت يېمەكلىك»نى پۇلغا سېتىۋېلىپ يەۋاتىدۇ.

▲ ھەقىقىي ئىنساننىڭ تېنى ئۇنىڭ نەپسى ـ قارنى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئەقىدە ـ ئېتىقادى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

— ئابدۇلئەھەت ئابدۇراخمان

قورغاس ناھىيەلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ پېنسىيونېرى

## مۇھەببەت ھەققىدە ھېكمەتلەر

▲ مۇھەببەت ئەر ۋە ئاياللىن ئىبارەت ئىككى ناتونۇش جىنسنى ئۆمۈرلۈك ھەمراھلارغا ئايلاندۇرالايدىغان سىرلىق رىشتە.

▲ مۇھەببەت يىراق ئارىلىقنى يېقىنلاشتۇرالايدۇ.

▲ مۇھەببەتنىڭ كۈچى، خۇددى يەر شارىنىڭ تارتىش كۈچىگە ئوخشايدۇ، يەر شارىنىڭ تارتىش كۈچى بارلىق جىسىملارنى ئۆزىگە تارتىپ ئالەمنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلىسا، مۇھەببەتنىڭ تارتىش كۈچى ئادەملەر بىلەن ئادەملەرنىڭ، ئادەملەر بىلەن تەبىئەتنىڭ ئارىلىقىنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇپ ھاياتلىقنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلايدۇ.

— مۇھەممەدئىمىن ھەسەن

ئاپتور: قاغىلىق ناھىيە شادلىق دوختۇرخانىسىدىن

## تامچە ـ تامچە ھەسەللەر

▲ سەندە ماڭا بىر قەدەم يول قويالايدىغان نىيەت بولغان بولسىدى، مەن ساڭا ئون قەدەم يول قويغان بولاتتىم.

▲ كىچىك مەنپەئەتنىڭ زىيانىغا ئۇچرىغاندا ئويلىنىسەڭ، ۋاقتى كەلگەندە چوڭ مەنپەئەتتىندىنمۇ قۇرۇق قالىسەن.

▲ مېنىڭ سېنى يىقىتىش مەقسىتىم بولغاچقىلا، سېنى ئېگىزگە كۆتۈرۈشكە مەجبۇر بولۇۋاتىمەن.

— ئەركىن ئابدۇكېرىم تەنھا

ئاپتور: جۇڭگوۋا خەلق جۇمھۇرىيىتى تورغات چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش پونكىتىدا ئوفىتسېر

## سەھرادا تۇغۇلغان ساددا ئويلار

▲ ئۆي ياپقاندا يامغۇرنى، پۇل تاپقاندا يوقسۇلنى ئويلا.

▲ ئۆردەك كەلكۈننىڭ خەتىرىنى، ئەخمەق ئالتۇننىڭ قەدرىنى بىلمەس.

▲ يول مېڭىشتىن بۇرۇن ماشىناڭنى، ئۆي ئېلىشتىن بۇرۇن قوشناڭنى كۆزەت.

▲ يوللىرىڭنىڭ ھەممىسى تەكشى بولماس، دوستلىرىڭنىڭ ھەممىسى ياخشى (بولماس).

▲ بالام ھايالىق بولسۇن دېسەڭ ئەقلىنى، كالام بازارلىق بولسۇن دېسەڭ نەسلىنى ياخشىلا.

▲ ھەقىقىي شىر قازان بېشىدىكى ئاچكۆز مۈشۈك بىلەن ئېتىشماس.

▲ قىممەتلىك ئالتۇن كۆيسىمۇ ساپلىقىنى، ئېپىيەتلىك خوتۇن ھەرگىزمۇ پاكلىقىنى يوقاتماس.

▲ ھايۋاننىڭ يامىنىدا يېغىر، ئادەمنىڭ نادىنىدا كىبىر كۆپ.

▲ تاغدىكى سەزگۈر شىرنى قورال بىلەن قىلتاق، جەڭدىكى باتۇر ئەرنى ئايال بىلەن ھاراق يوقىتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

## ئۆزۈك تىنىقلار

▲ ئۆيۈڭگە يوقسۇل كىرگەندە تاماق بېرىپ، ئېلىڭگە باتۇر كەلگەندە دۇمباق چېلىپ كۈتۈۋال.

▲ ئېقىن - كۆلنىڭ سۈيى بىلەن چۆل - جەزىر، سېخىي باينىڭ قولى بىلەن تۇل - يېقىر كۆكلەر.

▲ تۇيۇقسىز كەلگۈن ئەلنى، هاياسىز خوتۇن ئەرنى ئۆلتۈرەر.

▲ تۆردە تۇرساڭ پەستىكى خەلقنى، تاغدا يۈرسەڭ غاردىكى ئېيىقنى ئويلا.

▲ پۇل هەممىگە قادىر بولىدىغان بولسا، ئىككى قوغدىغۇچىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەنسىز كېتىۋاتقان باينى نېمە دېگۈلۈك.

▲ كەتمەن چاپماس هورۇن تۆرگە، ۋەتەن سۆيمەس خائىن ئەلگە سىغماس.

— تۇردى ئالاۋۇش

ئاپتور: كۇچا ناهىيە خانىقاتام يېزا چىمەن كەنتىدىن

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ داداڭنىڭ ياخشى - يامانلىقىنى ئاناڭدىن سورا، ئۆزۈڭنىڭ ياخشى - يامانلىقىڭنى ئاۋامدىن سورا.

▲ ئىلىمنىڭ هۆرمىتىدىن، ئەمەلنىڭ نوپۇزى ئېشىپ كېتىدىكەن ئىلىمدارلار ئازلاپ ئەمەلدارلار كۆپىيىپ كېتىدۇ.

▲ ئەمەلدارلارنى قانۇن باشقۇرماي، قانۇننى ئەمەلدار باشقۇرىدىكەن، ئۇنداق يەردە ئاجىزغا كۈن يوق بولۇپ قالىدۇ.

▲ ئۈچ خىل نەرسىنىڭ غېمىدە يۈرمىگەن ئادەم ئۆزىنىڭ ئىنسانلىقىدىن گۇمان قىلسا بولىدۇ. بىرى ۋەتەن غېمى، ئىككىنچىسى ئاتا - ئانىنىڭ غېمى، ئۈچىنچىسى پەرزەنت غېمى.

▲ دىققەت قىل: ئاغزى يامانىنىڭ تىلى قىسقا، نەپسى يامانىنىڭ ئۆمرى قىسقا بولۇپ قالىدۇ.

▲ تاشلاندۇق بولۇپ قالغان بىر پارچە ناننىڭ رولىغا سەل قارىما، ئەگەر سەل قارايدىكەنسەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاشۇ ناننى ئىزدەشكە مەجبۇر بولىسەن.

▲ ئاتا - ئانا يېتىملىكىدىن، ۋەتەن يېتىملىكى يامان.

▲ ئۆلۈم توغرىسىدا ئويلانمىغان ئادەم هاياتىدا كۆپ خاتالىق ئۆتكۈزىدۇ.

— مۇھەممەتجان مەمتىمىن

ئاپتور: گۇما ناهىيە كۆكتېرەك يېزا توغبېشى كەنتىدە، دېهقان.

## ئۆمۈر دەقىقىلىرىدىكى ئىزنالار

▲ ئەرزىمەس مۇھەببەت هىجرانلىرىدا كۆيۈپ كۈل بولغاندىن، ئاقىل دەرتمەنگە مۇڭداش بولۇپ هاياتلىق يولىدىن يېڭى مەنە تاپقان ئەلا.

▲ مۇقەددەس ئېتىقاد تۈپەيلىدىن قۇربان بولغان ئادەمنىڭ روهىنى زېمىن خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدۇ. ئىرادە بىلەن تىكلەنگەن باشنى زورلۇق كۈچىدە ئەگدۈرگىلى بولمايدۇ. ئىشەنچ بىلەن پىداكارلىقتا تىكلىگەن كۆزنى قۇم چېچىپ يۇمدۇرغىلى بولمايدۇ. ۋىجدان ۋە غۇرۇر بىلەن سۆزلەنگەن سۆزنى توختاتقىلى بولمايدۇ.

— ئابلەتجان قادىر

يېڭىسار ناهىيەلىك تولۇق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن

## هېكمەت تامچىلىرى

▲ سېنىڭ نادانلارچە قىلغان يوغانچىلىقىڭغا سۈكۈت قىلغانلىقىم، سەندىن قورققانلىقىم ئەمەس، بەلكى سېنى كۆزگە ئىلمىغانلىقىمدۇر.

▲ سەن مېنى قانداق ئويلىساڭ، مەن ساڭا شۇنداق كۆرۈنۈشۈم مۇمكىن، چۈنكى سېنىڭ ئىقتىدارىڭ شۇنچىلىك تۇرسا.

▲ سېنىڭ هۆرمىتىڭنى قىلغانلىقىم، سېنى چوڭ بىلگەنلىكىم ئەمەس، بەلكى ساڭا باشقىلارنى هۆرمەت قىلىشنى ئۆگەتكەنلىكىمدۇر.

— مۇھەممەدئىمىن هەسەن

ئاپتور: قاغىلىق ناهىيە شادلىق دوختۇرخانىسىدىن

## قەلب چېقىنلىرى

▲ بىر يۇرتنىڭ زىننىتى جامائەت بىلەن، مەنسەپنىڭ زىننىتى ئادالەت بىلەن.

▲ رەزىللىككە سۈكۈت قىلغانلىق، هەق ئەهلىنىڭ باغرىنى تىلغانلىق...

uyghurkitap.com

▲ ئىشلىتىپ تۇرغان كەتمەنلەر داتلاشماس،
ئىزدىشىپ تۇرغان قېرىنداشلار ياتلاشماس.

— ئابلىز ئوبۇلخەيرى (مەرپەت)

ئاپتور: لوپ ناھىيە دول يېزا مازار ئۆستەڭ كەنت 143 - قورۇدا

## تەپەككۇردىن تامچىلار

▲ نومۇسسىزنىڭ يارلىقى بىر قېتىم بولسا، ئۆلۈشى مىڭ قېتىم بولىدۇ.

▲ قىز چىرايى بىلەن نازاكەتلىك ئەمەس، ئەخلاقى بىلەن نازاكەتلىك.

— مەخمۇت مۇھەممەد ئەلدەربەگ

ئاپتور: يەكەن ناھىيە كاچۇڭ يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى

▲ سەن بىراۋغا سالام قىلغاندا ئۇنىڭغا ئىللىق تەبەسسۇمىڭنى ۋە چىن مېھرىڭنى قوشۇپ سالام بەرگىن.

▲ ئۆلۈمنى سېغىنىش ھاياتقا بېرىلگەن كىچىككىنە بىر خاتىمە.

▲ بىز ھەر ۋاقىت ھۇجۇمغا ئۇچراپ تۇرىمىز، ھەر بىر قېتىملىق ھۇجۇمدىن ئامان قالغان پىكىر قاتلىمىمىز بىزنى مەۋجۇتلۇقنىڭ ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتۈرىدۇ.

▲ ھەددىدىن زىيادە قويۇقلىشىپ كەتكەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت بىزنى تەپەككۇردىن ئايرىپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان قىلىپ قويىدۇ.

— مۇتەللىپ ياسىن

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ئىنستىتۇتى 2012 - يىللىق تەييارلىق 18 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## بوۋام ماڭا مۇنداق دەيدۇ

▲ ئائىلىدىكى ئانا قانداق سۈپەتتە بولسا، شۇ ئائىلىدىكى بالا ئاشۇ خىل سۈپەتكە مايىل بولۇپ قالىدۇ.

▲ ئوغلۇم، قولۇڭدىن كېلىشىچە باشقىلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ قوي، قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشقا كۆڭۈل بۆلۈپ قوي، مانا بۇ ئادىمىيلىكتۇر، ئۇنىڭ جاۋابىنى ھامان بىر كۈنى ھەسسىلەپ قايتۇرۇۋالىسەن.

▲ قەھر - غەزىپى بولمىغان ئادەمدە كەسپكىمۇ، ئۆزگىگىمۇ يېلىنجاپ تۇرىدىغان مۇھەببەت ئوتى بولمايدۇ.

▲ شۇنىمۇ بىلىپ قال ئوغلۇم، ئاۋامغا قىلغان كۆڭۈل قارىلىق، تەكەببۇرلۇق بىلەن قىلغان تىرناقتەك ئالدامچىلىق، كەلتۈرگەن خورلۇق ئۇلارنىڭ يۈرىكىگە دۇغدەك تىنىپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ قارغىشى، لەنەت - نەپرىتى يۇيۇپ تۈگەتكۈسىز قانلىق تامغىدۇر.

▲ ئوغلۇم، ئادەمگەرچىلىك بىلەن تەكلىپ قىلىنغان جايغا زەھەر بەرسىمۇ بارغىنكى، غەرەز ئارىلاشقان يەرگە ھالۋا بەرسىمۇ بېرىشقا ھەرگىز ئالدىرىما.

▲ ئوغلۇم، ئاياللار پەقەت سىرتى بويالغان توخۇمغىلا ئوخشايدۇ، قايسى خىلنى چېقىپ يېسەڭمۇ تەمى ھامان بىر خىلدۇر. شۇڭا قولۇڭغا تاللاپ ئالغان توخۇمنىلا قەدىرلەشنى ئۆگەن.

▲ ئوغلۇم، ئالدىراپ باشقىلاردىن بىزار بولۇپ كەتمە. بەزىدە سەن بىزار بولغان ئاشۇ كىشىلەرنىڭ سىماسىدىن ئۆزۈڭنى كۆرۈپ قېلىشىڭمۇ مۇمكىن.

▲ ئوغلۇم، باشقىلارنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراشتىن ساقلان، دۇنيادا باشقىلارنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراشتىن ۋە ئۆزىنىڭ ئامالسىزلىقىنى ئېتىراپ قىلىشتىن ئارتۇق ئازاب يوقتۇر.

— ئالىم ياسىن

پەيزىۋات ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىدىن

## كەچمىش تۇغۇندىلىرى

▲ ئۆگىنىشنىڭ دوستى تەلەپچانلىق، دۈشمىنى قانائەتتۇر، كېيىن قىلغان پۇشايمان ساقايماس جاراھەتتۇر.

▲ قىلدەك بىلىمنىڭ پىلدەك كۈچى بار.

— ئەركىن سالاھىددىن

قورغاس ناھىيە 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ پېنسىيونېرى

▲ كېچىدە تولا يۈرگەن قىز بالىنىڭ بەختى، ئوغۇل بالىنىڭ رىزقى تۈگەيدۇ.

— قەلەمىي ئوبۇل

ئاپتور: قەشقەر قاغىلىق ناھىيە چوپان يېزىلىق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى



مۇتەللىپ سەيپۇللا ئەزىز

# ئالتۇنرەڭ چىغىر...

(ھېكايە)

نۇراخۇن بوۋاينىڭ كېسلى يەنە قوزغالدى. بۇ قېتىممۇ ئاۋۋالقىغا ئوخشاش تۇرۇپلا بېشى قېيىپ، كۆز ئالدىنى سۇررەڭ قاراڭغۇلۇق باستى. كۆچلۈك بىر «ھۆ» بىلەن تەڭ بوغۇزىغا قەي ياماشتى. دېمى سىقىلىپ، نەپەس ئېلىشى قىيىنلاشتى. پېشانىسىدىن چىپىلداپ تەر ئۆرلىدى. تىترىگەن لەۋلىرى قۇرۇپ، تىلى تاڭلىيىغا چىڭڭىدە چاپلاشتى. ھويلىغا چىقىپ كەتكىنىچە خېلىدىن بېرى يېنىغا يولىمىغان مومىيىنى چاقىرماقچى بولغىنىدا قۇرۇغان لەۋلىرى يەمىرىلدىيۇ، بىرەر زۇۋان سۆزنى تېشىغا چىقىرالمىدى.

بوۋاي ئۆرە بولماق ئۈچۈن ئاجىزغىنە تىرەجىدى. ئەپسۇس، سۇپا لېۋىگە تايانغان قولى لاكاسلاپ ھېچبىر قولاشمىدى. كۆكسى چىڭقىلىپ مۇجۇلغانچە پۈكلىنىپلا قالدى.

«ئەزرائىل ئەلەي يوقلاپ كەپتۇ... — بوۋاينىڭ كۆڭلىگە سوغۇق بىر ئوي باستۇرۇپ كىردى، — پانىيدىكى مېھمانلىقىم ئاخىرلىشىپتۇ، بۈگۈن باقىغا يول ئالىدىغان ئوخشايمەن. ئىسىت...، تېخى ئەمدى تۇغۇلغاندەك قىلاتتىم...»

نۇراخۇن بوۋاينى «ھىق» تۇتتى. مەيدىسىدىكى مۇجۇلغان ئاغرىق بارغانچە زورايدى. شۇ مۇجۇلۇش بىلەن تەڭ ئۈزۈلگەن تىنىق خىيالىنىمۇ ئۈزۈپ قويدى. نۇراخۇن بوۋاينىڭ ئۆرە بولماققا تۇتۇنغان تىز-يوتىلىرى بىراقلا بوشىشىپ، زەبەردەس تېنى سۇپا تۈۋىگە سۇنايلاندى. ئاخىرقى بىر قېتىملىق سۇس «ھىق» بىلەن تەڭ بېشى بىر تەرەپكە قىيسايدى. ئۇچرەڭ ساقىلى غۇژمەكلىشىپ، يىللار بورانى ئېنىق ئىز ئويغان تاتىراڭ بويىنىغا قىسىلىپ قالدى. ئايۋان ئىشىكى تەرەپكە قادالغىنىچە پىلىلداپ قالغان كۆز قارىقى شالاڭ كىرپىكلەر ئارىسىدا ئاستا-ئاستا خىرەلەشتى.

ئانچە ئۆتمەي ئايۋاندىن مومايىنىڭ ئىزتىراپلىق چىرقىرىقى ئۈچۈپ چىقتى. نە ئۈچۈپ چىقسۇن، بۇ چىرقىراقنى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم ئاڭلىيالمىدى. موماي ئۆزىنى ھويلىغا ئاتتى. نە ئاتالسۇن، ئۇزۇن كۆڭلىكىنىڭ پېشىنى ئىككى قولىدا كۆتۈرۈپ، قەدەمدە بىر مۇدۇرۇپ پايپاسلىغىنىچە كوچىغا چىقتى:

— ئادەم بارمۇ...؟!

مومايىنىڭ ئاۋازىنى ھېچكىم ئاڭلىمىدى. ئەمەلىيەتتە، كوچىدا ئۇ ئاۋازنى ئاڭلىغۇدەك بىرەر ئادەممۇ يوق ئىدى. نەۋاقتىن بېرى مۇشۇ مەھەللىنى ئايلىنىپ كېتەلمەيدىغان، ئۈنلۈكرەك بىرەر مەرتە چۈشكۈرۈپ بولغۇچىلا ئەھۋال سوراپ ھويلىغا ئۇنۇپ بولىدىغان كەنت مۇدىرى

www.uyghurkitap.com

بىلەن ئۈنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بۈگۈن قاياققا كەتتىكىنە.

مومايىنىڭ ھاسرىقى چىكىگە يەتتى. موماي شۇ ھاسراققا تەڭكەش قەدەملىرى بىلەن چوڭ يولغا چىقتى:

— ئادەم بارمۇ...؟! مەن بىچارىگە زەھەم قىلىپ ھارۋىمىزنى قوشۇپ بېرىڭلار! نۇراخۇن...

چوڭ يولدىمۇ ئادەم كۆرۈنمىدى. بەلكىم باشقا بىراۋ بولغىنىدا كۆرۈنۈپمۇ قالارمىدىكىن، يىراق ئۇپۇقتىكى بىر نەچچە خىرە سايىنى مومايىنىڭ نۇرى قاچقان كۆزلىرى ئىلغا قىلالمىدى.

مومايىنىڭ كۆز گىرۋىكى يار ئالدى. نەچچە تال ئاجىز كىرپىكلەر بىر-بىرىنى قوغلىشىپ دومىلىغان قەترەلەرنى تۇتۇپ قالالمىدى.

موماي كەينىگە قايتتى. ئۇدۇل ئايۋانغا كىرگىنىچە بوۋىينىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئالدى. سوزۇلۇپ، تىتىلاي دەپ قالغان ئىتەك ئۈچى بىلەن جان كۆيەرىنىڭ يۈزلىرىنى سۈرتتى. لەۋلىرى ئارىسىدىن تەپچىرىگەن ئاقۇش توكۈرۈكنىمۇ سۈرتتى. قولىقىنى نۇراخۇن بوۋاينىڭ تاتارغان لەۋلىرىگە يېقىپ، تىنىقىنى تىڭشاپ كۆردى. ئالدىراپ ئۆرە بولۇۋاتقىنىدا كىرپىكلىرىدىن ئۈزۈلگەن ئىككى تامچە زىلال شەبنەم ئۇدۇل ساقىغىنىچە بوۋىينىڭ زىنىقىغا قوندى.

موماي ئاۋۋال ھارۋا شوتىسىنى سۆرەپ ھويلا ئوتتۇرىسىغا ئەكەلدى، ئارقىدىن چېتىقنى ئىشىك تەرەپكە ئۈدۈللىدى. ھارۋىنىڭ قوشقۇن-بەلباغلىرىنى، تارتقۇ-سۆرۈگۈچلىرىنى ئوڭشىدى. مۇشۇ ئىشلارنى قىلىۋاتقىنىدىكى كۈچىنىڭ چۈشقەتەك بىلەك، يۈگۈمەچتەك يوتىلىرىغا نەدىن ياماشقىنىنى بىلمىدى. ئەمدى ئۇ ئۆزىنى ئېغىلدا كۆردى. ئوقۇۋردىكى يۇمشاق سامانىنى بىغەم چايناۋاتقان ئاق تۇمشۇقلۇق سۆر ھاڭگا ئاۋۋال چۆچۈدى، ئارقىدىن بۇرنىغا يېپىشقان سامان كۆكۈندىلىرىنى پۈشقۈرغىنىچە قولىقىنى يېنىك پاتاقلىتىپ ئايال ئىگىسىگە مېھىر بىلەن قارىدى.

موماي ھارۋىنى تەييارلاپ، ئېشەكنى يېتىلىگىنىچە ئايۋان بوسۇغىسىغا ئەكەلدى. مومايىنىڭ جىددىيلىكىدىن بىر زۆرۈرلۈكنى ئاڭقىرىغان ھاڭگا ئايۋانغا بويۇن سوزدى. مومايىنىڭ نۇراخۇن بوۋايىنى ھاپاشلىغىنىچە يۆكلەنىپ دېگۈدەك ئايۋاندىن ئېلىپ چىقىپ ھارۋىغا ياتقۇزۇپ بولغىنىنى بىلگىنىدە يېتىلەشنى كۆتمەيلا دەرۋازىغا بۇرۇلدى.

ھارۋا كوچىغا چىقتى. ئارقىدىن چوڭ يولغىمۇ چىقتى. ئىشكىلەر ئېتىلمىدى، دەرۋازا يېپىلمىدى. مەزلۇم ئىگىسىنىڭمۇ ھارۋىغا يامىشىپ چىققىنىنى بىلگەن سۆر ھاڭگا ئۆچۈن ئۆز ئىگىلىرىنى قاي مەنزىلگە ئېلىپ بېرىش ئېنىق بولدى — يېزىلىق شىپاخانا دەل يولنىڭ ئۇدۇل تەرەپ نىشانىدا ئىدى.

راست، نۇراخۇن بوۋاينىڭ بۇ ئېشىكى ھېلىقى ۋاقىتتىكى قارا تۇمشۇق تەخەي ئۇ ئەمەس. قارا تۇمشۇق تەخەينىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ قالغان كېيىنكى خېچىرنىمۇ بوۋاي ئالىلقاچان ناھىيە بازىرىدا بىر مادىغا تېگىشىپ، شۇ مادىسىنى كۆپ قېتىم تەخەيلىتىپ سېتىپ، خېلى ئەتلىنىپ قالغان. ھازىرقى ئېشىكى شۇ مادىسىدىن قالغان ئاخىرقى تەۋەررۈك.

مۇشۇ ھويلا، مۇشۇ ئېغىلدا تۇغۇلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بوۋاينىڭ ئارزۇسىدىكىدەك قاۋۇل، قىسقا قۇلاق، كەڭ پېشانە، توم پاچاق بولغانلىقى ئۈستىگە كىچىكىدىن تارتىپلا تولىمۇ ئەقىللىق ۋە رايىش ئۆسۈپ يېتىلگەن تۇمشۇقى ئاقۇش، ئۆزى چېچەن بۇ تەخەي گويا ئۇ ئىگىسىنىڭ ئېشەك قوۋمىغا باشقىچە مېھىرلىك، بولەكچە كۆيۈملۈك ئەكەنلىكىدىن تولۇق خەۋەرداردەك ھەر ئىش، ھەر قەدەمدە نۇراخۇن بوۋاينىڭ كۆڭۈل رەيتارىنى تولۇق چۈشىنىپ يېتەلىگەندى. بوي سوزۇپ ئېشەكلىك قىيامىغا يەتكىنىدە بوۋاي ئېغىلغا پۇت قويغان ھامان قولىقىنى يېنىك پاتاقلىتىپ، بېشىنى گىلدىڭلىتىپ، ئۆزىنىڭ ھەر ئىشقا تەق، ھەر ھاجەتكە تەييار ئىكەنلىكىدىن نىشانە پۇرۇتاتتى. بوسۇغىدىن ئاتلاپ، چوڭ يولغا چىققان ھامان ئىگىسىنىڭ ئارغامچا سىلكىشىنى كۈتمەيلا نۇراخۇن بوۋاينىڭ مەنزىل نىشانى تامان تۇياق يورغىلىتاتتى. بىر قېتىم ئىز قويغان مەنزىل، بىرەر مەرتە بېرىپ كەلگەن نىشان پەللىنى زادىلا ئۇنتۇپ قالمايتتى. شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن نۇراخۇن بوۋاي مۇشۇ تەخەي، مۇشۇ ئېشەككە ئۇلاشقىنىدىن كېيىنلا ئۆزىنىڭ بىر مەزگىل تازا ئاۋاتلاشقان بازارمۇبازار، يۇرتمۇيۇرت قاتراپ ئېشەك ئېلىپ ساتىدىغان «ئېشەكچىلىك كەسپى»نىمۇ تاماملا تاشلىدى. ھايۋانغا بولغان جىمى ئامراقلىقنى، قان-قېنىغا سىڭىپ كەتكەن ھەممە دىلخاھلىقنى، كۆيۈم

ۋە ئىخلاسىنى مۇشۇ ئاق تۇمشۇقلۇق سۇر هاڭگىغا تولۇقى بىلەن بەخش ئەتتى. ئاردا تاسادىپىي سەۋەبلەر بىلەن ئۆزىگە يۆكلىنىپ قالغان قوچقار سوقۇشتۇرۇش ئىشىمۇ بىر-ئىككى يىلدىلا پەسكويغا چۈشتى. كەنت مۇدىرىنىڭ تولا سۆيلىشى بىلەن زورىغا بېرىپ قويغان كۆل بويىدىكى ئاۋاتلىقنىمۇ بوۋاي ئۇنتۇدى.

ئەمەلىيەتتە، بوۋاينىڭ ئۇ ئىشلارنى تەرك ئېتىشىگە ئۆزىگە قېرىلىق يەتكىنى سەۋەب بولغانىدى. ئېشەك ئېلىپ سېتىشنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە نۇراخۇن بوۋاي ئۆزىنىڭ بارغانچە ماغدۇرسىزلىنىۋاتقىنىنى هېس قىلدى. تىز-يوتىسى قەدەمدە بىر ئېگىلىپ، يېنى يەر تارتتى. قۇلىقى پات-پات غۇڭۇلداپ، كۆزى تورلاشتى. قولى تىترەپ قوشۇقتىكى ئاش بىر نەچچە قېتىم تۆكۈلدى. بېلى سىرقىراپ ئاغرىپ، كۈندىن-كۈنگە مۈكچەيدى. گەپ-سۆزىمۇ كەملەپ، ئىلگىرىكى يەر ئويۇپ دەسسەيدىغان تەندۇرۇسلۇقىدىن، مەهەللە باشلىرىنىمۇ تەمتىرىتىپ قويىدىغان سۆزمەنلىكىدىن قالدى. ئېغىلدىكى قوي-كالا، هويلىدىكى توخۇ، كەپتەرلىرىگە قارايدىغان ئىشلىرىمۇ پىتكۆز موميىغا تاشلاپ قويۇلدى. ئەمما شۇ هالدىمۇ مۇنۇ سۇر هاڭگىسىغا چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ يەم بوغۇزنى ئۆزى بېرىپ، ئۆزى سۇغاردى. يول-سەپەردىن قايتقىنىدا ئۆزى يۇملىتىپ، ئۆزى سۇۋۇتتى.

بۈگۈن ئىگىسىنىڭ شۇ كۆيۈم، شۇ ئاتىدارچىلىقىغا جاۋاب قايتۇرۇشىنىڭ ئاخىرقى پۇرسىتىنى بىلگەن سۇر هاڭگا يول بويى ئالدىرىدى. بىر نەچچە جايدا ئۇچرىغان نەم-سۆيدۈكلەرنى پۇرايمەن دەپ ئېڭىشمىدى. قېلىن كالپۇكنى دوردايتىپ، ئېغىزنى كېرىمىدى. چوڭ چىشلىرىنى ئاسمان تەرەپ كۆرسىتىپ چاتراق كېرىپ تۇرۇۋالمىدى. يولنىڭ سىلىق، داڭگالسىز تەرىپىنى ئىلغىغىنىچە رىتىملىق چېپىپ مەنزىلگە يەتتى.

نۇراخۇن بوۋاينى شىپاخانىدىكىلەر تونۇدى. يىللاردىن بېرى ناهىيەنىڭ، يېزىنىڭ قاتمۇقات ئورۇنلاشتۇرۇش-بۇيرۇتمىسى بويىچە مەخسۇس خادىم ئەۋەتىپ، بوۋاينىڭ سالامەتلىك ئەهۋالىغا كۆز-قۇلاق بولۇپ تۇرۇۋاتقىنى مۇشۇ شىپاخانىدىكىلەر تۇرسا قانداقسىگە تونۇمسۇن؟ ئەمما ئۇلارنىڭ هەيران قالغىنى بۈگۈن نۇراخۇن بوۋاينى شىپاخانىغا موميى ئېلىپ كەلگەنىدى. مەخسۇس ماشىنا ئەمەس، ئېشەك قېتىلغان هارۋىدا، دەڭ تېخى! شۇنىدىمۇ بوۋاي قۇتقۇزۇپ قېلىندى. ئەمما شىپاخانىدىكىلەرنىڭ يېزىغا خەۋەر بېرىش، ناهىيەدىكى دوختۇرخانىغا يۆتكەش تەكلىپىگە بوۋاي قوشۇلمىدى.

بۇ قېتىم نۇراخۇن بوۋاي ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. نەچچە كۈنلەرگىچە كارىۋاتتىن چۈشەلمىدى. ئۆز هاجىتىدىن ئۆزى چىقالمىدى. هەممىگە موماي ئۆزى يېتەردى. دورا، قايناق سۇ ئىچكۈزىدىغان، چوڭ-كىچىك تاهارەتكە قاچا تۇتىدىغان، چۈشۈپ بولغان ئوكۇلنىڭ خەۋىرىنى بېرىش ئۈچۈن سېستىرا قېشىغا يۈگۈرۈيدىغان ئىشلارغا تولا تېپىرلاپ مومايىنىڭ بېلى تېخىمۇ مۈكچەيدى. چېچى تېخىمۇ سالۋاردى. ئاۋازى بارغانچە ئىنچىكىرەپ ئاسلاننىڭ مياڭلىشىغا، چاشقاننىڭ كېسىلدىشىغا ئوخشاپ قالدى.

نۇراخۇن بوۋايغا بۇ ئانچە مۇهىم ئەمەس ئىدى. ئۆز تېنىنى كۆتۈرەلمىگىنى بىلەن هوش كاللىسى سۇزۇك، ئەقىل-ئىدراكى جايىدا بوۋاي ئۈچۈن مۇهىم بولغىنى هاڭغىرقاي ئوچۇق قالغان ئۆي-ئارامى بىلەن ئېغىلدا تاشلاپ قويۇلغان مال-ۋارانلىرىنىڭ قاي هالدا ئىكەنلىكى ئىدى.

— مال چارۋىنى ئاچ قويغان بەندە ئەهلى جەننەتى بولالمايدۇ...

نۇراخۇن بوۋاي زۇۋانىغا كەلگەن تۇنجى كۈنى شۇ جۈملىنى شىۋىرلىدى. ئۇ جۈملىنى كېيىنكى كۈنلەردىمۇ تەكرارلىدى. ئەمەلىيەتتە، بوۋاينىڭ هەممىدىن بەكرەك ئەنسىراۋاتقىنى شىپاخانىنىڭ ئىهاتىلىك ئاپتاپخانىسىغا باغلاپ قويۇلغان سۇر ئېشىكىدە ئىدى.

— ئەنسىرىمىسىلە مۇسۇمان، كۆزلىرى ئۆيقۇغا ئىلىنىشكەن بايىقى ۋاقىتتا ئېرىق بويىدىن خۇخا يۇلۇپ بېرىپ كىردىم.

نۇراخۇن بوۋاينىڭ غېمى ئۆيى بىلەن ئېشىكىدە ئىدى. ئەمما موماي بىلەن دوختۇرخانىدىكىلەرنىڭ پەقەتلا كاللىسىدىن ئۆتمەيۋاتقىنى نۇراخۇن بوۋاي بۇ قېتىم شۇنچە قاتتىق ئاغرىغان، ماماتنىڭ قاراڭغۇ پاسلىدىن ساڭگىلاپ بولۇپ قايتىپ كەلگەن تۇرۇقلۇق يېزا ۋە ناهىيەدىكىلەرنىڭ ئىلگىرىكىدەك قويغان تۇتقىنىنى بىلمىگۈدەك دەرىجىدە پايپېتەك بولۇپ كەتمەسلىكى ئىدى.

نۇراخۇن بوۋاي ئاغرىغان ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا

قانداق بولغان؟ ھەيھات، ئۇنىڭغا قەلەم ئاجىز، سۆز گاللىق قىلىدۇ! قاتلاممۇقاتلام ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە بوۋاينىڭ كۈندىلىك ئىش-ھەرىكىتىگە كۆز-قۇلاق بولۇۋاتقان يېزا-كەنت كادىرلىرى بوۋاينىڭ ھېلىغۇ بۇ قېتىمقىدەك ئاغرىقى ئىكەن، ئەدناسى ئانچىكىم مىجەزى يوقلۇقنى بايقىغان ھامان يۇقىرىغا مەلۇمات يوللايتتى. تېلېفونلار تىنتىلاپ، سىملار سىرقىرايتتى. دوكلاتلار دوملاپ، يۇرت-ئۆرتتۆپە بولاتتى. كەنت ئەلمساقتىن بېرى كۆرۈپ باقمىغان ماشىنىلارنى، يېزا بىنا بولغاندىن بېرى ئۆز يېرىگە يولاپ باقمىغان رەھبەر-كاتىباشلارنى كۆرەتتى. نۇراخۇن بوۋاي ياتقۇزۇلغان ئېسىل ماشىنا يېزىلىق شىپاخانا ئالدىدىن توپا توزۇتۇپ ئۇچقىنىچە ناھىيەگە تۇتۇشىدىغان يولدا غايىب بولاتتى. ئېسىل ماشىنىنىڭ ئالدى كەينىدە چوقۇمكى ئۇنىڭغا يولباشلاپ، قورۇقداپ ماڭغان چىراغ سەللىلىك، چىرقىراق ئۈنلۈك ماشىنىلار بار بولاتتى. بۇ خىل «كۆيۈم»دىن خۇدۇك بولۇپ، ماشىنىدىن چۈشۈۋېلىشنى ئىستەپ تىپچەكلەۋاتقان بوۋاينىڭ بېشىنى ئېنىقكى، ئۇنىڭ پىت كۆز مومىيى ئەمەس يېزا باشلىقى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ مەرتىۋىلىك بىرەرى قۇچاقلاپ ئولتۇرغان بولاتتى. قاراقسىز قالغان ھويلا، تاشلىنىپ قالغان مال-ۋاران ئۇچۇن مەخسۇس خادىم ئورۇنلاشتۇرۇلاتتى.

ناھىيەگە يەتكەندىن كېيىنكى كارامەتلەرنىڭ تېخىمۇ ئۆزگىچە ئىكەنلىكى ھەققىدە ۋەزخانلىق قىلىشنىڭ ئورنى يوق. نېمىلا بولمىسۇن ئۇ يەردە غەمخان ۋە پاسبانلىقنىڭ مۇشۇ ئېقىمدىن تېپىلىدىغان بارچە شەكىل، جىمىكى نۇسخىلىرى تامامى نامايان بولاتتى! ئەمدى نېمە بولغىنى بۇ؟

مومىينىڭ كاللىسىغا شۇ كىرىۋالدى. شىپاخانىدىكى قۇلاق يېقىپ كۇسۇرلىشىۋاتقان دوختۇر-سېستىرالارنىڭ سۆز تېمىسىمۇ شۇ بولدى. مومايدىن ئۆزگە ھەركىشىنىڭ كۆڭلىگە ئۇ سىر ھەققىدە بىر غۇۋالىق ئايان بولۇپ تۇرسىمۇ ھېچكىم ئۇ غۇۋالىقنى چىش يېرىپ ئېغىزىدىن چىقارمايۋاتاتتى.

ئاخىر، بوۋاي بۇ سىرنى يەشمەك بولۇپ، مەزلۇمىغا ئېغىشش ھەققىدە ئىشارەت قىلدى:

— ئوغلىمىز ھوقۇق كۇرسىسىدىن موللاق ئاتقاندەك قىلىدۇ. شۇڭا بۇ يەردىكى يەلپۈگۈچ، رو چۇڭنىلەر ئۆزىنى چەتكە ئالغان گەپ.

ئېرىدىن ئۆزى كۈتمىگەن بۇ گەپنى ئاڭلىغان موماي مىشلىدىدى:

— ۋاي قەددى چىنارىدەك بالام، ۋاي ئەقلى ھارۇندەك بالام. قايسى كۆزى يامانىنىڭ كۆزى، قايسى ئېغىزى يامانىنىڭ سۆزى تەككەندۇ سىزگە! ئۆسۈپ-كۆكلەپ جىمى ئەقلىمىنىڭ باشپاناھى بولدۇ دەپ يۈرسەم، يېرىم يولدا نېمە دۇقالغا پۇتلاشقانسىز، بالام!

— كۆرگىلىكى بار ئىدى، — ئەمدى بوۋايمۇ ئاجىز خورسىندى، — توقسۇنى تولغان گەپ. ئىككى پۇتى بىر پاي ئۆتۈككە تىقىلىپ...

— نېمە دېگەنلىرى بۇ، مۇسۇمان؟ ئۆز ئوغۇللىرىنىمۇ مۇشۇنداق قارغامدىلا؟

بوۋاي خىلىغىچە شۈكلەپ قالدى. ئارقىدىن گويا ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك تېخىمۇ پەس ئاۋازدا شۇىرلىدى:

— بالىمىزنى مەن ئەمەس، ئەھلى يۇرت قارغىدى. ئۇ مېنىڭ قارغىشىمغا ئەمەس، جامائەتنىڭ قارغىشىغا كەتتى. خەۋەر بەر، نەپسى بالا ئوغلىمىز قانۇننىڭ تۆمۈر قاپقىنىغا سولانمىغانلا بولسا يېنىمغا كەلسۇن. تەكىيەم يېنىدا تۇرۇپ ئاخىرقى ئۇگۈت-نەسىھەتمنى ئاڭلىۋالسۇن. ئوغۇ بۇ ئۆمرىدە مېنىڭ نەسىھەتمگە قۇلاق بەرگەن بالا ئەمەس...

كۆيۈمچان سېسترانىڭ ياردىمىدە نۇراخۇن بوۋاينىڭ ئۆرۈمچىدىكى ئوغلىغا تېلېفون بېرىلدى. خۇداغا مىڭ مەرتىۋە شۈكۈر، تەكرار ئۇرۇلغان تېلېفوننى ئوغۇل ئاخىر ئالدى. موماي سالام-سەھەتنىمۇ ئۇنتۇپ، بار ئاۋازى بىلەن يىغلامسىراپ تۇرۇپ دېدى:

— تىرىكلا بولسىڭىز بۇگۈنلا يېنىمىزغا كېلىڭ، بالام! دادىڭىزنىڭ يۈزىنى كۆرۈۋېلىڭ! ئۇنىڭ بىر-ئىككى كۈنلۈكىلا قالدى!

— بۇ يەردىكى تەكشۈرۈشنىڭمۇ بىر-ئىككى كۈنلۈكىلا قالدى ئانا، تۈگىسىلا...

موماي سېسترالار ئىشخانىسىدىن قايتىپ كىردى. ئوغلىنىڭ قانداقتۇر بىر تەكشۈرۈش ئىشى بىلەن ئالدىراش ئىكەنلىكىنى، شۇ «خىزمىتى» تۈگىگەن ھامان ئۆزلىرىنى يوقلاپ يۇرتقا كەلمەك بولغىنىنى ئېرىگە ئېيتتى.

— يوق يەپتۇ، — دېدى نۇراخۇن بوۋاي تام تەرەپكە ئاستا ئۆرۈلگەچ، — ئەمدى ئۇنىڭ ئۇچۇن نەدى-

كى خىزمەت ئىكەن ئۇ. ئېنىقكى، قىلغان ناشايانلىقلىرى،
يىگەن ھاراملىرىنى ھۆكۈمەت تەكشۈرۈۋاتقان گەپ. تەك-
شۈرۈش دېگىنى ئەنە شۇ. يۇرتقا كېلەلىسىلا پېشانىسىنىڭ
ئوڭلىقى.

تۇۋا، پەدەر دېگەنىنىڭ ئېغىزى شۇنداق سائەتلىك
بولىدىكەن: كېيىنكى ھەپتە ئوغۇل راستلا قايتىپ كەلدى.
خانىگە كىرىپلا دادىسىنىڭ باغرىغا تاشلاندى. تىترەك قول-
لىرى بىلەن نۇراخۇن بوۋاينىڭ يۈز-بويۇنلىرىنى، دۈمبە-
غوللىرىنى تەكرار سىيلاشتۇردى. ئەمما بۇ قېتىم ئىلگىرىكى-
دەك بەھەيۋەت سۈر-ھەيۋە بىلەن ئەمەس، سوغۇقتا
قالغان مۈشۈكتەك مۆلايىم، ئاپتاپ كۆرمىگەن پىلەكتەك
بىچارە بىر ھالدا قايتتى. ئۇنىڭ كەلگىنىنى ھېچكىم ئاڭلىما-
غاندەك قىلاتتى. ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇشىدىغان، بىر-بى-
رىنى ئىتتىرىپ دېگۈدەك تۈزۈت قىلىشىدىغان يەرلىك
ئەمەل ساھىپلىرى يوق ئىدى. بوۋاي كۆردى: ئوغلى جۇ-
دەپتۇ. ئىلگىرىكى يارما شاپتۇلدەك بۇرتۇپ چىققان يۈز
گۆشلىرىنى بىرى كاشكات بىلەن قىرىۋالغاندەك بىر تېرە-
بىر ئۇستىخان بولۇپ قاپتۇ. بۇرۇنقى دۆرەملەردە كەلگىنى-
دىكى سالپايغان قورسىقىدىكى يەلنى بىرسى تۇيۇقسىز چې-
قىرىۋەتكەندەك دۈمبىسىگە چاپلىشايلا دەپ قاپتۇ. ساقلى
ئۆسۈپ، بۇرۇتى ئېغىزىنى توسۇپتۇ. كۆزى توختىماي
چىمچىقلايدىغان، جېسىكىدىن نەم قۇرۇمايدىغان بولۇپ
قاپتۇ. ئاۋازىدىكى سۆلكەتمۇ تىترەككە ئورۇن بوشىتىپتۇ.

ئوغۇلنىڭ بۇ ھالىدىن نۇراخۇن بوۋاي ئۆز كۆڭلىگە
ئايان بولغىنىنىڭ راستلىقىغا ئىشەندى. ئۇنىڭ بىلەن قېنىپقى-
نە مۇڭدىشىۋېلىش، قاراقسىز قالغان ھويلا-ئارامى، مال-
ۋارانلىرىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن مومىينى ئۆيگە يولغا
سالدى.

ئانا ئوغلىغا تارتىشتى. كېسەلخانا ياتقىدىن چىقىپ
كېتىۋېتىپ ئوغلىغا تەكرار نەزەر سالدى. موماي ھەيران
قالدىكى، ئوغلى ئىلگىرىكى ئوغۇل ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ
كىرىلىپلا تۇرىدىغان چاتراقلىرى بىر-بىرىگە ھەممىدە چاپ-
لاشقان، كۆك تامانىدىن پەسلىمەيدىغان چىرايى خۇددى
چان قىزلارنىڭكىدەك يەر تامان ساڭگىلىغان، يۈز تېرىلى-
رىمۇ سۇغا چۈشۈپ كەتكەن توشقاننىڭ مويلىرىدەك سال-
پىيىپ، ئولتۇرۇشقان كۆزلىرىدىن نۇر يوقىغانىدى. ئوغۇل
نۇرسىز كۆزلىرى چۈشكەن ھەر ئادەم، ھەر تۈنۈشقا
ئەنسىز باقاتتى. توختىماي بۇرنىنى تارتاتتى، ھەر قېتىم
بۇرنىنى كۆچەپ تارتقىنىدا شىلقىلىغان يېقىمسىز ئاۋاز چىقى-
راتتى.

بۇ ئۆزگىرىشلەرنى نۇراخۇن بوۋايمۇ كۆردى. ئۆز
كۆڭلىنىڭ تۇيغۇنىغا شەكسىز ئىشەنگەن بوۋاي ئوغلىنى
گەپكە سېلىپ باقماقچى ئالدىرىدى:

— ئايرودۇرۇمدىن نېمە بىلەن كەلدىڭ بالام؟

ئوغۇل يەنە بۇرنىنى تارتتى. دادىسىدىن ئېلىپ
قاچقان كۆزىنى يەر تامان باققىنىچە يېقىمسىز بىر ئۈندە
غوڭۇلدىدى:

بۇ قېتىم ئايروپىلاندا كەلمىدىم...، يۇرت كۆرۈپ،
ھاۋا يىگەچ ئاپتوبۇس بىلەن كەلدىم.

— ئۆيگىچۇ، كىم ئەكىلىپ قويدى؟

— بىرەرىنى ئاۋارە قىلغۇم كەلمىدى. ئۆزۈم ماشىنا
كىرا قىلىپ...

— يۇرت چوڭلىرى كەچتە سېنى يەنە مېھمانخانىغا
ئېلىپ كېتەمدۇ، بالام؟

— ياق دادا، بۇ قېتىم ئۆيدە تۇرىمەن، سىزگە
ھەمراھ بولۇپ يېنىڭىزدا قونىمەن.

ئوغلىنى كۆرسىلا تەنبىھكە لەۋ يېرىپ كۆنۈپ قالغان
ئېغىزىدىن بۇگۈن نېمىشقىدۇر ئۇ خىل زۇۋان چىقماي
قويدى. بوۋاينىڭ تۇرۇپلا ئوغلىغا ئىچى ئاغرىپ قالدى.
نامەلۇم بىر كۈچتىن يۈرىكى سىرىلدى. بوۋاي ئۆزىمۇ
سەزمىگەن بىر ھالدا ئوغلىنىڭ قولىنى ئالقانلىرى ئارىسىغا
ئالدى.

— ئەمەل-مەنسەپ دېگەن شۇنداق نەرسە بالام، ئۇ
خۇددى ۋاپاسىز ئايالغا ئوخشايدۇ. بۈگۈن سېنىڭ پېشىڭگە
سۈۋانسا ئەتە باشقا بىراۋنىڭ يانىدىقى بولۇپ كېتىدۇ.
ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەسرەت چېكىش، ئۇنىڭ ئىشقىدا مەستۇ-
مۇستەغرەق بولۇش يارىمايدۇ. ئايرىلغانىدىن كېيىن نادا-
مەت چېكىش تېخىمۇ ئەرزىمەيدۇ.

ئوغۇلنىڭ كۆزى كىرىلدى، بۇرۇن تۆشۈكلىرى كې-
ڭەيدى.

— بۇ... بۇ گەپلەرنى سىزگە كىم دېدى، دادا؟

نۇراخۇن بوۋاي ئوغلىنىڭ سوئالىنى جاۋابسىز
قويدى. جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا ئۆز قولىدىنمۇ جانسىز
بىلىنگەن ئوغلىنىڭ ئالقانلىرىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ

www.uyghurkitap.com

دېدى:

— ساڭا تۇز بەرگەن ئاۋامغا يۈز كېلىشنى ئۈستىگەن ئادەم بىر ئۆمۈر پاك ياشىغۇلۇق، بالام. ھارام-مەئىشەتتىن، گۇناھ-مەئىسەتتىن يىراق بولغۇلۇق. سەندىن خېلى بۇرۇنلا ئەنسىرەپ قالغانىدىم. ھېلىمۇ جېنىڭ ھايات قاپتۇ، بۇمۇ كېيىنكى قەدەملىرىڭدە ھالال ياشىشىڭ ئۈچۈن كېچىكمىگىنىڭ. ئەمدىكى ئۆمرۈڭدە ئۆزۈڭنى ئايا، قولۇڭدىن كەلسە ئاۋامغا ياخشىلىق قىل.

ئوغۇلنىڭ بېشى بىلىنەر-بىلىنمەس گىلدىڭلىدى. شۇ گىلدىڭلاش بىلەن تەڭ تەكرار چىمچىقلانغان كۆز جىيەكىدىن بىر تامچە ياش سىرغىپ چىققىنىچە ئۆسۈك ساقلى ئارىسىغا مۆكتى.

نەزەرىدىكى كۆتەكتەك بەردەم، بەقەمدەك قىران ئوغلىنىڭ كۆز يېشى قىلغىنىنى كۆرگەن نۇراخۇن بوۋاينىڭ بوغۇزى ئېچىشتى. ئاچچىق بىر سۈيۈقلۇق دىمىقىنى پىژىلدىتىپ ئۆتتى. ئۆپكىسى ئۆرۈلدى، ئۇلاپ يۆتەلدى. يۆتەلنى توختىتالماي قېقىلىپ كەتتى. ئوغۇل دادىسىنىڭ مەيدىسىنى مۇجىغاچ دۈمبىسىگە مۇشتىلىدى.

نەۋرەمچۇ...؟ — تۇيۇقسىز سوراپ قالدى بوۋاي، يۆتىلى پەسىيىشىگىلا، — ئۇنىڭ چەت ئەلدىكى ئوقۇشى قانداقراق؟

— يا... ياخشى.

— چىرايلىق كېلىنمچۇ؟ مېنىڭ بىر پۇتۇمنىڭ گۆرگە ساڭگىلىغىنىنى بىلىپ تۇرۇپ ئەجەب كەلمەپتا؟ كېلىنمنىڭ ئېغىرلىقىنى ئۇنىڭغا دېمىگەنمىتىڭ؟

شۇ سوئالنىڭ ئاخىرى چۈشمەي تۇرۇپ ئوغۇل تۇيۇقسىز بۇقۇلدىدى. ئۆزىنى دادىسىنىڭ ئۇتتەك ئىسسىق، قۇياشتەك ھارارەتلىك باغرىغا تاشلىدى:

— بىز... بىز ئاجرىشىپ كەتتۇق، دادا. مەن... مەن قېچىپ كەلدىم.

— نېمە دېدىڭ؟! — نۇراخۇن بوۋاي قوينىغا چايان كىرىۋالغاندەك ئەندىكتى. ئوغلىنىڭ بېشىنى يۆلەپ ئۆرە قىلدى. كۆزلىرىگە مىقتەك قادالدى، — قېچىپ كەلدىم...؟ قەيەردىن؟!

ئوغۇل دادىسىنىڭ باغرىغا تېخىمۇ بەكرەك شۇڭغىدى. شۇ ھالدا ئاۋۋال ئېسەدىدى، ئارقىدىن خىتىلدىدى، ئاخىرىدا ئۈۋۋالچىلىق تارتقان نارەسىدە ئۆز ھامىيسىنى تاپقىنىدا بار ئۈۋۋالچىلىقىنى قەرغىش قىلىپ تۇرۇپ داتلانغاندەك بىر تەرۈزدە دېدى:

— ماڭا ئۈۋال بولدى، دادا. ئايرىپ تەكشۈرىمىز دەپ نەچچە ئايدىن بېرى ئۆيگىمۇ بارغۇزمىدى. شۇ ئارىدا خوتۇن بىلەن... ئەمما بۇ ئىشنى بالىغا ئۇقتۇرمىدۇق. ئوقۇشىغا تەسىرى بولمىسۇن دەپ...

— ئاجراشقىنىڭلار يالغانغۇ، دەيمەن؟ ئۆي، مال-مۈلۈكلەرنىڭ ھەممىسنى ئايالىڭغا بەردىڭ ھەقچان. ھۆكۈمەتنىڭ كۆزىنى بوياش ئۈچۈن ھە؟ مېنى بىلمەيدۇ، دېمە. قېرىغىنىم بىلەن ئالدىمدا ئالا يىپ ئېشەلمەيسەن.

ئوغۇل نۇراخۇن بوۋاينىڭ باغرىدىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقتى. گويا دادىسىنى تۇنجى كۆرۈۋاتقاندەك ئۇنىڭغا تەپسىلي زەن قويدى.

— باشقا ئامالىمىز يوق دادا. راستىنلا باشقا تاللىشىمىز، باشقا ئىمكانىمىز يوق. ئوغلىمىزنى، ئۆيىمىزنى، جاننى ئالقانغا ئېلىپ قويۇپ تاپقان-تەرگىنىمىزنى، كەلگۈسىمىزنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلمىساق بولمىدى...

— ياق...! — ئەمدى نۇراخۇن بوۋاينىڭ ئاۋازى كۆتۈرۈلدى، — ئۇ ئىپلاسلىقىڭغا نەۋرەمنى چېتىۋالما. تاپقان ھاراملىرىڭنى ئارزۇلۇق نەۋرەم ئۈچۈن سەرپ ئېتمەنمۇ دېمە. مېنىڭ ھەممە مۈلكۈم شۇنىڭغا قالدۇ. بىلەمسەن، ئۇنىڭغا قالدۇرغۇنۇمنىڭ ھەممىسى ئاناڭنىڭ سەن ئەمگەن سۈتىدەك ھالال!

— گېپىمنى ئاڭلاڭ دادا، ئايىغى چىقماس ئۇ ناھەق تەكشۈرۈشلەر مېنى بەك قىينىۋەتتى. چوڭ بولۇپ كىچىك بولماق ماڭا تەس كەلدى. مەن كۆپ نەرسىلەرنى ئويلىدىم، ئۆلۈۋالماقچىمۇ بولدۇم. ئەمما سىزگە تارتىشتىم، سىزگە چىدىمىدىم. سىزنى بىر قېتىم كۆرۈۋالاي، دىدارىڭىزغا قېنىۋالاي، ئىلگىرى قۇلىقىمدا تۇتمىغان ھېكمەتلىرىڭىزنى ئاڭلىۋالاي، دەپ ئايرىپ قويغان جايىدىن رۇخسەتسىز يېنىڭىزغا كەلدىم...

نۇراخۇن بوۋاي ئېغىر خورسىندى، ئوغۇلمۇ خورسىندى، ئەمدى ھەر ئىككىسى جىمىپ قالدى. بوۋاي ئوغلىنىڭ بۇگۈن راست گەپ قىلغىنىنى، دەۋاتقانلىرىنىڭ نەۋاقتىن بېرى ھېچكىمگە دېيەلمىگەن يۈرەك سىرلىرى ئىكەنلىكىنى بىلدى. بىچارە ئوغلىنىڭ يەنە تېخى دېمىگەن، دېيەل-

مەيۋاتقان، دېيەلمەيدىغان نۇرغۇن، نۇرغۇن گەپلىرىنىڭ، نۇرغۇن، نۇرغۇن سىر-پىنھانلىرىنىڭ بارلىقىنى سېزىۋالدى، بوۋاينىڭ نەزەرىدىكى ئوغلى ئەسلىدە بۈگۈنكىدەك راستچىل، مۇشۇنداق سەممىي ئىدى. بۇ يۇرتتىكى ۋاقتىدا ھاتەمدەك قىزغىن، ھارۇندەك ئادىل ئىدى. ئادەملەرگىلا ئەمەس، تەبىئەتكىمۇ، جان-جانىۋار، ئۇچار قاناتلىقلارغىمۇ كۆيۈم-مېھرى ئۇلۇغ ئىدى. دېمەك، ئوغۇلنى چوڭ شەھەر بۇزۇپتۇ، ئەمەل-مەنسەپ ئاينىتىپتۇ، دادىسىنىڭ تەربىيەسىدىن ئايرىلىپ ئۇچۇرما بولۇپ كەتكىنىدىن كېيىن ئۇنىڭ ۋىجدان ئېتىزىغا قۇرت چۈشۈپتۇ، ئىمان داستىخىنىنى كۈيە غاجىلاپتۇ، ئىنساپ ئايىغىغا دەز كېتىپتۇ، كۆز گۆھىرىنى مەئىشەتنىڭ قارا تۇمانى يۇتۇپ كېتىپتۇ.

شۇلارنى ئېڭىدىن ئۆتكۈزگەن نۇراخۇن بوۋاي ئەسلىدىكى پاك، غۇبارسىز ئوغلىنىڭ بۈگۈنىگە ئۆزى سەۋەبكاردەك، ئوغلىنىڭ ناپاكلىقلىرىدا ئۆزىنىڭ ھەسسىسى باردەك، ئۇ قىلمىشلار ئۈچۈن ئۆزىمۇ گۇناھكاردەك بىر ھېستا سەزدى. ئوغلىنىڭ ئۆيىدە كۆرگەن، يۇرتقا كەلگەندىكى كۆڭلى تويغانلىقىغا شۇ ۋاقىتتىلا ئوبدانىراق تەنبىھ بېرىپ، توسمىغىنىغا ئۆكۈندى، شۇ ھېس، شۇ تۇيغۇ بوۋاينىڭ بېشىنى ئەگدى، خېلىلا ساقىيىپ قالغان كۆكسىدىكى ئاغرىق باشقىدىن ئۇلغايدى، لېكىن ئەمدىكى ئاغرىقنى ئوغلىغا سەزدۈرمەسلىك ئۈچۈن لېۋىنى يېنىك چىشلەپ، كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋالدى.

ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، نۇراخۇن بوۋاي ئوغلىنىڭ چاچلىرىنى ئاستا سىيلىدى.

— تەكشۈرسە تەكشۈرمەمدۇ، ھەرقانچە بولسىمۇ سېنى ئېتىۋەتمەس؟

— ئۇنىڭغا چۈشمايمەن. لېكىن... لېكىن نەچچە يىل كېسىلىپ كېتەرمەنمىكىن...

ئوغۇلنىڭ شۇ گېپىدىن كېيىن خانىنى يەنە ئېغىر سۈكۈنات باستى، بۇ سۈكۈناتنى پەقەت قوشنا ياتاقتىكىلەرنىڭ ئاۋازلىق خورەكلىرى بىلەن دادا-بالا ئىككىسىنىڭ ئېغىر تىنىقلىرىلا بۇزۇپ تۇراتتى.

يەتكىچە ھاردۇق يەتكەن، ۋۇجۇدى لايدەك ئېزىلگەن ئوغۇل دادىسىنىڭ پۇتلىرىنى ئىشقىلاۋېتىپ ئاستا-ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى. دادا ئۆز يوتىسىغا باش قويۇپ يېنىك پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتقان ئوغلىغا كۆزىنى قىيا ئېچىپ قارىغىنىدا ئوغلىنىڭ چېھرىدىن كۆپ يىللاردىن بېرى يوقىتىپ قويغان، پەقەت بالا ۋاقىتلىرىدىلا خاس بولغان بىر خىل خاتىرجەملىكنى كۆردى. ئەپسۇس ئوغلىنىڭ چىرايىدىكى بۇ خىل خاتىرجەملىك بوۋاينى خۇش قىلالمىدى، سۇنغان كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرالمىدى، ئەكسىچە بوۋايغا نامەلۇم بىر غەشلىكنى، ئوغلىدىن ھازىرلا ئايرىلىپ قالىدىغاندەك بىر خىل چىدىغۇسىز غېرىبلىقنى بەخشەندە قىلدى. كۆپ يىللاردىن بېرى نۇرغۇن قىلىقلىرى كۆزىگە سىغمىغىنى، ئىككى گەپنىڭ بىرىدىلا غىژىلدىشىپ قالغىنى بىلەن شۇتاپ يوتىسىغا پارس مۈشۈكىدەك باش قويۇپ ياتقىنى ئۆز پۇشتىدىن تۆرەلگەن بالا ئىدى، بالا بولغاندىمۇ تىكەندەك يالغۇز، يىڭنىدەك يېگانە بىرلا ئوغۇل ئىدى.

ئوغلى نۇراخۇن بوۋاي قانچە قېتىم بېرىپ، ئايلاپ تۇرۇپمۇ پەقەتلا مېھرىنى بېرەلمىگەن قىشى ئۇزاق، يېزى ئۆپ ئاشۇ تاش شەھەردە بەك ئۇزاق ياشىدى، شۇ ئۇزاقلىقتا يۇرتىنى سېغىندى، ئاتا-ئانا مېھرىگە زار بولدى، ئۇ سېغىنىش ۋە ئۇ زارلىقنى ئاۋۋال خەتتە، كېيىنچە تېلېفوندا ئىزھارلاپلا تۇردى. ئاتا-ئانىسىنى ئۆز يېنىغا ئېلىپ كەتمەككە كۆپ قېتىم ئۇرۇنۇپ كۆردى، كۆرۈۋاتقان راھىتىدىن، سۈرۈۋاتقان مەئىشەتلىرىدىن ئاتا-ئانىسىغا سىقىندى. نۇراخۇن بوۋاي بەزىدە چىرايلىقچە، بەزىدە تەئەددىي بىلەن رەت قىلدى. «تاشمۇ چۈشكەن يېرىدە ئەزىز، قۇش جېنىدا ئۆزى قونغان كۆتەكنى سۆيىدۇ، سەن شەھىرىڭدە تۇرۇۋەر، مەنمۇ ئۆز يۇرتىمىزدا كۆز يۇماي» دەپ تۇرۇۋالدى. بوۋاي شۇنداق دېگىنى، ئوغلىنىڭ يېنىدىن ئاچچىق يۇتۇپ، قېيداپ قايتىپ كەلگىنى بىلەن ئانچە ئۆتمەيلا ئوغلىنى تاتلىقىنە ياد ئەتتى، ئوغلىنىڭ يېنىدا تۇرغان ۋاقىتلىرىدىكى كۆزىگە سىغمىغان نۇرغۇن قىلىقلىرى ئۇنتۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىنى قىچىشقاققا ئوخشايدىغان يېقىملىق بىر ياد ئېتىش ئىگىلىدى. ئوغلىنىڭ بىرمۇ ئۇرۇق-تۇغقانسىز ئۇ يات شەھەردە بىرەر قازايى قەدەرگە يولۇقۇپ قېلىشىدىن ۋايىم يېدى، ئوغلىنىڭ بوسۇغىسىنى ئەگىپ كېتەلمەيدىغان، ئېغىزى كۈلگىنى بىلەن كۆزى كۈلمەيدىغان شۇنچە كۆپ ھاجەتمەن-خۇشامەتچىلەردىن ئوغلىغا بىرەر زەرەر يېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدى، مانا نۇراخۇن بوۋاي ئەنسىرىگەن ئىش ئاخىر يۈز بېرىپتۇ. ئۇچۇشنى بىلىپ، قونۇشنى ئۇنتۇغان ئوغلى

سويغان پىيازدەك سالتاڭ، چۆرۈۋېتىلگەن كونا پالازدەك پۇرلەشكەن بىر سىياقتا قايتىپ كەپتۇ، ئۆز يولىدا قايتىپ كەلسىغۇ بىر نۆرى. ھەپسە بويۇنتۇرۇقىدىن قېچىپ كەپتۇ! قانچىلىك باغرى تاش، قانچىلىك پەرھىزكار بولۇشىدىن قەتئىينەزەر دادا ئۆز ئوغلىنىڭ بۇ ھالىغا ئىچ ئاغرىتماي، كۆڭۈلشىمەي تۇرالىسۇنمۇ؟!

مۇشۇ خىل خىيال، مۇشۇ خىل گادىرماچ ئويلارنىڭ سىلكىشىدە ياتقان بوۋاي ئۇزاققىچە كۆزىنى ئاچمىدى، قارىغاندا ئۇخلاپ قالغاندەكمۇ قىلاتتى، راستىنلا ئۇخلىدىمۇ ياكى ئۇخلىغان بولۇپ ياتتىمۇ ئېنىق بىلگىلى بولمايتتى.

بىر كەملەردە بوۋاينىڭ كۆز ئالدىدا بىر مۇدھىش زاھىر بولدى: يۇندى ـ بەتبۇي بىلەن تولغان قاراڭغۇ كوچىدا، تۇرقىدىن ئالاقزادىلىك تۆكۈلۈپ تۇرغان، ئىككى قولىنى دادىسىغا ئۈمىد بىلەن كۆچەپ سوزغان ئوغلى قەدەمدە بىر مۇدۇرگىنىچە ئۆز ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى، قوللىرىدا سوغۇق كويىزا ـ ئىشكەل كۆتۈرۈشۇۋالغان بىر توپ بەتبەشىرە كىشىلەر ئوغۇلنى قوغلاۋاتاتتى، ئوغۇل كۆچەپ يۈگۈرۈيتتىيۇ، دادىسىغا يېتەلمىدى، دادا باغرىنى كەڭ ئاچتىيۇ، ئوغلىنى باغاشلىيالمىدى.

ــ دادا... دادا...

ئوغلىنىڭ ئەنسىز جۆيلىشى بىلەن تەڭ نۇراخۇن بوۋاي كۆزىنى ئەندىكىپ ئاچتى. باياقى كۆرۈنمىلەرنىڭ چۈشىدە ئايان بولغىنىنى ياكى ئەنسىرەككە تولغان ئېڭىدا نامايان بولغىنىنى بىلەلمىدى، شۇ بىلەلمەسلىكىدە ئوغلىغا سىنچىلىدى: ئوغۇلنىڭ چېھرىدىكى باياقى خاتىرجەملىكتىن ئەسەرمۇ قالماپتۇ، چىرايى باياقى قېچىۋاتقان ۋاقتىدىكىدەك تاتىرىپتۇ، لەۋلىرى ئۇمچىيىپ، كۆز جىيەكى ياشاڭغۇراپتۇ، قويۇق چېچى چۇۋۇلۇپ سالۋاراپتۇ.

نۇراخۇن بوۋاي تۇيۇقسىز بىر نەرسىنى يادىغا ئالغاندەك جىددىيلەشتى، پاتىھە سۈرىسىنى ئالدىراپ ئوقۇپ ئاۋۋال يىرىك ئالقانلىرىغا سۈفلىدى، ئاندىن ئالقانلىرىنى ئوغلىنىڭ پېشانىسىگە، بويۇن ـ قۇلاقلىرىغا، سالۋارىغان چاچلىرىغا سۈۋاشتۇردى. دەل شۇ چاغدا كارىدوردا بىرسىنىڭ توروكلىغان ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. بۇ ئاۋاز بوۋاينىڭ خانىسى ئالدىدىن ئۆتۈپ ئاستا ـ ئاستا يىراقلىدى. بوۋاي ئۇ ئاۋازنىڭ كارىدورنىڭ ئۇ بېشىدىكى ھاجەتخانىغا ماڭغان بىرىنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىپ تۇرسىمۇ ئۇ ئاۋاز ئۇدۇل ئۆز يېنىغا كىرگەندەك بىلىندى، ئۇ يېقىمسىز ئاۋاز كىرگىنىچە بوۋاينىڭ يۈرىكىگە قونىدى، كۆز ئالدىغا قوللىرىدا كويىزا ـ ئىشكەل كۆتۈرۈۋالغان باياماقى بەتبەشىرە بىر توپ كىشىلەر كەلدى، ئۇلار ھازىرلا خانىگە باستۇرۇپ كىرىدىغاندەك، ئوغلىنى ئۆز باغرىدىن سۆرەشتۈرگەن، تارتقۇشلىغان پېتى ئېلىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى.

ــ بالام، تۇر ئورنۇڭدىن، ــ نۇراخۇن بوۋاي ئەندىكىش ئىچىدە پىچىرلىغاچ ئوغلىنى تۈرتكۈشلىدى، ئوغۇل چۆچۈپ ئويغاندى، ــ بىزنى غەپلەت بېسىپتۇ بالام. بۈگۈن ئىككىمىز ئۇچۇن ئۇخلايدىغان ۋاقىت ئەمەس ئىكەن.

ئوغۇل كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى، چاچراپقىنە كارىۋاتتىن چۈشتى، زەئىپ بىر ئۈندە دادىسىدىن سورىدى:

ــ بىرەرى كەلدىمۇ؟

ــ ياق بالام، شۇنداقتىمۇ سەن بۇ جايدا تۇرما، ھازىرلا ماڭ.

ــ ماقۇل دادا، مەن كېتەي. پېشكەللىكىم سىزگە يۇقۇپ قالمىسۇن. ئۇلار كېلىپ بولغىچە شەھەرگە بېرىپ ئۆزۈمنى مەلۇم قىلاي، مۇشۇ جايدا مەلۇم قىلسامۇ بولىدۇ راست.

ــ نېمىلەرنى دەيدىغانسەن ھاماقەت ئوغلۇم، ــ ئەمدى بوۋايغا ھاياجاندىن تىنىق يېتىشمەيۋاتاتتى، ــ ساراڭ بولمىغانسەن؟ قايسى ئەخمەق ئۆز بېشىنى كۆتۈرۈپ قارا دەرۋازا ئالدىغا بارىدۇ؟ سەن ئۆزۈڭنى مەلۇم قىلىش ئۇچۇن ئەمەس، بېشىمىزغا باستۇرۇپ كەلگەن بۇ قارا بوراندىن ئۆتۈپ كەتكىچە بىزگە پاناھ بولىدىغان ئوبدان بىر جايغا بارسەن، ئۆزۈڭنى دالدىغا ئالسەن ھازىرلا.

ئوغۇل ھەرقانداق ۋاقىتتىكىگە ئوخشىمايۋاتقان دادىسىغا باشقىدىن زەن قويدى، بۇ قارىشىغا ئەجەبسىنىشمۇ، زوقلىنىشمۇ، مىننەتدارلىقمۇ، ھەيرانلىقمۇ سىڭىشىپ كەتكەنىدى.

ــ راست دەۋاتامسىز دادا؟

ــ راست دەۋاتىمەن بىچارە بالام. سەن مېنىڭ بۇ ئالەمدىكى چىرىغىمنى ياندۇرىدىغان بىرلا ئوغلۇم تۇرساڭ، كۆزۈم ئوچۇق تۇرۇپ سېنى قانداقمۇ گۇندىخا-

www.uyghurkitap.com

نىغا يولغا سالاي...

بوۋاي ئاخىرقى گەپلەرنى پىچىرلاۋاتقىنىدا ئاۋازى يىغلامسىراپ چىقتى، چىڭ يۇمۇلغان كۆزلىرىدىن پاتماي دېگۈدەك تۆكۈلگەن كۆز ياشلىرى مەڭزىنى بويلاپ ئاققىنچە ئاپپاق ساقاللىرى ئارىسىغا سىڭىپ ئۈلگۈردى.

— مەن ئۇچۇن پاناھ بولغۇدەك شۇنداق ياخشى جاي نەدە بار، دادا؟

نۇراخۇن بوۋاي گويا ئوغلىدىن شۇ سوئالنى كۈتۈپ تۇرغاندەك تېزلا جاۋاب بەردى:

— لەڭگەردە، لەڭگەردىكى تۇغقانلىرىمىزنىڭ ئۆيى ئەڭ بىخەتەر بالام. سېنى ئىزدىگۈچىلەر ئۇ يەرنى ھەرگىزمۇ تاپالمايدۇ، باياتىن بېرى كۆڭلۈمدە ساڭا شۇ جاينى دىتلاپ قويدۇم.

— لېكىن...، لېكىن دادا، مەن ئۇ جايغا كىچىك ۋاقتىمدا بىر قېتىم بارغانچە زادىلا بېرىپ باقمىغان تۇرسام، ئۇ جاينى قانداقمۇ تاپالايمەن؟

— راست...، سەن ئەقلىڭگە كېلىپ ئۇ جايغا قايتا ئاياغ باسمىدىڭ، سەن لەڭگەرنى ئۇنتۇپ كەتكەن بالام، — بوۋاي بىر پەسكىنە ئويلىنىۋالدى، — بۇ ھالدا بولمىغىنىمدا سېنى ئۆزۈم ئېلىپ باراتتىم، سېنى ھەرقانداق بالايىقازادىن جېنىمنى تىكىپ قوغدايتتىم. شۇنداقمۇ... ئېشىكىمىز سېنى لەڭگەرگە باشلاپ بارالايدۇ، ئۇ ماڭا ھەمراھ بولۇپ دائىم بېرىپ تۇرغان.

ئوغۇلنىڭ يۈزى قىزاردى، ئەمما قويۇق ساقاللار ئارىسىدىكى ئۇ قىزىللىقنى نۇراخۇن بوۋاي ئىلغا قىلالمىدى، دەل شۇ ۋاقىتتا كارىدوردىكى ئاياغ تىۋىشى يەنە پەيدا بولدى، ئەمدى ئۇ ئاۋاز نۇراخۇن بوۋايلارنىڭ خانىسى ئالدىدا بىرئاز توختىغاندەك، ھازىرلا بوسۇغا ئاتلاپ كىرىپ كېلىدىغاندەك بىلىندى، دادا-بالا ئىككىسى بىر-بىرىنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقىشقىنىچە جىممىدە تۇرۇۋېلىشتى، ئىككىسىنىڭ تېز-تېز سوقۇۋاتقان يۈرەك تىۋىشى بۇ خانىدىكى جىملىقنى بۇزۇپ تۇردى.

قارغىشتەككۈر ئاياغ تىۋىشى ئاخىر يىراقلىدى، بىر كەملەردە قوشنا ياتاقنىڭ ئىشىكى تاراقلاپ يېپىلدى، نۇراخۇن بوۋاي شۇندىلا ھاسىراپ تۇرۇپ دېدى:

— ماڭ، جېنىم بالام، ھازىرلا يولغا چىق. ئېشەك شىپاخانىنىڭ ھويلىسىدا ھارۋىغا قېتىقلىق. دەرۋازىدىن چىقىپ ئوڭغا يېتىلەپلا ماڭ بالام. ساي يولىغا چىقىۋالساڭ قالغان يولنى ئېشەك ئۆزى بىلىدۇ، مەن خەۋىرىنى بەرمىگىچە، ئۆزۈم سېنى يوقلاپ لەڭگەرگە چىقمىغۇچە ھەرگىز قايتىپ كەلمە.

ئوغۇل بوۋايغا تاشلاندى، گويا دادىسى بىلەن مۇشۇ ئايرىلغىنىچە قايتا كۆرۈشەلمەيدىغاندەك، مۇشۇ قېتىملىق قوچاقلىشىش مەڭگۈلۈك ھىجراننىڭ قارا تۇماندەك بىر تۇيغۇدا دادىسىنى باغرىغا مەھكەم باستى.

— باققىنىڭىزغا رازى بولۇڭ دادا...

— تېز ماڭ بالام، سېنى ئاللاھقا ئامانەت قىلدىم.

سۇر ھاڭگا بىلەن ئوغۇل تاقىر سايغا ئۇلاشقىنىدا ئۈپۈق ئاستا-ئاستا سۈزۈلدى، سۇس سۈزۈلگەن ئاسمان سەتھىسىدە ئاخىرقى بىر ھۆكەر خېلىغىچە پىلىلداپ قالدى، ئوغۇل شۇندىلا بىلدىكى، ئۆزى كېتىۋاتقان تۆگە لوكسىدەك ئېگىز-پەس قۇم دۆڭلىرى بىلەن تولغان سايدا ئېنىقراق يولمۇ يوق ئىدى. پەقەت ئۇچەي-ئۇچەيلا دەپ قالغان بەلگىسىز بىر چىغىر دۆڭدىن-دۆڭگە ئۇلىشىپ، يىراق ئۈپۈق تامان سوزۇلۇپ ياتاتتى، ئېشەك گاھ ئۆزۈلۈپ، گاھ غىل-پال كۆرۈنۈپ قالىدىغان شۇ چىغىردا قىلچىمۇ تەمتىرىمەي، بەخۇدۇك كېتىۋاتاتتى.

قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىن ئاستا-ئاستا كۆتۈرۈلگەن ئالتۇن لېگەندەك نۇرانە قۇياش ئانچە ئۆتمەي ئۇ چىغىرنى يورۇتتى، قۇياش نۇرىغا كۆمۈلگەن چىغىر ئالتۇن تانابتەك نۇرلاندى، ئەمما نۇراخۇن بوۋاينىڭ ئوغلىنىڭ كۆڭۈل ئاسمىنى شۇندىمۇ يورۇمىدى، ئۇ ئاسماندا ھېلىمۇ بىر خىل غەشلىك، ئىزتىراپ، تىت-تىتلىق ھۆكۈمران ئىدى. ئۇ ھۆكۈمرانلىقلار قېتىدا كېچىدىن بېرى چۆل يېرىدە ئېزىقىپ قالىدىغاندەكلا سەزگەن ئازابلىق تۇيغۇمۇ، شەھەردە ئۆزىدىن بەك ئۇزاق گەپ سوراپ كەتكەن تەلەتى سۈرۈن ھېلىقى كىشىلەرمۇ، ئۆزى ئۇنتۇپ كەتكەن، ئەمما نېمىشقىدۇر ئاۋۇلار ئۇنتۇمىغان ۋەدىسىنى سۈيلەپ بوسۇغا تۆۋىگە كېلىۋالغانلارمۇ بار ئىدى. ھايات بىلەن ماماتنىڭ قىرغىقىدا ئۆزىگە تارتىشىپلا قالغان دادىسىمۇ، ئاتايىن كەلگىنىگە تۇشلۇق ئوبدانراق مۇڭدىشالمىغان، لەڭگەرگە يول ئېلىشتىن بۇرۇن تۈزۈكرەك خەيرلىشەلمىگەن كەم سۆز ئانىسىمۇ بار ئىدى. ئوغۇلنىڭ يەنە تېخى كۆڭلىگە پۈككەن، دىلىغا تۈگكەن تالايلىغان ئارزۇ-ئارمانلىرى،

نىشانلاپ قويغان يېڭىدىن ـ يېڭى مەنسەپ پەلەمپەيلىرى، باشلىغان، يېرىم قىلغان نۇرغۇن ئىش ـ ئەمەللىرىمۇ بار ئىدى. شۇ تاپتىكى ئوغۇل ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھەممىسى بەراقلا تۆرتەكلىشىپ باستۇرۇپ كېلەتتى. قەلبىنى ياۋا مۈشۈكتەك تىرناقلاپ، كۆز ھەرىسىدەك چاقاتتى. كونا ئەكەتەك ئىككەكدەپ گال ھەرىدەك ھەرىدەيتتى. ئۇنىڭدىن گەپ سورايدىغانلار ئاۋۋال شىپاخانىغا، ئاندىن لەڭگەرگەمۇ ئىزدەپ كېلىدىغاندەك، ساي يولىنىڭ قايسىبىر دۆڭلۈكىدە تۇيۇقسىزلا ئالدىغا ئۈنىدىغاندەك، ئالتۇن رەڭ چىغىرنىڭ قايسىبىر دوقمۇشىدا يول توسۇپ ئۇچراپ قالىدىغاندەك بىلىنەتتى، بۇ خىل تۇيغۇدا تاڭلىيى قۇرۇغان، لەۋلىرىنى گەز باغلىغان، ئولتۇرۇشقان كۆزلىرىدە نۇر كەملىگەن ئوغۇل ئۈچۈن تۇيۇقسىزلا جاھان تولىمۇ تاردەك، ئادەملەرنىڭ جىمىسى يۈزسىز ـ ۋاپاسىزدەك بىلىنمەكتە ئىدى.

قۇياش ئۆز قېنىغا تولۇق تولۇپ، ئۇنىڭ سېخىي نۇرى دۆڭ ـ ئويمانلار ئارا بىردە كۆرۈنۈپ، بىردە سۇسلاپ بېرىۋاتقان ئالتۇن رەڭ چىغىرنى تېخىمۇ نۇرلاندۇردى، ئەپسۇس ئوغۇلنىڭ كۆڭلىدىكى ئۇ مۇدھىش غەشلىك ئالتۇن رەڭ ئۇ چىغىرغا ئۇلاشقىنىدىن كېيىنمۇ يوقىمىدى، بىر ئاز يوقىغاندەكمۇ بولدىيۇ، ئوغۇلنىڭ كۆڭلىدىكى ئۇ غەشلىكنى، نەۋاقتىن بېرىقى سىقىلىش، بىسەرەمجانلىقنى تامامى يوق بولدى دېگىلى بولمايتتى. دۆڭلۈكلەر ئاۋۇپ، چىغىر سوزۇلغانسېرى ئوغۇلنىڭ دىلىخانىسىدىكى سىقىلىش ـ چىڭقىلىشلىرى، غەشلىك ـ بىسەرەمجانلىقلىرى تېخىمۇ ئۇلغىيىپ باردى. غەشلىك، سىقىلىشلىرى ئارىسىغا ئۆزىنىڭ مۇشۇ ئالتۇن رەڭ چىغىردا قاچانلاردىدۇر ماڭغان باللىق ـ چاللىقى، كېسەل كارىۋىتىدا بايامقى ھۆكەردەك يېگانە قالغان پەدەر سىياق دادىسى قايتا كۆرۈنگەندەك بولدى. يېڭى لەڭگەردىكى ناتونۇش ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىمۇ، شەھەردە قان يىغلاپ قالغان ئايالىمۇ، جاھاننىڭ ئۇ تەرىپىدە دادىسىنىڭ بېشىدا كۆيۈۋاتقان ئوتتىن بىخەۋەر ئوقۇۋاتقان يېگانە بالىسىمۇ زاھىر بولدى. چىغىر بىلەن سىڭىشىپ كەتكەن ئۇ سىياق، ئۇ كۆرۈنمىلەر ئوغۇلنىڭ قەلبىنى ئامبۇردەك قىسىپ، تۇز سۈيىدەك ئېچىشتۇردى. كۆز گۆھىرىگە ياش يۈگۈرۈتتى. سۈزۈك ماناندەك يىپىلىپ، يىپەك پەردىدەك لىغىرلاۋاتقان ئۇ كۆز ياشلىرى بارا ـ بارا ئالتۇن رەڭ چىغىرنىمۇ، دادىسىنىمۇ، ئايالى ۋە ئوغلىنىمۇ يۇتۇپ كەتتى، يېڭى لەڭگەردىكى ئۇنتۇلغان، ئۆزى قانچە تىرىشىپمۇ كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمىگەن تۇغقانلىرىنى بولسا تېخىمۇ يۇتۇپ كەتتى.

ئوغۇل ھارۋا ئۈستىدە تۇرۇپ ئەتراپىغا قارىدى. كەينىگىمۇ، ئۆز نىشانىغىمۇ قارىدى. ئەتراپ كۆز يەتكۈسىز ساي ئىدى. نە ئادىمىزاتتىن ئىزنا، نە بىرەر كۆكات ـ يېشىللىقتىن بەلگە كۆرۈنمەيتتى. ئوغۇل ئۈچۈن تۇرۇپلا بۇ يەردىكى ھەممە نەرسە زېرىكىشلىك تۇيۇلدى، ئاندا ـ ساندا ئۇچراپ قالىدىغان قۇرۇغان تېزەك، ناگان ـ ناگاندا كۆرۈنۈپ قالىدىغان يانتاق، قامغاقلارنىڭ كۇكۇندىلىرىمۇ، سۇر ئېشەكنىڭ يېنىك پۇشقۇرۇشلىرىمۇ، بارغانچە كۆرۈنمەي قالغان ئالتۇن رەڭ چىغىرمۇ شۇنداق بىلىندى، باياتىدىن شۇنچە يىراقتا كۆرۈنگەن ئېگىز بىر دۆمبەل يېقىنلاپ، ھارۋا ئۇ دۆمبەلدىن پەسكە سائگىلاۋاتقىنىدا نۇراخۇن بوۋاينىڭ ئوغلىنى تۇرۇپلا چىدىغۇسىز بىر غېرىبلىق باستى. ئۆزىنى مۇشۇ پەسلىگەنچە قايتا ئۆرلىگىلى بولمايدىغان مەنزىلگە يول ئېلىۋاتقاندەك، قايتا چىققىلى بولمايدىغان چوڭقۇرغا سەپەر قىلىۋاتقاندەك بىر ھېستا سەزدى، مۇشۇ چوڭقۇرغا چۈشۈپ كەتكىنىچە ئەمدى ئۇنى پۈتكۈل جاھان ئۇنتۇپ كېتىدىغاندەك، ئادەملەر توگول ئۆزىگە يول باشلاپ، ئۆزىنى يېتەكلەپ كېتىۋاتقان مۇشۇ ئاق تۇمشۇق ھاڭگىمۇ مۇشۇ سەپەردىن كېيىنلا ئۇنى قايتا ئەسكە ئالمايدىغاندەك تۇيۇلدى، ھاياتىدىكى قايناق دەملەر، مەمۇرچىلىقتا تولغان ئاسايىشلىق مىنۇتلار مەڭگۈ كەلمەسكە كەتكەندەك بىلىندى.

ئاھ نېمانچە ئېغىر كۈن، نېمدېگەن چوڭقۇر ھاڭ بۇ!

ئوغۇل ئارغامچىنى تارتقۇشلاپ، ئېشەكنى توختاتماقچى بولدى. سۇر ھاڭگا ھەيران بولغاندەك بېشىنى تىكلەپ، قۇلىقىنى يېنىك سىلكىشلىگەچ بىر نەپەس ئاستىلىدىيۇ توختىمىدى. قارىغاندا ئوغۇلنى مەنزىلگە يەتكۈزمەي تۇرۇپ توختىمايدىغاندەك قىلاتتى، دەل شۇ كەمدە دۆڭ باغرىدىكى خىرە چىغىر ئوڭ تارام بولۇپ ئەگىلدى، ئەمما ئاق تۇمشۇقلۇق ھاڭگا قىلچە ئىككىلەنمەيلا سولغا — يول ئىزنادىن ئەسەرمۇ بولمىغان تەرەپكە قايرىلدى.

ئوغۇلنى سۈر باستى، ئېشەك خاتالىشىۋاتىدۇ، دېگەن بىر تۇيغۇ ئۇنى ئەندىكتۈردى. لېكىن پەدەرى — نۇراخۇن بوۋاي ئېشىكنىڭ يولىدىن زادىلا ئازمايدىغىنىنى، بەخەتەر جاي — لەڭگەرگە ئامان-ئېسەن يەتكۈزىدىغىنىنى ئېيتقانىدى، ئوغلىنى ئىشىنىپ مۇشۇ ئېشىككە تاپشۇرغانىدى، شۇندىمۇ ئاق تۇمشۇقنىڭ تىزگىن سىيرىپ كېتىۋاتقىنى بىرەر ھاياتلىق ئىز قويغان تەرەپتەك قىلمايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەردەم بىر ئوغۇلنى، قىران بىر ئەركەكنى سۆرەشتۈرۈپ كېتىۋاتقىنى بىر ئېشەك ئىدى، شۇتاپ مۇنۇ ئاق تۇمشۇق ئېشەكمۇ ئۇنىڭ يېتىلىككە بويسۇنمايۋاتاتتى، بۇ ھال نۇراخۇن بوۋاينىڭ ئوغلىغا بىر ئەلەم، مەڭبىر خورلۇق بولۇپ تۇيۇلدى.

ئوغۇل ئارغامچىنى كۈچەپ تارتتى. ئاق تۇمشۇق بېشىنى سىڭايان قىلدىيۇ توختىمىدى. ئوغۇل ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ئېشەكنىڭ نوقتىسىغا ئېسىلدى، ئاق تۇمشۇق تىرەجىدى، ئىككى قۇلىقىنى تىكلەپ، بادامسىمان كۆزلىرىنى ئوغۇلغا تىكتى، شۇندىمۇ نىشانىدىن قايتمىدى، ئۆزى بىلگەن تەرەپكە — ئالتۇن رەڭ چىغىرنىڭ تامامى قارشىسىغا سۆرەشتۈردى.

«دادا، مەن زادى قايسى تەرەپكە ماڭىمەن؟ چىغىر ئۇ تەرەپتە قالدى، دادا...» شۇ ئۇي بىلەن دادىسىنى يادىغا ئالغان ئوغۇل بىردىنلا سۈت رەڭ ئۇيقۇدىن ھوشىغا كەلگەندەك بولدى. كۆز ئالدى بۆلەكچە سۈزۈلدى. ئۇ سۈزۈكلۈككە كېسەل كارىۋىتىنىڭ قىرىدا ئۆزىگە تارتىشقىنىچە قالغان بىر پەرىشتە ئايان بولدى، پەرىشتە باغرىنى كەڭ ئېچىپ ئوغۇلغا تەلمۈرەتتى، كەڭ يېيىلغان باغرىدىن سۈتتىن ئاق، زىيادىن سۈزۈك بىر بوشلۇق بالقىيتتى. پەرىشتە ئۆز ئوغلىنى شۇ ئاپپاق نۇرانىلىق ئىچىگە تارتقۇشلايتتى، ئەپسۇس، ئوغۇل بار كۈچى بىلەن تىرەجەپ ئۇ نۇرانىلىقتىن قېچىۋاتاتتى، گويا شۇ تاپ ئاق تۇمشۇق ئېشەك ئالتۇن رەڭ چىغىردىن تىرەجىگەندەكلا!

قارىغاندا شۇنداق تارتقۇشلاش، توغرا يولغا شۇنداق دەۋەت قىلىش پەرىشتە بىلەن ئوغۇلغا بىر ئۆمۈر يانداشقاندەك قىلاتتى!

تۇرۇپلا بىر قارا قۇيۇن ئۆرلىدى، قارا قۇيۇن راستىنلا ئۆرلىدىمۇ ياكى ئوغۇلنىڭ ئېڭىدا زاھىر بولدىمۇ بىلگىلى بولمىدى. شۇندىمۇ قارا قۇيۇن پەرىشتىنى يۇتۇپ كەتتى، قۇيۇن ئارىسىدا قالغان پەرىشتىگە كىملەردۇر قول چىنىدى، بۇرنىنى نوقۇشلىدى، يېقىمسىز ئاۋازى بىلەن پەرىشتىنى سوراقلىدى:

— ئېيت چاپسان، سەن بىلىسەن، ئوغلۇڭ زادى قاياققا كەتتى؟! ئۇنى چوقۇم سەن قاچۇرۇۋەتتىڭ!

«توغرا، ئۇلار مېنى ئىزدەپ چوقۇم يۇرتقا كېلىدۇ، دادامنى تاپىدۇ، مېنىڭ بۇنىڭدىن باشقا جايغا بارالمايدىغىنىمنى، دادامدىن باشقا بىرەر يېقىنىمنىڭ يوقلۇقىنى بىلىدۇ، قىلمىشلىرىم سەكراتتىكى دادامنى بىسەرامجان قىلىدۇ، گويا بىر ئۆمۈر بىسەرەمجان قىلغانلىرىم ئاز كەلگەندەك...»

نۇراخۇن بوۋاينىڭ ئوغلى چۇلۋۇرنى كۈچەپ سىلكىشلىدى، ئېشەكنى بار كۈچى بىلەن لەڭگەر نىشانىدىن توختىتىپ، ئۇنى كەينىگە قايتۇردى. ھاسىراپ-ھۆمۈدىگىنىچە ئەمدى ئانچە ئېگىز بىلىنمىگەن چوڭقۇردىن قايتىپ چىقىپ، ھارۋىنى ئۆز يولىغا — تېخىمۇ سۈزۈك، تېخىمۇ يارقىن كۆرۈنگەن ئالتۇن رەڭ چىغىرغا ھەيدىدى.

ھېرىپ دەرماندىن كەتكەن، ئاچ ۋە ئۇسسۇزلۇقنىڭ رەنجۇ كۈلپىتىدە ئىسكەتىدىن ئايرىلغان ئاق تۇمشۇق ئېشەك ئۆزىدىنمۇ بەتتەر بىر سىياقتىكى ئوغۇلنى ئېلىپ كەچكە يېقىن شىپاخانا ئالدىغا يېتىپ كەلدى، ئاق تۇمشۇق يېنىك تىن ئېلىپ توختىدى، ئۇ توختىغان جايدا بىر ماشىنا ئۇلارنى كۈتۈپ تۇراتتى، ئاق تۇمشۇقنىڭ توختىشى بىلەن تەڭ ماشىنىدىن بىر نەچچەيلەن چۈشتى، چۈشكەنلەر ئارىسىدا ئەتىگەنكى قارا قۇيۇن ئىچىدە دادىسىنىڭ بۇرنىنى نوقۇشلىغان، سوراقلىغان، ئوغۇلنىڭ ئىز-دېرىكىنى قىلغان كىشىلەرمۇ باردەك قىلاتتى.

ئوغۇل ئىككى قولىنى جۈپلەپ سوزغىنىچە ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— ئۆتۈنەي، دادام بىلەن خەيرلىشىۋېلىشىمغا رۇخسەت قىلساڭلار.

— دادىڭىزنى يۇقىرى دەرىجىلىك دوختۇرخانىغا يۆتكەپ ئورۇنلاشتۇردۇق، خاتىرجەم بولۇپ بىز بىلەن مېڭىڭ.

---

ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھەر تەڭرىتاغ رايونى چىڭداۋ كۇللىكىدە ئولتۇرۇشلۇق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# دېڭىز ساھىلى ۋە ئەكلىماكان شائىرى

ئابدۇشۈكۈر قاۋۇل

## قۇم تۇيغۇسى

تەكلىماكان گىرۋەكلىرىدە،
قۇمغا دەسسەپ چوڭ بولغان ئادەم.
ھەرقېتىمكى دېڭىز لېۋىدە،
يەنە قۇمغا باسماقتا قەدەم.

ئۇنىڭ يالاڭ پۇت ـ ئاياغلىرى،
نەمخۇش قۇمدىن سەزگەندە راھەت.
قۇرغاق قۇمنى دىل چىراغلىرى
يورۇتۇشقا بولدى بىتاقەت.

دولقۇن چايقاپ تۇرسا بۇ قۇمنى،
شامال تاسقاپ تۇرار ئۇ قۇمنى.
يامغۇر يەملەپ تۇرسا بۇ قۇمنى،
ئامال قوغداپ تۇرار ئۇ قۇمنى.

بۇ قۇم كۆرسە بۇرۇن قۇياشنى،
ئۇقۇم كۆرەر ھەممىدىن كېيىن.
بۇ قۇم كۆرسە قوۋناق ياشاشنى،
ئۇ قۇم ئاڭا ئىنتىلەر مەيىن.

بۇ قۇم قوچۇپ تۇرسا قۇت ـ ۋىسال،
ئۇ قۇم كۈتۈپ تۇرماقتا ئامەت.
بۇ قۇم تىلەپ تۇرسا ئوت خۇشال،
ئۇ قۇم سۇغا تەشنا كارامەت.

تەشنا ھېسلار، تەشنا تۇيغۇلار،
نەمخۇش، قۇرغاق قۇملارغا سىڭدى.
قۇم قاتۇرغان شېئىريي ئۇرغۇلار،
ئۇنچە بولۇپ شۇنداق چېچىلدى.

## قۇم قەلئە

ساھىل ئۈزرە چاچرىتىپ ئۇپقۇن،
دولقۇنلايتتى ھۆركىرەپ دېڭىز.
قوشۇلغاندەك دولقۇنغا دولقۇن،
ئولتۇراتتى بىر يىگىت، بىر قىز.

ياساپ چىقتى دىل بېرىپ ئۇلار،
ئوردا مىسلى كاتتا قۇم قەلئە.
قۇم قەلئەگە ئىنتىلىپ ئۇلار،
سىزىپ چىقتى چۆرىدەپ قىتئە.

ئۇ تەرەپكە يۈرەك سىزىلسا،
بۇ تەرەپكە تىلەك سىزىلدى.
ئۇ تەرەپكە بىلەك سىزىلسا،
بۇ تەرەپكە كۆكرەك سىزىلدى.

ئۇ تەرەپكە سىزىلسا مۇنار،
بۇ تەرەپكە سىزىلدى ئويمان.
ئۇ تەرەپكە سىزىلسا تۇمار،
بۇ تەرەپكە سىزىلدى ئورمان.

ئۇ تەرەپتە تۇيغۇ يالللدار،
بۇ تەرەپتە ئۇيقۇ گۇم ـ گۇمران.
ئۇ تەرەپتە «سۆيگۈ» جىلۋىدار،
بۇ تەرەپتە «مەڭگۈ» ھۆكۈمران.

ئېچىلغاندا ئەقىدە گۈلى،
قۇم قەلئەنىڭ ئىچى ـ تېشىدا.
ئېھ، دېڭىزنىڭ ئارتىپ مەرغۇلى،
تارتىپ كەتتى بارنى باغرىغا.

قۇم قەلئەنى ياسىغان قوللار،
ھىجران ئارا قالدى ئۇھسىنىپ،
قالدى يەنە ھاياتنى ئۇلار،
قۇم قەلئەگە بىردىن ئوخشىتىپ.

## ئاي تولغاندا

چىللاپ ساھىل، ئۇخلىماي چىقسام
دېڭىز سۈيى ئۇلغايغان ئىدى.

دولقۇن بويلاپ ئاسمانغا باقسام،
بۇلۇت توسقان ئاي تولغان ئىدى.

ئاي تولغاندا دېڭىز كۆۋەجەپ،
ساھىل تاشقىن پۇراپ تۇراركەن.
ئاي دولقۇنغا تۇرسا ئەركىلەپ،
دولقۇن ئايغا بەزمە قۇراركەن.

بەزلەنگەنچە بەزمىلەر ئارا،
ئايدالامغا كەتتى خىيالىم.
تۈنجى بولۇپ نەزمىلەر ئارا،
ئاي ئانامغا كەتتى سالامىم.

سالام باشاق دېڭىزلىرىدا،
پالاق ئۇرغان ئورمىچى دادا.
سالام بۇغداي ئېڭىزلىرىدا،
ئوتلاپ تۇرغان قوي، كالا-پادا.

سالام ئايغا سىن قالدۇرغانچە،
بوز تۇپراقنى ئاغدۇرغان كەتمەن.
سالام بۇرغا-ئۇن ياغدۇرغانچە،
ئۇگۈت تارتىپ چارچىغان توگمەن.

سالام چىتلىق تېمى ئۆرۈلۈپ
شورا بولغان ساتمىلىق باغلار.
سالام سەلدەك كەلگەن تۇرۇلۇپ
يۇرتۇمدىكى ئاي تولغان چاغلار.

ئاي تولغاندا ساھىلدا شۇنداق،
تۇيغۇلىرىم كەتتى تولۇنلاپ.
تۇيغۇلاردىن يانغاندا پىراق،
دولقۇن تۇرغان ئىدى قولۇنلاپ.

## ساھىلدىكى رومانتىكا

قوش قەدەملىك بۇندىكى يوللار،
قوش ئورۇنلۇق ماڭغۇلار يەنە.
قوش تۇتقۇلۇق بۇندىكى روللار،
قوش ئۇقۇملۇق ئالغۇلار يەنە.

بۇندا جۈپ-جۈپ تىكىلگەن دەرەخ،
گۈل-گىياھلار جۈپ-جۈپ تىزىلغان.
بۇندا جۈپ-جۈپ ئېچىلغان پورەك،
كۆي-ناۋالار جۈپ-جۈپ يېزىلغان.

قوشماق بۇندا قۇلۇلە قېپى،
مەرۋايىتلار قوشماق سۆزۈلگەن.
قوشماق بۇندا قۇياش ئاپتىپى،
دەم-ۋاقىتلار قوشماق تۈزۈلگەن.

بۇندا جۈپ-جۈپ ئويىنار چايكىلار،
ۋىسال تاپار يۈرەكلەر ھەتتا.
دېڭىز شۇنداق ئېيتىپ چايقىلار،
بىراق مەنلا ساھىلدا تەنھا.

## ساھىلدىكى يۇلغۇن

ئويلاپتىمەن يۇلغۇننى تۇۋا،
پەقەت شورلۇق تۇپراقتا خاس دەپ.
ئۇ تۇرمىدۇ دېڭىز بويىدا،
ساھىللارغا مەنمۇ خوپ ماس دەپ.

راست ماس ئىدى ئۇنىڭ بوي-قەددى،
بازغانلىغان شەمشاد-چىنارغا.
راست ماس ئىدى چېچىكى-بەرگى،
كۆلۈپ تۇرغان نەرگىز-ئىپارغا.

رەڭلەرگە رەڭ قاتقان ئىدى ئۇ،
ھىدلارغا ھىد بەرگەن ئىدى ھەم.
چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ئىدى ئۇ،
نەم تۇپراقنى قۇچاقلاپ مەھكەم.

ئۇ تۇراتتى قەيسەر نەپەستە،
زەي-سەپكۈندىن ساھىلنى پاكلاپ.
ئۇ تۇيغۇمغا ئۇرۇلغان پەيتتە،
بۇ مىسرالار كەتتى چاراقلاپ.

## ئەكس سادا بەرمىدى دېڭىز

باشقا ئالەم دېڭىز مەن ئۈچۈن،
ئەركە سەزدىم ئۇندا ئۆزۈمنى.
قويۇۋەتتىم مەيلىمنى پۈتۈن،
دولقۇنلاردا قىنتلاپ سۆزۈمنى.

چاقماق بولۇپ چېقىنلار چاقتىم،
گۈلدۈرلىدىم گۈلدۈرمامىدەك.
ۋولقان بولۇپ ئېتىلدىم، چاپتىم،
ئوت پۈركىدىم يانغىن-ماگمىدەك.

شۇنداق ياڭراق سادالىرىمغا،
ئەكس سادا بەرمىدى دېڭىز.
سادا بەرگەن سەھرالىرىمغا،
ئاقتىم شۇ چاغ بولۇپ غول ئەگىز.

2013-يىلى 21-ئىيۇندىن 26-
ئىيۇنغىچە، بېيدەيخې.

---

ئاپتور: «شىنجاڭ گېزىتى» ئۇيغۇر
تەھرىر بۆلۈمىدە

تۇرسۇن مەھمۇد، ھەبىبۇللا مىجىت

# ئەسەرلىرىم ھاياتقا بولغان پوزىتسىيەمدۇر

(سۆھبەت خاتىرىسى)



**سۆھبەتلەشكۈچىدىن:** يازغۇچى تۇرسۇن مەھمۇد ئىزدىنىش روھىغا تويۇنغان ھېكايە، پوۋېستلىرى، رومانلىرى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققەت نەزەرىدە تۇرۇپ كېلىۋاتقان يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇنىڭ ھازىرغىچە «تاغامنىڭ شاپتۇللىرى»، «پەرىشتە يامغۇرى»، «يولۋاس ئۆلتۈرگەن ئەزىمەت ۋە كىر يۇيۇۋاتقان ئەر» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى، «قوڭۇر ئاتلىق مەپە» ناملىق پوۋېستلار توپلىمى، «گۇگۇم»، «يامغۇرلۇق يەكشەنبە» قاتارلىق رومانى نەشر قىلىنىپ، كەڭ ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرى ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن مۇھاكىمە ئوبيېكتىغا ئايلاندى. مەن شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىلەن خۇنەن يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىرلىكتە ئورۇنلاشتۇرغان خۇنەن ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىدىكى 22 كۈنلۈك تەربىيىلەش جەريانىدا، تۇرسۇن مەھمۇد بىلەن بىر قىسىم ئەسەرلىرىنى تۈنۇقا قىلىپ تۇرۇپ كەڭ-كۇشادە پىكىرلىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم، يازغۇچى تۇرسۇن مەھمۇد ئەسەرلىرىگە بولغان تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش مەقسىتىدە، بۇ سۆھبەت خاتىرىسىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىگە سۇندۇم.

**ھەبىبۇللا مىجىت: تۇرسۇنكا، ئىجادىيىتىڭىزگە ئۇزاقتىن بېرى دىققەت قىلىۋاتقان ئوقۇرمەنلەرنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئىجادىيىتىڭىزدىكى ئۆزگىچىلىكلەر ھەققىدە ئورتاقلىشىش مەقسىتىدە، يۈزتۇرا بولۇپ ئولتۇرۇپتىمەن، تۇنجى قەدەمدە تەرجىمىھالىڭىز بىلەن قىسقىچە تونۇشۇپ چىقساق، چۈنكى ئوقۇرمەنلەر ئەسەرلىرىنى ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان يازغۇچىلارنىڭ كەچمىشلىرىگە ئىنتايىن قىزىقىدىكەن.**

**تۇرسۇن مەھمۇد:** مەن 1968-يىلى 3-ئاينىڭ 1-كۈنى چەرچەن ناھىيەسىنىڭ باغئېرىق يېزىسىنىڭ كۆتەمەئېرىق كەنتىدە تۇغۇلدۇم. قوشساتما باشلانغۇچ مەكتەپتە، باغئېرىق ئوتتۇرا مەكتەپتە، چەرچەن ناھىيەلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇدۇم. 1986-يىلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىندىم. 1990-يىلى 7-ئايدا ئالىي مەكتەپنى تاماملىغاندىن كېيىن 1999-يىلغىچە مائارىپ سىستېمىسىدا ئىشلىدىم. 1999-يىلدىن 2007-يىلى 3-ئايغىچە ناھىيەلىك ئۇرۇقچىلىق پونكىتىدا خىزمەت قىلدىم. 2007-يىلدىن ھازىرغىچە ناھىيەلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا ئىشلەۋاتىمەن. دەسلەپكى مەشىق ئەسەرلىرىنى ئالىي مەكتەپتە باشلىغان. 1989-يىلى «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىدا تۇنجى ئەسىرىم «داۋامى قالغان چۈش» ئېلان قىلىندى. ھازىرغا قەدەر پىروزا بىلەن شۇغۇللىنىپ ھەرقايسى گېزىت-ژۇرناللاردا 100 پارچىگە يېقىن ھېكايە،

يۈزمۇيۈز

بوۋىست ۋە باشقا ژانىردىكى ئەسەرلىرىم ئېلان قىلىندى. ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئۈچ قېتىم «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشتىم.

**ھەبىبۇللا مىجىت: بىر قىسىم ئوقۇرمەنلەردىن: «تۇرسۇن مەھمۇد ئەسەرلىرىنىڭ مۇقامى تىۋەن، كىشىگە چۈشكۈنلۈك تەسىرى بېرىدۇ» دېگەندەك ئىنكاسلارنى ئاڭلىدىم. ھېس قىلىشىمچە، ئەسەرلىرىڭىزدە چەكسىز ئۈمىدۋارلىق نۇرلىرى چاقناپ تۇرىدۇ، بۇنى پۈتۈن ئەسەرلىرىڭىزدىنمۇ، شۇنداقلا «چوققىغا يامىشىدىغان ئادەم»، «يېشىل شاخ»... قاتارلىق نۇرغۇن ھېكايىلىرىڭىزدىنمۇ ھېس قىلىش مۇمكىن. سىز ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ خىل ئىنكاسىغا قانداق قارايسىز؟**

تۇرسۇن مەھمۇد: كىتابخانلارنىڭ ئەسەرلىرىمگە قانداق باھا بېرىشىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىمەن، شۇنداقلا ئىجادىيىتىمگە نىسبەتەن تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ، دەپ قارايمەن، ئەسەرنى كىتابخانلار ئۈچۈن يازىمىز، شۇنداق ئىكەن ئۇلارنىڭ باھاسىغا كۆڭۈل بۆلمىسەك بولمايدۇ. ئوقۇرمەنلەرنىڭ «تۇرسۇن مەھمۇد ئەسەرلىرىنىڭ مۇقامى تىۋەن، كىشىگە چۈشكۈنلۈك تەسىرى بېرىدۇ» دەپ قارىغانلىقىدىن ئۆكۈندۈم، ئىجادىيىتىمدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بەزى مەسىلىلەرنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدىم، ئەسلىي بىر ئاپتور ئۆز ئەسەرلىرى توغرۇلۇق چۈشەنچە بېرىپ يۈرمىسىمۇ بولاتتى، ئەمما مۇشۇ خىلدىكى پىكىرلەر بىر قەدەر كۆپ بولغاچقا ئىككى ئېغىز توختىلىپ ئۆتۈپ كېتەي، بۇ يەردە ئىككى تۈرلۈك مەسىلە بار، بىرى مۇقامى تىۋەنلىك، يەنە بىرى چۈشكۈنلۈك تەسىرى بېرىش. مۇقامى تىۋەنلىك چۈشكۈنلۈك تەسىرى بېرىدۇ، چۈشكۈنلۈك ئەسەرنىڭ مۇقامىنى تىۋەنلىتىدۇ، مەن ئەسلىي ئەدەبىيات كىشىلەرگە ئۈمىد بېغىشلىشى كېرەك، دەپ قارايتتىم ھەم يازمىلىرىمدا مۇشۇ نۇقتىغا كۆچەيتتىم. بۇ جەھەتتە مەن مەقسەتكە يېتەلمىگەن ياكى ئەسەرلىرىم «ئاچچىق يەر»گە بارالمىغان بولۇشى مۇمكىن. ئەسەرلىرىمدە بىر تۈركۈم روھسىز، ئۈمىدسىز، چۈشكۈن ئادەملەرنى يازدىم ھەم ئۇلارنىڭ چۈشكۈنلۈكى، ئۈمىدسىزلىكى، غايىسىزلىكى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان كۆڭۈلسىز تەقدىرىنى كىتابخانلارغا ئېچىپ بەردىم، بۇنداق يېزىشىم چۈشكۈنلۈكنى، ئۈمىدسىزلىكنى تەرغىب قىلىش ئەمەس، بەلكى چۈشكۈنلۈك، ئۈمىدسىزلىكنى ئېچىپ بېرىپ، چۈشكۈن، ئۈمىدسىز ئادەملەرنىڭ تىراگېدىيەسى ئارقىلىق چۈشكۈنلۈك، ئۈمىدسىزلىككە قامچا ئۇرۇش ئىدى، بۇ نۇقتىدا كىتابخانلارنىڭ ئاستا-ئاستا چۈشىنىپ قالىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

**ھەبىبۇللا مىجىت: «تاغامنىڭ شاپتۇللىرى» ناملىق ھېكايىڭىز، خەلقىمىزنىڭ ھېلىغىچە ئەنئەنىۋى ئېگىلىكتىن مېھرىنى ئۈزەلمەسلىكتەك بېكىنمە روھىغا قارىتا كۈچلۈك تەنقىد ئېلىپ بارالىغانلىقى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ بەلگىلىك دىققىتىنى قوزغىدى، بۇ ھېكايىڭىزنىڭ ئىجاد قىلىنىش ئارقا كۆرۈنۈشى ھەققىدە توختىلىپ باقامسىز؟**

تۇرسۇن مەھمۇد: «تاغامنىڭ شاپتۇللىرى» خەلقىمىزنىڭ بەك ئۇزاق زامانلاردىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قالاق ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ھەم بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان نامراتلىق، نامراتلىقتىن كېلىپ چىققان مەنىۋى قاششاقلىقنى ئېچىپ بېرىش مەقسىتىدە يېزىپ چىققان ئەسەر. يىللاردىن بېرى بىر خىل رىتىمدا كېلىۋاتقان، زاماننىڭ تەرەققىياتىغا ماس بولالمايۋاتقان، بىكىك، جاھىل روھ ھەققىدە ئۇزاقتىن ئويلىنىپ كېلىۋاتاتتىم. 2008-يىلى شائىر ئۆمەر مۇھەممەدئىمىن ئىككىمىز كورلىنىڭ بوستان بازىرىدىن ئۆتۈپ قالدۇق، شۇ ئارىدا يول ياقىسىدا بىر سېۋەت شاپتۇلنى تۇتۇپ ئولتۇرغان بوۋاينى كۆرۈپ قالدىم. بوۋاينىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتۇق، مەن كەينىمگە قايرىلىپ بوۋايغا يەنە بىر قاراپ قويدۇم، بوۋاينىڭ بەكلا ياۋاش، ياۋاشلىقى بىچارىلىككە ئايلىنىپ كەتكەن تۇرقى ماڭا قاتتىق تەسىر قىلدى. ئىلگىرىكى مۇشۇ ھالغا ئالاقىدار خىياللىرىم بىلەن مۇنۇ بوۋاينىڭ تۇرقى بىرلىشىپ كەتتى. «بۇلارنىڭ ئۆمرى مۇشۇنداق شاپتۇل سېتىپ ئۆتۈپ كېتەرمۇ...» دېگەنلەرنى خىيال قىلىپ قالدىم، شۇ كۈنلەردە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىكىلەر ئەسەر بېرىشىمنى ئېيتىپ تېلېفون قىلىپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن يۇقىرىقى ئەھۋاللارنى چۆرىدەپ ھېكايىنى يېزىپ چىقتىم.

**ھەبىبۇللا مىجىت: «چوققىغا يامىشىدىغان ئادەم» ناملىق ھېكايىڭىزدىن ئادەتلەنگەن تۇرمۇش، تەپەككۇر ئۇسۇلىنى يېڭىلاشقا بولغان كۈچلۈك ئىنتىلىش روھىنى كۆرۈپ يەتكەندەك بولدۇم، سىزنىڭچە بۇ ھېكايىنى مۇشۇنداق چۈشىنىش ئىجادىيەت مۇددىئايە-**

**گىز بىلەن قارىمۇ- قارشىلىق ھاسىل قىلماس؟**

**تۇرسۇن مەھمۇد:** بىزدە ئۆزگەرتمىسە، يېڭىلىمىسا بولمايدىغان نۇرغۇن قالاق ئادەتلەر، كۆز قاراشلار، زامانغا ماسلاشمايدىغان، تەرەققىياتىمىزغا، ئىلگىرىلىشىمىزگە، مەۋجۇتلۇقىمىزغا سەلبىي تەسىرلەرنى بېرىدىغان خۇي- پەيلىمىز ھەم تەپەككۇر شەكىللىرىمىز نۇرغۇن، مۇشۇ خىل روھىي ئاسارەتلەر بىزنى راۋان يولدىمۇ راۋان ماڭالمايدىغان، بۈگۈنكى ئازادە دۇنيادىمۇ پۈتلىشىپ يىقىلىپ يۈرىدىغان پېشكەللىكلەرگە مۇپتىلا قىلىدۇ، شۇڭا ئۆزىمىزدە بار ئىللەتلەرنى ئۆزگەرتىشىمىز، تۈزۈشىمىز كېرەك، بۇنىڭغا ئەلۋەتتە جاسارەت، غەيرەت شىجائەت، ئەقىل- پاراسەت كېتىدۇ، مۇشۇ نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش مۇددىئاسىدا بۇ ئەسەرنى يازدىم.

**ھەببۇللا مىجىت: سىز ئادەتتە ئەسەرلىرىڭىزنىڭ ئىدىيەسىنى يوشۇرۇن ئىپادىلەشكە ئەھمىيەت بېرەتتىڭىز، لېكىن «يولۋاس ئۆلتۈرگەن ئەزىمەت ۋە كىر يۇيۇۋاتقان ئەر»دە ئىدىيە بىر قەدەر ئاشكارا ئىپادىلەنگەندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم، بۇ سىزنىڭ ئەدەبىي ئۇسلۇبىڭىزنىڭ ئۆزگىرىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەمدۇ؟**

**تۇرسۇن مەھمۇد:** بىر يازغۇچىنىڭ مۇئەييەن ئۇسلۇبى ھەم خاسلىقى بولغىنىغا ئوخشاش ھەر بىر ئەسەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بولىدۇ، «يولۋاس ئۆلتۈرگەن ئەزىمەت ۋە كىر يۇيۇۋاتقان ئەر» ناملىق ھېكايىنىڭ سىز دېگەندەك ئاددىي ئۇسلۇبتا يېزىلىشى مۇشۇ ئەسەردىكى ۋەقەلىك ھەم باشقا تەرەپلەر سەۋەبىدىن بەلگىلەنگەن. ئادەتتە ئەسەرنىڭ بەدىئىي شەكلى شۇ ئەسەرنىڭ ئاساسىي ئىدىيەۋى يۆنىلىشى ھەم خاھىشى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. بۇ ھېكايىنىڭ مۇشۇ خىل ئۇسلۇبتا يېزىلىشى مېنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەسەرلىرىمنىڭ ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن دېرەك بەرمەيدۇ.

**ھەببۇللا مىجىت: ئەسەرلىرىڭىزدىن ئەنئەنىۋى ئەخلاقىمىزنى ھىمايە قىلىشقا ۋە ئىنسان قەلبىدىكى گۈزەللىك، سەمىمىلىك، ئېزگۈلۈك، ۋاپادارلىققا ئوخشاش مەنىۋى پەزىلەتلەرنى ساقلاپ قېلىشقا بولغان كۈچلۈك تەلپۈنۈشنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ. مەدەنىيەتلەر بىر- بىرىگە ئۈزلۈكسىز تەسىر كۆرسىتىۋاتقان ۋە ئالمىشىۋاتقان ھازىرقى دەۋردە، ئەخلاق مەسىلىرى ھەققىدە چۇقان سېلىش، سىزچە قانداق ئەھمىيەتكە ئىگە؟**

**تۇرسۇن مەھمۇد:** مەيلى قايسى دەۋردە، قايسى خىل ئەدەبىيات بولسۇن ئاپتورنىڭ دۇنيا قارىشى، كىشىلىك قارىشى ۋە باشقا نۇرغۇن سەۋەبلەرگە كۆرە شەكىللەنىدىغان ۋەزىپىسى بولىدۇ، ھەر بىر قەلەم ئىگىسىنىڭ بۇ جەھەتتىكى چۈشەنچىسى ھەم قارىشىمۇ پەرقلىق بولىدۇ، مېنىڭچە ئىنسانغا گۈزەللىك روھى بېغىشلاش، ئىنسانغا گۈزەل مەنزىللەردىن بىشارەت بېرىش، كىشىلىك ھاياتنىڭ يورۇق ساھەللىرىنىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكىنى ئىزدەش، كىشىلىكتىكى تۈرلۈك ئەخلاقىي چىركىنلىكلەرنىڭ بەشىرىيسىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق ئادەملەرنى ئاگاھ ھەم سەگەك بولۇشقا ئۈندەش ئەدەبىياتنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى. مۇشۇ جەھەتتىن ئويلىغاندا ئەدەبىيات ئادەملەرنىڭ روھىدا، ۋۇجۇدىدا مەۋجۇت بولۇۋاتقان گۈزەللىك بىلەن رەزىللىككە ئەينەك بولۇپ بۇلارنى ئادەملەرنىڭ ئۆزلىرىگە كۆرسىتىشى، ئىنساندىكى گۈزەللىك، ئىنساب، ھەققانىيلىقتىن يارالغان چىرايلىق دۇنيانىمۇ، رەزىللىكلەردىن كېلىپ چىققان تىراگېدىيەلەرنىمۇ نامايان قىلىپ، ھاياتنىڭ تېخىمۇ ساغلام، بەردەم، چىرايلىق داۋاملىشىشىغا بولغان سەممىيەتنى ھەم كۈچلۈك تەرغىباتىنى بەدىئىي يول بىلەن روياپقا چىقىرىشى لازىم. مۇشۇ مەسىلەرنى نەزەردە تۇتۇپ ئەخلاقىي گۈزەللىكنى، ئەخلاقىي تىراگېدىيەلەرنى كۆپرەك تىلغا ئالدىم.

**ھەببۇللا مىجىت: سىزنىڭچە يازغۇچى مەلۇم مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەكمۇ؟ ئەگەر شۇنداق دېيىلسە، يازغۇچىنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگىنى نېمە؟**

**تۇرسۇن مەھمۇد:** گەپنى ئۇدۇل دېگەندە يېزىقچىلىقنىڭ ئۆزىلا بىر مەسئۇلىيەت، يازغۇچى جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان كەسپىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئەلۋەتتە مەلۇم مەسئۇلىيەتلەرنى ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ. ئەدەبىيات زورمۇزور پەيدا بولغان نەرسە ئەمەس، ئۇنىڭ شەكىللىنىشى ھەم بۈگۈنكى مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ زۆرۈر ئېھتىياجنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ ھەم ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇش زۆرۈرىيىتى بىزگە ئەدەبىياتنىڭ ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك

www.uyghurkitap.com

بولغان مەسئۇلىيىتىنى دەپ بىلىمەن. ئەدەبىيات بۈگۈنكى
ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى ھاياتىدا ساقلىنىۋاتقان كېسەللەرگە
توغرا دىياگنوز قويۇشى، بۇ كېسەللەردىن ساقلىنىشى، داۋا-
لاشنىڭ ئۇسۇللىرى ھەققىدە باش قاتۇرۇشى كېرەك، ئە-
دەبىيات ئىنسانلار ئارىسىدىكى گۈزەللىك، ياخشىلىق،
ھەققانىيلىق دېگەندەك گۈزەل پەزىلەتلەرگە ياندىشىشى
ھەم ۋاقتى كەلگەندە ئۇنىڭغا ھامىي بولۇشى لازىم بولىدۇ،
ئەدەبىيات يەنە مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ گۈزەل دۇردانىلىرىنى
ئۆزىگە خاس يول بىلەن تېخىمۇ نۇرلاندۇرۇشى، خەلق
ھاياتىدىكى ئۇلۇغۋار ئۆزگىرىشلەرنى، ئۆرلەش ھەم چۆ-
كۈشلەرنى يورۇتۇشى، خەلقنىڭ بۈگۈنكى ھالىنى، ئەتىكى
ئىقبالىنى ئۆزىگە بىلدۈرۈشى كېرەك، يازغۇچىنىڭ مەسئۇ-
لىيىتى بىلەن ئەدەبىياتنىڭ مەسئۇلىيىتى ماھىيەتتە بىردەك.

**ھەبىبۇللا مىجىت: «گۇگۇم» ناملىق رومانىڭىزغا
قارىتا ئەدەبىي تەنقىدچى ئەنۋەر ھوشۇر تەنقىدىي كۆز
قارىشىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويدى، بەزى يازغۇچىلار
ئەسەرلىرىگە تەنقىدىي ماقالىلەر ئېلان قىلىنسا يەڭ شى-
مايلاپ ئۆزى ئوتتۇرىغا چۈشىدىغان ئىشلار بۇرۇنمۇ
بولغان ھەم ھازىرمۇ بولۇۋاتىدۇ، لېكىن سىز ئىزچىل
سۈكۈت قىلىش تەرەپدارى بولدىڭىز، بۇ سىزنىڭ
قاراپ بېقىش تەرەپدارى بولغىنىڭىزدىن دېرەك بېرەم-
دۇ ياكى ئېتىراپ قىلغىنىڭىزنى بىلدۈرەمدۇ؟**

تۇرسۇن مەھمۇد: بىر ئەسەرگە نىسبەتەن ھەر ئا-
دەمنىڭ ھەر تۈرلۈك كۆز قارىشى ھەم پىكرى بولىدۇ،
«گۇگۇم» رومانى ھەققىدە بىر نەچچە پارچە ئوبزور يې-
زىلدى، بۇ ئوبزورلارنىڭ كۆزىتىش نۇقتىسى، باھالاش
ئۆلچىمى ئوخشىمىغاچقا ئەسەرگە بېرىلگەن باھامۇ پەرق
قىلىدۇ. ئەنۋەر ھوشۇر كۆزگە كۆرۈنگەن ئوبزورچى،
ئۇنىڭ تەنقىد ماقالىسىنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقتىم، تەن-
قىدكە لايىق تەرەپلەر يوق ئىدى دەپ قارىمايمەن، مەيلى
رومان، مەيلى ھېكايە ياكى پوۋېست بولسۇن ھەر بىر ياز-
غۇچىنىڭ، ھەر بىر كىتابخاننىڭ ھەم ھەر بىر ئوبزورچىنىڭ
چۈشەنچىسى ئوخشاپ كەتمەيدۇ، مۇشۇ نۇقتىدىن ئەنۋەر
ھوشۇرنىڭ كۆز قارىشىنى بىر ئوبزورچىنىڭ كۆز قارىشى،
باھاسى دەپ قارايمەن ھەم رومان ھەققىدىكى بۇ تەنقىدكە
شۇنداقلا مۇشۇ خىل تەنقىدلەرگە ئەستايىدىل مۇئامىلە
قىلىمەن، بۇ مېنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىجادىيىتىمگە نىسبە-
تەن ھوشيار ھەم مەسئۇلىيەتچان بولۇشۇم كېرەكلىكىگە بې-
شارەت.

**ھەبىبۇللا مىجىت: سىزنى «ئاڭ ئېقىمى» ئۇسلۇبى-
دىكى يازغۇچى دەپ ئاتاشقا قوشۇلامسىز؟**

تۇرسۇن مەھمۇد: ئالىي مەكتەپنىڭ ئاخىرقى يىللى-
رىدا مودېرنىزم ئەدەبىياتى ھەم ئۇنىڭ ئېقىملىرى ھەققىدە
ئىپتىدائىي چۈشەنچىگە ئىگە بولغىنىمىزنى دېمىگەندە
مېنىڭ مودېرنىزم ئەدەبىياتى، ئاڭ ئېقىمى توغرىسىدىكى
چۈشەنچەم بەكلا تېيىز، بىر قىسىم باھالاردا مېنىڭ يازمىلى-
رىمدا شۇ خىل ئېقىملارنىڭ ئېلېمېنتلىرى بارلىقى تىلغا ئېلى-
نىپ قالىدۇ، ئاڭ ئېقىمى ھەققىدە ئۆزۈمنىڭ تولۇق چۈ-
شەنچەم بولمىغان ئەھۋالدا ئۆزۈمنى شۇ ئېقىمدىكى يازغۇ-
چى دېيىشىم مۇۋاپىق بولمايدۇ. يازغانلىرىمنىڭ شۇ ئېقىم-
دىكى ئەسەرلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىدە ئىپادىلىشى بايا
دېگەندەك ئاڭ ئېقىمى ھەققىدىكى دەسلەپكى چۈشەنچە-
لەرنى سىناپ باققانلىقىمدىن، ئاڭ ئېقىمىغا تەۋە دەپ قارال-
غان بىر قىسىم ئەسەرلەرنى ئوقۇپ، تەسىرىنى قوبۇل قىل-
غانلىقىمدىن بولۇشى مۇمكىن.

**ھەبىبۇللا مىجىت: سىز ئەسەرلىرىڭىز ئارقىلىق
قانداق بەدىئىي غايىگە يەتمەكچى؟**

تۇرسۇن مەھمۇد: يېزىقچىلىققا كىرىشىپ قالدىم؛
تىنچ-ئامانلىق بولسا بۇ يولدا ئۇزاققىچە مېڭىپ قالارمەن،
يازغان ئەسەرلىرىم ھاياتقا بولغان پوزىتسىيەم، تۇرمۇشقا
بولغان باھايىم، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ كەلگۈسى ھەم بۈگۈ-
نى ھەققىدىكى پىكىرلىرىمنىڭ مۇجەسسەمى. مېنىڭچە
ئۇيغۇر يازغۇچىسىغا نىسبەتەن بىر ئەسەرنىڭ تىلى ئۇيغۇر
تىلىنىڭ چىرايلىق، كىشىنىڭ يۈرىكىنى چېكەلەيدىغان گۈ-
زەللىكىنى نامايان قىلسا، ئادەمنى ئويغا سالىدىغان پەلسە-
پىۋى پىكىر بولسا، كىشىلىك ھايات يولىدىكى خەتەرلىك
ھاڭلاردىن ساقلايدىغان ئىدىيە چاقناپ تۇرسا، ئوقۇغان
ئادەمنى مۇلاھىزىگە، پىكىر قىلىشقا يېتەكلىسە، كىشىلەر
قەلبىدە ئۈمىد، ئىشەنچ ئويغىتالىسا، گۈزەللىك تۇيغۇسى
قوزغىيالىسا بۇنداق ئەسەر مېنىڭ نەزەرىمدىكى بەدىئىي
غايىگە مۇۋاپىق ئەسەر بولىدۇ.

**ھەبىبۇللا مىجىت: 1989-يىلى تۇنجى ھېكايىڭىز-
نى ئېلان قىلغاندىن باشلاپ ئادەملەرنىڭ قەلب دۇنيا-
سىنى قېزىش، روھىيەت پسىخىكىسىغا ئىچكىرىلەپ**

www.uyghurkitap.com

**كىرىش يوللىرى ئۈستىدە توختاۋسىز ئىزدەندىڭىز، ئەينى چاغدا ئەدەبىياتىمىزدا بۇ خىل ئەسەرلەر يوقنىڭ ئورنىدا ئىدى، شۇڭا سىزنىڭ ئەسەرلىرىڭىزگە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، «كروران»، «تەقدىرداش» قاتارلىق ساناقلىقلا ژۇرناللار قۇچىقىنى ئاچقانىدى، ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەتبۇئاتلار ئەسەرلىرىڭىزنى تالىشىپ تۇرۇپ ئېلان قىلىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى، سىز بۇ خىل ئۇسلۇبنى نەدىن قوبۇل قىلدىڭىز؟**

**تۇرسۇن مەھمۇد:** ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىگە يارىشا ئالاھىدىلىكى ھەم كەمچىلىكى بولىدۇ، شۇ نۇقتىدىن قارىغاندا 80 ـ يىللاردىكى ئەدەبىيات نىسبەتەن قېلىپلاشقان ئەدەبىيات ئىدى، ئاز بىر قىسىم مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا كۆپلىرىدە بەدىئىي جەھەتتىكى نابابلىقى سەۋەبىدىن كىشىنى جەلپ قىلىش كۈچى تۆۋەن ئىدى. بۇ خىل بىر خىللىق، قېلىپبازلىق، بۇرۇقتۇملۇق ئەدەبىياتنى زېرىككەرلىك قىلىپ قويغانىدەك ئىدى، بۇنىمۇ شۇ زامانغا نىسبەتەن چۈشىنىشكە بولىدۇ، مەيلى پروزىدا بولسۇن، مەيلى شېئىردا بولسۇن بىر خىللىق، تۇرغۇنلۇق، تەكرارلىق ئېغىر ئىدى، بۇ خىل ھالەت ھەممەيلەنگە ئەدەبىياتتا يېڭى يول تېپىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدۇرۇۋاتقاندا يېڭىچە شېئىرىيەت، يېڭىچە پروزا ھەققىدىكى دەسلەپكى چۈشەنچە، ئۇچۇرلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى، تەدرىجىي كۈچىيىپ، چوقان كۆتۈرۈش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى، بارلىق ئەنئەنىۋى ئەسەرلەرنى ئەھمىيەتسىز نەرسىلەر دەپ قارايدىغان كۆز قاراشلارمۇ پەيدا بولدى. ئەدەبىياتتا كۆپ قۇتۇپلۇق ھالەت شەكىللەندى. مۇشۇ قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە، يېڭىچە ئەدەبىيات ئېقىملىرى ھەم شەكىللىرى نۇرغۇن ياشلارنى ئۆزىگە تارتتى، سىناپ بېقىشقا ئۈندىدى، گېزىت ـ ژۇرناللاردا يېڭىچە ئۇسلۇبتىكى ئەسەرلەرگە ئورۇن بېرىلدى، كېرىمجان ئابدۇرېھىم قاتارلىق ئۇستازلار بىزنى نۇرغۇن ئۇچۇرلاردىن بەھرىمەن قىلاتتى، يېتەكلەيتتى. شۇنداق قىلىپ يېزىقچىلىقتا يېڭىچە ئىپادىلەش، يېڭىچە تەسۋىرلەشنى سىناپ بېقىشقا باشلىدۇق، شۇنىڭدىن باشلاپ ھازىرغىچە مۇشۇ يولدا ئىزدىنىپ كېلىۋاتىمەن. مەنىۋى دۇنيانى يېزىش ئەسەرلىرىمدە ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى، بۇ بىر خىل ئۇسلۇب بولۇپلا قالماي بىر خىل مەسئۇلىيەت. چۈنكى، ئەدەبىياتنىڭ ئوبيېكتى ئىنسان، ئىنساننىڭ ماھىيىتى مەنىۋىيەتتە، روھىي دۇنيادا، ئەلۋەتتە ھەر بىر يازغۇچىنىڭ تۇتقان يولى ئوخشىمايدۇ، بەزى قەلەمداشلىرىمىز تۇرمۇشتىكى جانلىق، تەسىرلىك ۋەقەلەرنى ئېسىل بەدىئىي شەكىل بىلەن يېزىپ چىقىپ يۇقىرى بەدىئىي ئۈنۈم ياراتتى، ئەسەرلىرىمىزدە پۈتۈنلەي ۋەقە يېزىلىدىغان ياكى پۈتۈنلەي مەنىۋى ھالەت يېزىلىدىغان ئەھۋالمۇ بولمايدۇ، بىر ـ بىرىگە كىرىشىپ كېتىدۇ، پەقەت ئوخشىمىغان ئەسەرلەردە سالمىقى ئوخشىمايدۇ. مەنىۋىيەتنى يېزىش بىلەن ۋەقەلەرنى تەسىرلىك بايان قىلىشنى بىرلەشتۈرەلىسەك تېخىمۇ ياخشى بولاتتى.

**ھەبىبۇللا مىجىت: سىزنىڭچە ئەدەبىي ئەسەرلەر ئوقۇرمەنلەرنىڭ سەۋىيەسىگە ئۇيغۇنلىشىشى كېرەكمۇ ياكى يازغۇچى ئوقۇرمەنلەرنى يېتەكلىشى زۆرۈرمۇ؟**

**تۇرسۇن مەھمۇد:** ئوقۇرمەن بىلەن ئەدەبىي ئەسەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ مۇھىملىقى ھەممىگە ئايان، ئوقۇرمەنسىز قالغان ئەسەرنىڭ قىممىتى، ئەھمىيىتى بولمايدۇ، ئەمما بۇ يەردە مۇنداق بىر مەسىلىگە دىققەت قىلىش زۆرۈر، ھەممىدە كىتابخانلارنى ئاساس قىلىش، كىتابخانلارنىڭ سەۋىيەسىنى چىقىش قىلىۋېلىش ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىلا ئەمەس، كىتابخانلارنىڭ بەدىئىي ئەسەرلەرنى چۈشىنىش ساپاسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگىمۇ زىيانلىق، كىتابخانلار تامامەن چۈشىنەلمەيدىغان ئەسەرمۇ رولىنى جارى قىلدۇرالمايدۇ، ئەدەبىيات ھەر جەھەتتىن ئوقۇرمەننى يېتەكلەپ مېڭىشى كېرەك. ئوقۇرمەنلەر قاتلىمىمۇ بىر مەسىلە، يۇقىرى بەدىئىي تەپەككۇرغا ئىگە كىتابخانلار قاتلىمى بىلەن ھۇزۇرلىنىش تېپىدىكى ئوقۇرمەنلەر قاتلىمىنىمۇ نەزەرگە ئېلىش كېرەك بولىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئوقۇرمەن ھەم يازغۇچى، شائىرلار ئارىسىدا تەبىئىي يوسۇندا مۇۋازىنەت شەكىللىنىدۇ. ھەر يازغۇچىنىڭ كىتابخانى بولىدۇ، ھەر كىتابخاننىڭ يازغۇچىسى بولىدۇ، يازغۇچى بىلەن كىتابخان ئارىسىدىكى تەبىئىي تەڭپۇڭلۇق ئارىسىدا ئىزچىل يۇقىرى ئۆرلەيدىغان، ئەسەرنىڭ بەدىئىي قىممىتى ۋە ئوقۇرمەننىڭ چۈشىنىش ئىقتىدارى تەدرىجىي يۇقىرى كۆتۈرۈلىدىغان ئىچكى ئېنېرگىيەنىڭ بولۇشى ھەممىدىن مۇھىم.

**ھەبىبۇللا مىجىت: ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ**

**ھازىرقى تەرەققىيات ئەھۋالىدىن رازىمۇسىز؟**

**تۇرسۇن مەھمۇد:** ئۇبزورچىلىقىمىز دېگەندەك تەرەققىي قىلالمايۋاتىدۇ، ئۇبزورچىلار قوشۇنى شەكىللىنىپ بولالمىدى، ئۇبزورچىلار ھە دېسە ئۇبزورغا توغرا مۇئامىلە قىلىنمىدى، دەپ قاقشايدىغان، يازغۇچىلار ئەسەرلىرىنى كالتەكلەپتۇ، دەپ ۋايسايدىغان تەنتەكلەرچە كەيپىيات ئۇزاقتىن بېرى مەۋجۇت، بىر ئۇبزورچى بىر ئەسەرنى تەنقىدلىسە بۇ ئەمەلىيەتتە ياخشى ئىش، بۇ خۇددى خالىس دوختۇر سالامەتلىكنى ھەقسىز تەكشۈرۈپ، رېتسېپ يېزىپ بەرگەندەك گەپ، ئەمما بىر قىسىم يازغۇچىلار بۇنى پالانى مېنى تىللاپتۇ، چاۋامنى چىتقا يېيىپتۇ، دەپ چۈشىنىۋالىدىغان ئىشلار بار، بىرەر يازغۇچى مۇشۇ توغرىدا ئازراقلا چالۋاقاپ قويسا ئۇبزورچىلار ئارىسىدىمۇ بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىز تەنقىد كۆتۈرەلمەيدۇ، دەپ باتنايدىغان ئەھۋاللار بار، بىر قارىسا بۇ خۇددى كىچىك بالىنىڭ ئويۇنغا ئوخشاپ قالغاندەك، ئەدەبىيات مەسىلىلىرىنى سەن ياخشى، مەن ياخشى دەپلا ئۆتكۈزۈۋەتكىلى بولمايدۇ، تەنقىدلەشكە تېگىشلىكلىرىنى جەزمەن تەنقىدلەش كېرەك. ئەدەبىياتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئۇبزورچىلىق يېتەكچى بولۇشى كېرەك. ئۇبزورچىلاردا ساقلىنىۋاتقان بەزى مەسىلىلەرمۇ بار، ئېتىراپ قىلايلى قىلمايلى، ئەدەبىيات ھەر جەھەتتىن توختاۋسىز ئىلگىرىلەۋاتىدۇ، ئەدەبىياتنىڭ ئىلگىرىلىشىگە تەڭ قەدەمدە ماسلىشىش ھەتتا چۈشىنىش ھەم يۆنىلىشنى ئىگىلەش نۇقتىسىدىن ئۇبزورچىلىق نەچچە قەدەم ئىلگىرى مېڭىشى لازىم ئىدى. 2010-يىلنىڭ ئەسەرلىرىنى 1990-يىللاردىكى ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ۋە ئۆلچىمى بويىچە تەنقىد قىلىدىغان، زاماننىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ۋاقتى ئۆتكەن ئۆلچەم قېلىپلار بىلەن ئەسەر باھالايدىغان ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت، مۇنداقچە دېگەندە كىيىم ئادەمگە قاراپ بولىدۇ، كىيىمگە قاراپ ئادەم بول، دېسە بۇ قاملاشمايدۇ. ئەلۋەتتە ۋاقىتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن، يىللارسىرى تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىپ ماڭىدىغان كلاسسىك نەزەرىيەلەرنى چەتكە قاقمايمىز، دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئەدەبىيات ئۆزگىرىدۇ، بۇنىڭغا يارىشا كونكرېت ئۆلچەم، نەزەرىيەلەرمۇ ئۆزگىرىدۇ، مۇشۇ نۇقتىدىن ئۇبزورچىلارنىڭ يېڭى كۆز قاراشلار بىلەن ئۆزىنى قوراللاندۇرۇشى بەكلا مۇھىم، بىزدە مۇشۇنداق يۇقىرى ساپادىكى ئوبزورچىلارنىڭ سانى ئاز بولۇۋاتىدۇ. يەنە بىر مەسىلە شۇكى، تەنقىدچىلەر تەنقىدلەپلا قالماي، تەنقىدلىنىپ تۇرۇشى ھەم تەنقىد كۆتۈرەلەيدىغان بولۇشىمۇ لازىم.

**ھەبىبۇللا مىجىت: ئەسەرلىرىڭىز ئاساسەن بىرىنچى شەخس ئۇسۇلىدا يېزىلغان بىلەن پېرسوناژلارنىڭ بۆلۈنۈشى ۋە بايانچى تىلنىڭ ئالمىشىشى ئىنتايىن تېز، شۇڭا سەللا بىخۇدلۇق قىلىنسا ئوقۇرمەنلەردە ئوڭايلا قايمۇقۇش كېلىپ چىقىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىڭىزدىن زوقلىنىشىغا مەلۇم پاسسىپ تەسىرلەرنى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. دېمەكچى بولغىنىم، سىز بۇ خىل تېز ئۆزگىرىشلەرنى بىر پارچە ئەسىرىڭىزدە قانداق بىر تەرەپ قىلىسىز ياكى ئەسەرنى يېزىشتىن بۇرۇن ئەسەرنىڭ پۈتۈن قۇرۇلمىسىنى كاللىڭىزدا پىشۇرۇۋالامسىز؟**

**تۇرسۇن مەھمۇد:** بايانچى تىلنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشى ئەسەردىكى ئاساسىي لىنىيەنىڭ ئۆزگىرىشى ھەم ئەسەرنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسىنىڭ ئېھتىياجى سەۋەبىدىن ئۆزگىرىپ بارىدۇ، بۇ ئەركىن ئىپادىلەش، ئەركىن يېزىش ئۇسۇلىدىن كېلىپ چىققان بولسا كېرەك. ئادەتتە ئەسەر ھەققىدە دەسلەپكى قۇرۇلمىنى تېز يېزىۋالىمەن، ئەسەرلىرىمنىڭ بەزىلىرى مەن دەسلەپ ئويلىغان دائىرىدىن چىقىپ كېتىدۇ. تۈزىتىشكە بەك كۆچەيمەن، بىر ھەپتىدە يېزىپ چىققان ئەسىرىمنى نەچچە ئايلاپ تۈزىتىمەن.

**ھەبىبۇللا مىجىت: بىر قىسىم يازغۇچىلىرىمىز نەزەرىيەنى كېرەك قىلماسلىق تەرەپدارىدۇر. ئەمەلىيەتتە ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئەدەبىي ئىجادىيەتكە نىسبەتەن تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. سىزمۇ «نەزەرىيەنى كېرەك قىلماسلىق» تەرەپدارىمۇ؟**

**تۇرسۇن مەھمۇد:** «نەزەرىيەنى كېرەك قىلماسلىق»قا بولمايدۇ، نەزەرىيە مۇھىم، ئۇ ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتى، ئەمەلىي يېزىقچىلىق ۋە ئەدەبىياتنى چۈشىنىشكە، ئەدەبىياتنىڭ توغرا يۆنىلىشتە ئىلگىرىلىشىدە مایاكلىق رول ئوينايدۇ. نەزەرىيە بىلمەيدىغان، نەزەرىيە ئۆگىنىشكە كۆڭۈل بۆلمەيدىغان يازغۇچى ئەمەلىيەتتە يىلتىزى ئاجىزلاشقان دەرەخكە ئوخشاپ قالىدۇ، ئەمما نەزەرىيەگە قارا قويۇق ئېسىلىۋېلىشقىمۇ بولمايدۇ، ئەدەبىياتتا نەزەرىيە كۆپ. قانداق نەزەرىيەنى ئۆگىنىش، قانداق نەزەرىيەنى

تەتبىقلاش، نەزەرىيە بىلەن ئىجادىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى
قانداق بىر تەرەپ قىلىش، نەزەرىيە بىلەن ئىجادىيەت ئە-
مەلىيىتىنى، رېئاللىق بىلەن نەزەرىيەنىڭ ئارىسىدىكى باغلى-
نىشنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ھالقىلىق مەسىلە. بۇ يەردى-
كى گەپ شۇ يازغۇچىنىڭ ئىجادىيىتىگە كۈچ بېرىدىغان،
ئۈنۈملۈك، توغرا، زامانىۋى، ئىلمىيلىكى كۈچلۈك نەزەرى-
يە بىلەن، قاتمال، ۋاقتى ئۆتكەن، ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن
ئۆتەلمىگەن، دوگما نەزەرىيەلەرنى پەرقلەندۈرۈشتە.

**ھەببۇللا مىجىت: مەن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»-**
**نىڭ 2013 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «قۇياش،**
**پەرىشتە ۋە ئالۋاستى خاتىرىسى» ناملىق ھېكايىڭىزنى**
**خۇددى شېئىر ئوقۇغاندەك تۇيغۇدا ئوقۇپ تۈگەتتىم،**
**بۇ ھېكايىڭىزدا شېئىرىي پۇراق ھەقىقەتەن كۈچلۈك،**
**جۈملىلەرنىڭ تۈزۈلۈشىدىمۇ شېئىرنىڭ بەزى خۇسۇ-**
**سىيەتلىرىنى ھېس قىلغىلى بولىدىكەن، ئادەتتە شېئىر**
**ئوقامسىز؟ ئەگەر ئوقۇسىڭىز ئىجادىيىتىڭىزگە قانداق**
**ياردىمى بولدى؟**

**تۇرسۇن مەھمۇد:** بۇ ھېكايە مېنىڭ 2010 ـ يىلىنىڭ
ئاخىرقى كۈنلىرىدىكى ھاياتىمدىكى ئەڭ ئېچىنىشلىق، ئا-
زابلىق، قايغۇلۇق كۈنلىرىمنىڭ ئازغىنە بەدىئىي خاتىرىسى،
ھەممىسى بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلار، شۇ كۈنلەردە يۈرى-
كىمنى زېدە قىلغان ھەقىقىي تۇيغۇلىرىمنىڭ بايانى. ھېكايى-
دە ماڭا قېرىنداشلىق قولىنى سۇنغان ئابلىمىت ئەمىن ئە-
پەندىنى ئۆز ئىسمى بىلەن يازدىم، باشقا ھەقەمسايىلەر
بىلەن ئۆتكۈزگەن دەملىرىمنى ھەم قىستۇرما قىلدىم.
شېئىر ئوقۇش مېنىڭ دائىملىق ئادىتىم، شېئىر ئوقۇشقا ھې-
رىسمەنلىكىم كۈچلۈك. ياخشى شېئىرلارنى كۆچۈرۈپ قو-
يىدىغان ئادىتىممۇ بار، شېئىر ئوقۇش جەريانىدىكى ماڭا
تەسىر قىلغان شېئىرىي تۇيغۇلار، ھېكايىلىرىمدە بەزى شې-
ئىرىي پۇراقلارنى پەيدا قىلغان بولۇشى مۇمكىن. ئادەتتە
شېئىرنىڭ تىلى رەڭدار، ئاھاڭدار بولىدۇ، شېئىرىي تىلدى-
كى بۇ خىل گۈزەللىك كىشىنى مەھلىيا قىلىدۇ. ھېكايە تىلى
بىلەن شېئىر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بولىدۇ،
مەلۇم زۆرۈرىيەت ياكى ماسلىشىشتىن بۇلار بىر ـ بىرىگە
ئۆتۈشۈپمۇ قالىدۇ، بۇ يەردە شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە
تالانتى ئۇرغۇپ تۇرغان، پىكرى ئۆتكۈر، تىلى گۈزەل،
ئۇيغۇر بەدىئىي تىلىنىڭ بالاغىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان شا-
ئىرلىرىمىزغا سالام بېرىپ ئۆتىمەن. چاڭشادىكى ياتاقتا
ئولتۇرۇپ سوئاللارغا جاۋاب بېرىۋاتقان مۇشۇ دەمدە مەن
شېئىرلىرىنى ئەڭ سۆيۈپ ئوقۇيدىغان، ئۇيغۇر بۈگۈنكى
زامان شېئىرىيىتىنىڭ گىگانتلىرىنىڭ بىرى، دەپ تەرىپلى-
سەك تامامەن ئەرزىيدىغان ئۇستاز ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ
تۈنۈگۈن ۋاپات بولغانلىقىنى (2013 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 18 ـ
كۈنى)، بۈگۈن يەرلىكىگە قويۇلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ يۈرى-
كىم ئېچىشىپ كۆزلىرىمگە ياش كېلىۋاتىدۇ، مەن ئوسمان-
جان ساۋۇت بىلەن يۈزتۇرا كۆرۈشۈپ باقمىغان، ئەمما
ئۇنىڭ مەڭگە باي، لەزىز شېئىرلىرىنى بەكلا ياخشى كۆ-
رەتتىم، ئۇنىڭغا ھاياتلىقىدا سالام بېرىش پۇرستى بولمىغا-
نىكەن، مەتبۇئات يۈزىدە بولسىمۇ ھۆرمىتىمنى بىلدۈرمەكچى-
تىكەنمەن، يۈرىكىم ئېچىشتى، ئوسمانجانكام كەبى شائىرلى-
رىمىز ئامان بولسۇن، ئۇلارغا سالاملار بولسۇن.

**ھەببۇللا مىجىت: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنى-**
**لى خەلقىمىز ئېڭىنىڭ يۈكسىلىشىگە ئاجايىپ تەسىرلەر-**
**نى كۆرسىتىپلا قالماي، پىروزىچىلىقىمىزنىڭ گۈللەپ**
**ياشنىشىدىمۇ زور رول ئوينىدى، سىزنىڭ نۇرغۇن**
**ئېسىل ئەسەرلىرىڭىز مۇشۇ ژۇرنال ئارقىلىق ئوقۇرمەن-**
**لەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنى-**
**لىنىڭ ئىجادىيىتىڭىزنىڭ يۈكسىلىشىدە ئوينىغان رولى**
**ھەققىدە توختىلىپ باقامسىز؟**

**تۇرسۇن مەھمۇد:** «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ئۇيغۇر
نەشر ئەپكارلىرىمىز ئىچىدە ئۇنۇۋېرساللىقى كۈچلۈك
ژۇرنال بولۇش سۈپىتىدە خاس يول تاپقان، يول ئاچقان
ژۇرنال، شۇنداقلا يەنە ئۇ بىر قىسىم ئاپتورلارنىڭ مەكتى-
پى بولغان ژۇرنال، ئەينى يىللاردىكى مۇھەررىرلىرىدىن
زۇنۇن باقى، قۇربان مامۇت ئاكىلارنىڭ، رىسالەت مۇ-
ھەممەد خانىمنىڭ، نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇننىڭ مەسئۇ-
لىيەتچانلىقى بۇ ژۇرنالنى خەلق قەلبىدىكى ژۇرنالغا ئايلاندى-
دۇرۇلۇپلا قالماي يەنە بىر قىسىم قەلەمكەشلەرنىمۇ يېتەك-
لەپ، يېتىشتۈرۈپ چىقتى دەپ قارايمەن، بۇ ژۇرنالنىڭ
تەربىيەسى ئارقىلىق ئىجادىيەتتە ئىلھام ھەم مەدەتكە ئې-
رىشكەن، ئەستايىدىللىقنىڭ ئىجادىيەتتە تولىمۇ زۆرۈرلۈكى-
نى ھېس قىلغان يالغۇز مەنلا ئەمەس، مەلۇم بەدىئىي دىتى
بار ياش كۈچلەرنى ئىز قوغلاپ تەربىيەسىگە ئالىدىغان،
يېتەكلەيدىغان تەھرىرلەرنىڭ بىر مىللەت ئەدەبىياتىدا

www.uyghurkitap.com

بەكلا زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىمەن. بۇ يەردە قۇربان
مامۇت ئاكىنىڭ 1989-يىلى ژۇرنالغا ئەۋەتكەن بىر ئە-
سەرنىڭ ئىزدەك-سورىقىنى قىلىپ 9 يىل ئۆتۈپ يەنى
1998-يىلى ماڭا خەت يازغانلىقىنى، كېيىنكى كۈنلەردە
ئېلان قىلىغان ئەسەرلەر ئىچىدىكى سەللا گۇمانلىق ھەر
بىر سۆز، ھەر بىر جۈملىسى ھەققىدىمۇ ئىرىنمەي تېلېفون
قىلىپ سۆزلەشكەنلىرىنى، ھەر بىر ئۇششاق ھالقىلارغا
دىققەت قىلىپ كەمچىلىكلەرنى كۆرسىتىپ، ئارتۇقچىلىقلار-
نى مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىكلىرىنى دەپ كەلسەم گەپ ئاۋۇپ
قالىدۇ. دۇنيادا يازغۇچى، شائىر تەربىيەلەيدىغان مەكتەپ
يوق، ئەمما بىر تەلەپچان، تاللاش، بايقاش ئىقتىدارىغا
ئىگە مۇھەررىر دەل يازغۇچى، شائىر تەربىيەلەيدىغان
مەكتەپ بولالايدۇ.

**ھەبىبۇللا مىجىت: سىزنىڭچە بىر ئەدىبكە نىسبەتەن**
**ئەڭ زۆرۈر بولغىنى نېمە؟**

تۇرسۇن مەھمۇد: بىر ئەدىبكە نىسبەتەن زۆرۈر
بولغان نەرسىلەر جىق بولىدۇ، توغرا ئەقىدە، تىرىشچان-
لىق، ئىزچىللىق، ئىزچىللىق ئىچىدىكى ئىزدىنىش، ئىزدە-
نىش ئىچىدىكى ئۆزىنى يېڭىلاش، ئۆزىنى يېڭىلاش بىلەن
ئەقىدىدىن تايماسلىق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى
مۇھىم، ئۆگىنىش ۋە شىجائەتنى ئىجادىيەتنىڭ ئىككى قانى-
تى دېيىش مۇمكىن، ئىجادىيەت يېڭىنە بىلەن قۇدۇق قاز-
غاندەك ئىنچىكە ھەم جاپالىق ئىش، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە
مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش نىسبىتى تۆۋەن بولىدۇ، بىز ئادەت-
تە بىرەر رومانىمىز نەشر قىلىنسا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان-
دەك ئويلاردا بولۇپ قالىمىز، بۇ مەلۇم مەنىدىن يەنى
ئاددىي ئۆلچەم نۇقتىسىدىن مۇۋەپپەقىيەت بولۇشى
مۇمكىن، ئەمما يازغان، ئېلان قىلغان شۇ ئەسەرنىڭ تەس-
ىرى قانچىلىك بولدى، ئومۇمىي ئەدەبىيات تەرەققىياتىمىزدا
قانچىلىك ئورۇن تۇتتى، ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا قانچىلىك
تەسىر قوزغىدى، دېگەن نۇقتىلاردىن قارىساق ئۇتۇق قا-
زانمىقىمىزنىڭ قىيىنلىقىنى ھېس قىلىمىز، ھەر جەھەتتىن ئۇ-
تۇقلۇق بىر ئەسەرنى مەيدانغا كەلتۈرۈش بەك كۆپ
بەدەل تەلەپ قىلىدۇ، ئۇتۇقلۇق ئەسەرنى مەيدانغا كەلتۈ-
رۈشتىكى زۆرۈر ئامىللار، يەنى بايا دېگەندەك توغرا ئە-
قىدە، ئىزچىللىق، توختىماي ئىزدىنىش، يېڭىلىق يارىتىش-
تىن ئىبارەت. بۇ يەردە قوشۇپ قويىدىغان يەنە بىر نۇقتا

بار، ئۇ بولسىمۇ يازغۇچى ئەخلاقى. كەمتەرلىك، نام-ئا-
تاققا بېرىلىشتىن ساقلىنىش يازغۇچى ئەخلاقىنىڭ مەركىزد-
ىدە تۇرىدۇ.

**ھەبىبۇللا مىجىت: مېنىڭچە ئەسەرلىرىڭىز ئوقۇر-**
**مەنلەردىن بەلگىلىك ساپا ھازىرلاشنى تەلەپ قىلىدىغان**
**ئەسەرلەر جۈملىسىگە كىرىدۇ. شۇڭا ۋەقەلىك قوغلىشىپ**
**ئەسەر ئوقۇشقا ئادەتلەنگەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەسەرلىرد-**
**ىڭىزدە يارىتىلغان بەدىئىي دۇنياغا ئىچكىرىلەپ كىرمە-**
**كى خېلىلا تەسكە توختايدۇ. ئەسەرلىرىڭىزدە ۋەقەلىك**
**مەركەزلىك ئىپادىلەنمەستىن، ھەرقايسى قاتلاملارغا چې-**
**چىۋېتىلگەن. سىز قولىڭىزغا قەلەم ئېلىشتىن بۇرۇن ئىدد-**
**يەنى بېكىتىۋالامسىز ياكى تەپسىلاتلارنى قانداق ئورۇن-**
**لاشتۇرۇش ئۈستىدە ئويلىشامسىز؟**

تۇرسۇن مەھمۇد: مېنىڭچە بىر ئەسەردە ئىدىيە
بولۇش مۇھىم، بۇ ئىدىيە مۇئەييەن ئۇتۇقتا يەتكەن بەدد-
ئىيلىك ئارقىلىق ئىپادە قىلىنىدۇ. مەلۇم بىر پىكىرنى ئوتتۇ-
رىغا قويۇشتا شۇ پىكىر، ئىدىيەنى ئەدەبىيات يولى بىلەن
ئوتتۇرىغا قويۇشتا زۆرۈر بولغان ۋەقە، پېرسوناژ، قۇرۇل-
ما، بايان شەكلى، رىتىم قاتارلىقلار ھەققىدە مۇلاھىزە قى-
لىشقا توغرا كېلىدۇ. بەزىدە ناھايىتى ئاددىي ۋەقەلەر مېنى
جەلپ قىلىدۇ ۋە شۇ ۋەقەلەرنى تەھلىل قىلىش جەريانىدا
يېڭى پىكىرگە كېلىپ قالىمەن. بەزىلەر ئەسەرلىرىڭدە ۋەقە
يوق، زېرىكىشلىك، دېگەن پىكىرلەرنى ئوچۇق ياكى يو-
شۇرۇن ئوتتۇرىغا قويۇشتى، ۋەقەلىك يوق، دېگەنگە قو-
شۇلۇپ كەتمەيمەن، بىر پارچە ھېكايىدە ۋەقەلىك بولمىسا
ئۇ ھېكايە بولالمايدۇ، بۇ يەردىكى مەسىلە ۋەقەگە نىسبە-
تەن چۈشەنچىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىدا. بەزى ئەسەرلەرگە
نىسبەتەن بىر ئادەمنىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزىنىڭ ئال-
دىغا بېرىپ يەنە قايتىپ جايىغا ئولتۇرۇشىمۇ بىر ۋەقەلىك،
بىر چۈمۈلىنىڭ ئۇۋىسىدىن چىقىپ، بىر ئۆلۈك قۇرتنى ئۇ-
ۋىسىغا سۆرەپ مېڭىشىمۇ بىر ۋەقەلىك، قارىماققا بۇلار
كىشىلىك ھاياتتىكى تايىنى يوق، تېپىك بولمىغان، قىممىتى
يوق ۋەقەلەر بولۇپ تۇيۇلىدۇ، ئەمما بىز بۇلارنى مەلۇم
پىكىر-ئىدىيەلىرىمىزنىڭ، مەلۇم تۇيغۇ-ھېسسىياتلىرىمىز-
نىڭ ئىپادىلىنىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرالىساق بولارمۇ
نۆۋىتىدە ۋەقە بولالايدۇ. بىر ئەسەرنى خاس ۋەقە-ھادد-
ىسىلەرنىڭ تىزمىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشمۇ، ئۆلۈك بايان

بىلەن تولدۇرۇۋېتىشمۇ مۇۋاپىق ئەمەس. بۇ يەردىكى مەسىلە ۋەقە بىلەن ھېكايىنىڭ جەلپكارلىقىنى ئاشۇرىدىغان باشقا تەركىبلەرنى قانداق قىلىپ بىر-بىرىگە چىرايلىق رەۋىشتە جىپسىلاشتۇرۇشتا.

**ھەببۇللا مجىت: ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئىلھامنىڭ رولىغا قانداق قارايسىز؟ ھەممە ئەسەرلىرىڭىزنى قولىڭىزغا قەلەم ئالمىسىڭىز بولمايدىغان كەيپىياتتا كەلگەندە يازدىم دېيەلەمسىز؟**

**تۇرسۇن مەھمۇد:** مېنىچە ئىجادىيەتتە ئىلھامغا سەل قارىغىلى بولمايدۇ، شەخسەن مەن ئىلھامغا تايىنىپراق يازىمەن. ئىلھام بىلەن تېخنىكا ھەم ماھارەتكىمۇ سەل قارىغىلى بولمايدۇ، ئىلھام قوزغاتقۇچ كۈچ، ئۇ كىشىگە مەلۇم بىر مومېنتتا، ئادەتتە يەتكىلى بولمايدىغان ئىجادىيەت كۈچى بېرىدۇ، ئەمما ئىلھامنىڭ كۈچىدىن دەل جايىدا، مۇۋاپىق پايدىلىنىش كېرەك، خاس ئىلھامغا تايىنىپ قېلىشمۇ مۇۋاپىق كەلمەيدۇ، ئىلھامنى مەنبە ھەم قوزغاتقۇچ قىلىپ ماھارەت يېتىلدۈرۈشمۇ مۇھىم.

**ھەببۇللا مجىت: مەن سىزنى توختاۋسىز يېڭى تېمىلار ئۈستىدە ئىزدىنىدىغان، ئۆزىنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى داۋالغۇشلار بىلەن رېئال تۇرمۇشتىن ئالغان تەسىراتلىرىنى ماھىرلىق بىلەن بىرلەشتۈرەلەيدىغان يازغۇچى دەپ قارايمەن، ئادەتتە كۆپ ئويلىنامسىز؟**

**تۇرسۇن مەھمۇد:** بىزنى تۇرمۇشنىڭ تاشقى پوستى ئوراپ تۇرىدۇ، ھەممەيلەن ھەر كۈنى، ھەر سائەت، ھەر قەدەمدە نۇرغۇن ئىشلارغا دوقال كېلىمىز. ھەر سائەت، ھەر مىنۇتتا ھەر تۈرلۈك مەسىلىلەر ھەققىدە خىيال قىلىمىز. ئويلىنىمىز، ياخشى-يامان ئىشلارغا قارىتا ئۇنداق ياكى مۇنداق پوزىتسىيەدە بولۇپ تۇرىمىز، ھاياتتىكى نۇرغۇن ئىشلار بىزنى پىكىر قىلىشقا، ئويلىنىشقا ئۈندەيدۇ، ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى، توغرا تەرىپىنى، توغرا يۆنىلىشنى تېپىپ چىقىشقا قىستايدۇ، تۈزۈلۈش بىلەن بۇزۇلۇش ئالمىشىپ تۇرىدۇ، دېمەك بىز پىكىر قىلىشتىن نېرى بولالمايمىز، تەپەككۇرىمىز ھەرقاچان ھەرىكەتتە بولىدۇ. مەن پەقەت مەن ھەم ماڭا ئوخشايدىغان ئادەملەرنىڭ، ئادەملەر توپىنىڭ خىياللىرىنى ئوي-پىكىرلىرىنى خاتىرىلىگۈچى، شۇ خىياللار، پىكىرلەر ھەققىدە مۇلاھىزە قىلغۇچى ھەم بۇلارنى مۇئەييەن بەدىئىي شەكىلگە كىرگۈزۈپ يەنە شۇ پىكىرلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرغۇچى بولۇشۇم مۇمكىن.

**ھەببۇللا مجىت: بىر پارچە ئەسىرىڭىزنى يېزىشتىن بۇرۇن قانداق روھىي كەيپىياتتا بولىسىز؟ يېزىۋاتقاندىچۇ؟**

**تۇرسۇن مەھمۇد:** ئۇشتۇمتۇت يادىمغا يەتكەن پىكىر، ۋەقە تەپسىلاتلىرى، دىيالوگلارنى دەرھال خاتىرىلىۋالىمەن، كېچىكسەملا پاك-پاكىز ئۇنتۇپ كېتىمەن، شۇڭا يېزىقچىلىققا كىرىشىشكە جىددىي قارايمەن، يېزىش پەيتى كەلگەندە جىددىي بولىمەن، دەسلەپكى ئارگىنالدا سۆز-جۈملىلەرنىڭ ئۆلچەملىك بولۇشىغا ئانچە ئېتىبار قىلىپ كەتمەيمەن، تۈزىتىشكە كىرىشكەندە ئازادە كەيپىياتتا ھەر بىر سۆز، ھەر بىر جۈملىنىڭ توغرا، راۋان بولۇشىغا، ئاساسىي مەۋقەگە مايىللاشقان بولۇشىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىمەن.

**ھەببۇللا مجىت: ئەسەرلىرىڭىزدە بەزى جۈملىلەرنىڭ تەكرارلىنىشى كۆپ ئۇچرايدۇ، بۇنىڭدا ئاساسلىقى نېمىنى كۆزدە تۇتىسىز؟**

**تۇرسۇن مەھمۇد:** بەزى جۈملىلەرنى، بەزى ئابزاسلارنى تەكرار ئىشلەتتىم، بۇ ئەسەرنىڭ بەدىئىي ئېھتىياجىدىن بولۇپلا قالماي، يەنە كىتابخانلارنىڭ مەلۇم بىر نۇقتىغا بولغان دىققىتىنى تارتىش، ئەسەرنىڭ ئاساسىي مەۋقەسىنى كۈچەيتىش قاتارلىق جەھەتلەرنى نەزەردە تۇتۇپ تەكرار جۈملە، تەكرار ئابزاسلارنى ئىشلىتىمەن.

**ھەببۇللا مجىت: سىز پىروزىچىلىقىمىزنىڭ ھەممە تۈرلىرىدە ئۆزىڭىزنى سىناپ كۆردىڭىز، ئۆزىڭىزنى قايسى تۈردە بەكرەك مۇۋەپپەقىيەت قازاندىم دەپ قارايسىز؟**

**تۇرسۇن مەھمۇد:** مەن يەنىلا ھېكايە يازغۇچى بوپ قېلىشىم مۇمكىن، ئەلۋەتتە بەزى تېمىلارنىڭ ئېھتىياجىدىن رومان، پوۋېستلارنى يازدىم، مەيلى رومان بولسۇن ياكى پوۋېست بولسۇن تېگىدىن ئالغاندا ئۇ يەنىلا ھېكايىنىڭ ئوخشىمىغان ھەجىم ھەم شەكىلدىكىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەدەبىيات تەتقىقاتى ھەم نەزەرىيەسىدە رومان ھەم پوۋېستقا ناھايىتى چىڭ ھەم قاتتىق تەلەپلەر قويۇلىدۇ، بۇلارنى قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ، شۇنداقتىمۇ رومان، پوۋېستلارنىڭ ھېكايە خاراكتېرى ئۆزگەرمەيدۇ. پەقەت ئۇنىڭ ھەجمى ۋە باشقا جەھەتتىكى تەلەپلىرىدە پەرق بار. ھېكايە مېنىڭ ئىجا-

دىيىشمەدە ئاساسىي ئورۇندا تۇردى ھەم باشقا تۈرلەرگە قارىغاندا ئۈتۈقلۇقراق بولدى، دەپ قارايمەن.

**ھەببۇللا مىجىت: سىزنىڭچە بىر پارچە ئەسەرنى ئۆلمەسلىكنىڭ «يول خېتى»غا ئېرىشتۈرىدىغىنى نېمە؟**

**تۇرسۇن مەھمۇد:** بىر پارچە ئەسەرنىڭ خەلقنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىشى، ئۇزاقتىن ئۇزاق ئەل ئارىسىدا تارقىلىشى ۋە سۆيۈپ ئوقۇلۇشى شۇ ئەسەرنىڭ «ئۆلمەسلىك» شەرىپىگە ئېرىشكەنلىكىنىڭ بەلگىلىرى بولۇشى مۇمكىن. مېنىڭچە بۇنداق ئەسەرلەردە مەلۇم دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكى جانلىق ھەم تەسىرلىك يورۇتۇپ بېرىلىدۇ، كىشى قەلبىدىن ئاسانلىقچە ئۆچمەيدىغان، خۇددى ئەتراپىمىزدا كۈندە كۆرۈپ تۇرىدىغان ئادەملەر كەبى پېرسوناژلار ئوبرازى بولىدۇ، خەلقنىڭ يۈرەك ساداسىغا جور بولغان بولىدۇ، تىلى ھەم بەدىئىي قۇرۇلمىسى ناھايىتى جەلبكار بولىدۇ، ئۆزگىچە تەپەككۇر، خەلق تەشنا بولۇۋاتقان يورۇق قىرغاقلار، پىكىر، ئىدىيەلەر ئېچىپ بېرىلىدۇ، مەن بۇلارنى «ماغدۇر كەتكەندە»، «مۇئەللىمنىڭ خېتى» دېگەن ھېكايىلاردىن، زوردۇن سابىرنىڭ «قەرزدار»، «كەچ كۈز»، «گۈلەمخان»، «ئانا يۇرت» ھەم يەنە مەمتىمىن ھوشۇر، نۇرمۇھەممەد توختى، باغراش، ئەختەم ئۆمەر، خالىدە ئىسرائىللارنىڭ ئەسەرلىرىدىن بىلدىم.

**ھەببۇللا مىجىت: سىز يېزىۋېتىپ ئويلامسىز ياكى يېزىشتىن بۇرۇن ئويلامسىز؟**

**تۇرسۇن مەھمۇد:** يېزىشتىن بۇرۇن ئومۇمىي جەھەتتىن ئويلىنىۋالىمەن، تەپسىلىي ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى ئەسەرنى يېزىۋېتىپ ئويلايمەن، يېزىش، تۈزىتىش جەريانىدا ئەسەر ئەسلىدىكى ئويلىغانلىرىمدىن كۆپ ھالقىپ كېتىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ، بىر ئەسەرنى باشلىۋالمىقىم تەس، باشلىۋالسام داۋاملاشتۇرۇپ كەتمىكىم قىيىنغا توختىمايدۇ.

**ھەببۇللا مىجىت: ھاياتىڭىزدىكى ئەڭ ئۆكۈنىدىغان ئىش نېمە؟**

**تۇرسۇن مەھمۇد:** ئىلگىرىكى ئەڭ ياخشى چاغلارنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتكىنىمدىن ئۆكۈنىمەن، شۇنداقلا شۇنى بىلىپ تۇرۇپ بۈگۈنكى كۈنلىرىمنىمۇ دېگەندەك مەنىلىك ئۆتكۈزۈپ بولالمىغىنىمدىن ئۆكۈنىمەن، ئۆزۈمنى تولۇق كونترول قىلىپ ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا ھەسسە قوشالىغۇدەك ياخشى ئەسەرلەرنى يازالمىدىم. شۇنىڭغا ئۆكۈنىمەن. باشلىنىش قەدەم ئاستىڭدا دېگەن گەپ بار، ئۆكۈنۈشلىرىمنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپمۇ ئالارمەن، دېگەن ئۈمىدىم بار.

**ھەببۇللا مىجىت: پېرسوناژلىرىڭىزنىڭ تەقدىرى سىز ئويلاپ باقمىغان تەرەپلەردىن چىقىپ قالىدىغان ئەھۋالنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ باقتىڭىزمۇ؟ قايسى ئەسىرىڭىزدە شۇ خىل ئەھۋالغا دۇچ كەلدىڭىز؟**

**تۇرسۇن مەھمۇد:** بۇنداق ئەھۋاللار بولۇپ تۇرىدۇ، ئەسەر راۋاجلىنىپ پېرسوناژلارنىڭ ھەرىكەت دائىرىسى، ئۇلار ئۇچرىشىدىغان ئادەم ھەم مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشى جەريانىدا دەسلەپتە تەخمىنەن بەلگىلەنگەن خاراكتېرى ھەم تەقدىرىدە ئۆزگىرىش بولۇپ قالىدۇ، «گۇگۇم» رومانىنىڭ ئاخىرىدا مەسۇم بىلەن ئالىيە يىراق يۇرتلارغا بىللە قېچىپ كېتىدىغان قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى، ئەمما ۋەقەلىك تەرەققىياتى جەريانىدا بۇلار ئۆزگىرىپ ئالىيە ناسىر ئىسىملىك بىرسىنى بوغۇزلىۋېتىپ ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلۈۋالىدىغان چىقىپ قالدى. «يامغۇرلۇق يەكشەنبە» رومانىدىكى «مەن» ئەسلىي كۆك چامادانىنى كۆتۈرگىنىچە قايتىپ كەلمەيدىغان قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان، بىراق ئۇ يەنىلا كەينىگە يېنىپ ئۆيىگە قايتىپ ماڭىدىغان قىلىپ يېزىلدى. پېرسوناژلارنىڭ دەسلەپ بېكىتىلگەن تەقدىرى ھېكايە تەرەققىياتىدا يولۇققان تۈرلۈك مەسىلىلەر سەۋەبىدىن ئۆزگىرىپ كېتىدىغان ھەتتا تۈپتىن ئۆزگىرىپ كېتىدىغان ئەھۋاللار بولۇپ تۇرىدىكەن.

**ھەببۇللا مىجىت: بىر ئوبزورچى داڭلىق يازغۇچى بورخېستىن: «ئەگەر ھەممە ئەسەرلىرىڭىزنى كۆيدۈرۈۋېتىپ پەقەت بىر پارچە ئەسىرىڭىزنى ئېلىپ قېلىش ئىمكانىيىتى بولسا قايسى ئەسىرىڭىزنى ئېلىپ قېلىشنى خالايتتىڭىز؟» دەپ سوراپتىكەن، ئەگەر سىزدىن مۇشۇ سوئالنى سورىسام، سىز قايسى ئەسىرىڭىزنى ئېلىپ قېلىشنى خالايتتىڭىز؟**

**تۇرسۇن مەھمۇد:** بۇنداق سوئالغا دۇچ كېلىپ قېلىشتىن قورقىمەن، ئەسەرلىرىمنىڭ ھېچ قايسىسىنىڭ كۆيدۈرۈلمەسلىكىنى ئارزۇ قىلىمەن، ناۋادا شۇنداق بولۇپ قالسا «چوقۇنغا يامىشىدىغان ئادەم»نى ساقلاپ قېلىشىم مۇمكىن.

2013 - يىلى 10 - ئاينىڭ 19 - ، 20 - كۈنلىرى چاڭشا

---

زىيارەت قىلغۇچى: توقسۇ ناھىيەلىك پارتىيە مەكتەپتە




ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

7

بۈگۈن مەكتەپنىڭ كۆڭۈل بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە ۇك مۇئاۋىن مۇدىرنىڭ باشلىشى بىلەن نېگبو تەۋەسىدىكى ۇشەن ئارىلىغا چىقتۇق. ئىككى قۇرۇقلۇقنى تۇتاشتۇرۇپ دېڭىز ئۈستىگە سېلىنغان، ئۇزۇنلۇقى 36 كىلومېتىر كېلىدىغان كۇئاخەي چوڭ كۆۋرۈكى (跨海大桥) مېنى غايىۋى بىر ماكانغا ئېلىپ كېتىۋاتقاندەك ھاياجانلانغانىدىم. تەخمىنەن ئىككى يېرىم سائەتلەردىن كېيىن دېڭىز شاملى تىنىمسىز ئۇرۇپ تۇرىدىغان، ئەتراپى پايانسىز كەتكەن سۇ يۈزى بىلەن ئورالغان جوشەن ئارىلىغا يېتىپ كەلدۇق. بېلىقچىلىق ۋە ساياھەتچىلىككە تايىنىدىغان بۇ ئارالدىكى ئاسمان-پەلەك بىنالار مېنى دائىم ئويۇمنى ئېلىپ كېتىدىغان تىنچ ئوكياندىكى «قەدىمىي قۇرۇقلۇق» ھەققىدىكى گۈزەل تەسەۋۋۇرلىرىمغا، «دېڭىز ئاستىغا چۆكۈۋېتىپتۇ» دېگەن ئەندىشىلىك خەۋەرلەر بىلەن زېمىن ۋە ھايات-ماماتلىقنىڭ مەركىزىدە تىنىمسىز ئىزدىنىۋاتقان ياپون تاقىم ئاراللىرىغا، ھەر يىلى تەيفۇڭ بورىنىنىڭ تەھدىتىگە ئۇچراپ تۇرسىمۇ، يەنىلا مۇھەببەت بىلەن دەس ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى دېڭىز دولقۇنلىرى ئارىسىدىن ئايان قىلىپ كېلىۋاتقان فىلىپپىن تاقىم ئاراللىرىغا، پەۋقۇلئاددە تەرەققىياتى ۋە مەدەنىيەت گۈزەللىكى بىلەن تىنچ ئوكياننىڭ ئوتتۇرىسىدا مەرۋايىتتەك چاقناپ تۇرغان ھاۋاي ئارىلى ۋە شۇ قاتاردا ئېكۋاتورنىڭ ئەتراپىغا مارجاندەك چېچىلىپ ياتقان نۇرغۇن ئۇششاق ئاراللارغا ئېلىپ كەتكەنىدى. يەنە تارىختىن بۇيان دۇنيا ئەللىرى تاڭ قالغۇدەك شانلىق مەدەنىيەتلەرنى يارىتىپ، بۈگۈنكى كۈندە تەكلىماكاننىڭ ئاستىدا جىمجىت ئۇيقۇغا كەتكەن كروران، كېتىك، مىرەن قاتارلىق سەلتەنەتلىك شەھەرلەرگە باشلاپ كەتتى. دولقۇنلاپ تۇرغان دېڭىز قۇياش نۇرىدا ۋىللىداپ تۇرغان چەكسىز قۇم بارخانلىرىنى، ئارالدىكى بىنالار، يايمىلىرىنى يېيىپ تىجارەت قىلىۋاتقان ياكى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ يامغۇرلۇق سېتىۋاتقان ئادەملەر بولسا «يىگانە ئارال»دىكى خېنىيا سايىت، ھېزبەگ، مامۇت چوقۇر ... قاتارلىقلارنى ئەسلەتمەكتە ئىدى.

ئەي كۆپكۆك دېڭىز،
نېمشقا جىم تۇرمايسەن؟
ۋاپاسىز يارنىڭ كۆڭلىدەك،
ھەريانغا داۋالغۇيسەن.

مەن قانداق بولۇپ مېلودىيەسى تولىمۇ چىرايلىق ئاڭلىنىدىغان ۋە ئۆزۈممۇ ناگان-ناگاندا غىڭشىپ ئېيتىپ قويىدىغان بۇ ناخشىنى ئەسلەپ قالغاندىمەن؟... شۇ تاپتا مەن ئۆركەشلەپ تۇرغان قۇم بارخانلىرىغا سىڭىپ كەتكەندىم. ئالدىمغىلا كېلىپ قالغان بىر راھىب مېنى چۆچۈتۈۋەتتى. «بۇلار يالغان راھىبلار» دېدى جوك مۇئاۋىن مۇدىر ئۇلارنى كۆرسىتىپ، راھىبنىڭمۇ يالغىنى بولارمۇ؟ دۇرۇس، جان بېقىش ئۈچۈن ئادەملەر نېمىلەرنى قىلمايدۇ، بىزدىمۇ ئاڭچە-مۇنچە بىر نەرسىنى بىلىۋېلىپ نادان خەلقنى ئالداپ يۈرىدىغان يالغان مولللار، ھال كۈنى ياخشى تۇرۇپ باللارنى ياكى بىچارە ئاجىزلارنى

## مەن كۆرگەن دۇنيا

سېتىۋېلىپ تىلەمچىلىككە سالىدىغانلار ۋە ئۆزى ئەتەي مېيىپ
بولۇۋېلىپ تىلەمچىلىك قىلىدىغانلار كۆپقۇ!؟ بۇلارنىڭ يۇرتـ
ىمىزدا بولسۇن ياكى بۇ يەردە بولسۇن ھازىرغىچە ئاندا ـ ساندا
ئۇچراپ قالىدىغان تىلەمچىلەرگە ھېسداشلىق بىلەن پۇل بەرگـ
ىنىمنى كۆرۈپ باقمىدىم. لېكىن بىز ئوخشاشلا ئادىتىمىز بويىچە
قول تەگلەپ كەلگەنلەرنى قۇرۇق قول قايتۇرۇپ باقمىدۇق.
مەن نومۇس قىلىپ سۇنۇلغان قوللارغا پەرۋاسىز كېتىۋاتقان
جۇڭ مۇئاۋىن مۇدىرغا قاراپ ئىختىيارسىز ھالدا ئۈرۈمچىدىكى
سەنشىخاڭزا كوچىلىرىدا ۋە يەكەندىكى «چىلتەنلىرىم» مازىرىـ
دا قاتار تىزىلىشىپ ئولتۇرغان تىلەمچىلەرگە قاراپ ئوتتۇرا ئەـ
سىرنى خىيال قىلىپ كۆزلىرىگە ياش ئالغان ئۆزۈمنى ئەسلەپ
قالدىم. «ئەسلىي زاتىمىز ئېسىل بولغاچقا بۇرۇنلاردا بىزدە تىـ
لەيدىغانلار كۆپ ئۇچرىمايدىكەنتۇق. نېمە بولدىكىن بۇ زامانـ
دىكى ئادەملەرگە، خۇددى ھۇرۇنلۇق كېسىلى چاپلاشقاندەك
تىلەيدىغانلار تۇرۇپلا كۆپىيىپ كەتتىغۇ ـ تاڭ» دېگەنىدى، بىر
قېتىم ئاتام ئىشكىمىز ئالدىغا ئارقا ـ ئارقىدىن كەلگەن تىلىگۈـ
چىلەرنى ئۇزىتىۋېتىپ، ھېچقانداق تەبىئىي بايلىقى بولمىغان بۇ
يەردە ئادەملەر تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ناھايىتى ياخشى ياشايدىـ
كەن. لېكىن بىزنىڭ ھەممە نەرسىمىز تۇرۇپمۇ كاللىمىزنى، پۇتـ
قولىمىزنى تۈزۈك ئىشقا سالالماي غېرىبانە ياشايدىكەنمىز. نېـ
مىشقا ھە دېسىلا مۇشۇنداق خىياللار مېنى ئىلكىگە ئېلىۋالىدىغانـ
دۇ ؟!...

بىز ئارالدىن پاراخوت بىلەن ئون مىنۇتچە مېڭىپ فۇتوـ
شەن تېغىغا چىقتۇق. «جۇڭگودا بۇددا ئىبادەتخانىلىرى جايلاشـ
قان تۆت چوڭ تاغ بار، 1 ـ ئورۇندا تۇرىدىغىنى سەنشىدىكى
ۋۇتەيشەن، 2 ـ ئورۇندا تۇرىدىغىنى سىچۈەندىكى ئېمېيشەن، 3 ـ
ئورۇندا تۇرىدىغىنى جېجياڭدىكى فۇتوشەن، 4 ـ ئورۇندا تۇرىـ
دىغىنى ئەنخۇيدىكى جۇخۇاشەن؛ فۇتوشەن 3 ـ ئورۇندا تۇرىـ
دۇ ھەم بۇ تاغ بۇددا كالاملىرىدىكى گۇەنيىڭ فۇزانىڭ ماكاـ
نى...» دەپ تونۇشتۇردى جوڭ مۇئاۋىن مۇدىر بىزگە. ئۇنىڭ
سۆزلىرىدىمۇ ئوخشاشلا يۇرتىغا بولغان بىر خىل مۇھەببەت ۋە
ئىپتىخارلىق چىقىپ تۇراتتى. بىز جۇشەنگە كېلىشتىن بۇرۇنلا
نەچچە قېتىم دېيىشكەن گەپنى تەكرارلاشتۇق. «بىز بۇ يەرگە
كىرىمىزمۇ ـ كىرمەيمىزمۇ ؟ كىرسەك بولامدۇ ـ بولمامدۇ ؟»
بىز ئاخىر «مەدەنىيەت سەيياھلىقى نۇقتىسىدىن چوقۇم بىر
كۆرۈپ بېقىشىمىز كېرەك» دېگەن ھۆكۈمىمىزگە ئىشىنىپ
بۇددا كالاملىرى تىنىمسىز جاراڭلاپ تۇرىدىغان، كوچە ـ ئىسـ
تىقلار ئەتراپىنى بىر ئالغان، تەكلىماكاندىكى «دەريا بويىدىكى
مەھەللە»گە ئوخشاشلا جىمجىتلىقى ئاللىقاچان بۇزۇلۇپ
كەتكەن بۇ جايغا قەدەم ئالدۇق. جوڭ مۇئاۋىن مۇدىرنىڭ دېـ
يىشىچە، بۇگۈن دەم ئېلىش كۈنى بولمىغاچقا ئادەممۇ ئانچە
كۆپ ئەمەسكەن. تاغ يولىنىڭ بويلىرىغا قاتار قويۇلغان دۇكانـ
لار بۇ كىچىككىنە يەرنىڭ ئىگىلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى.
مۇشۇ كىچىككىنە دائىرىدە تۆت ئىبادەتخانا بار بولۇپ، بىز
ئۇلاردىن مەركىزىي ئىبادەتخانىنىڭ ئالدىغا كەلدۇق. تاۋاپ
قىلغۇچىلار ئىبادەتخانا ئالدىغا قويۇلغان چوڭ ـ كىچىك ئاتەشـ
دانلاردىكى چوغقا كۆجىلىرىنى تەگكۈزۈپ ئوت تۇتاشتۇراتتى.
ئاڭلىشىمىزچە، كۆجىلەرنىڭ ئەڭ ئەرزانلىرىمۇ نەچچە يۈز مىڭ
يۈەنلەرگە ئاران ئالغىلى بولىدىغىنىمۇ بار ئىكەن. بىز بىر كۆـ
زەتكۈچى سۈپىتىدە تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن كىرىپ چىقىۋاتقانلارـ
غا قاراپ بىر چەتتە تۇردۇق. تاۋاپ قىلىشنىڭ شەكلى، ئۇسۇلى،
دەرىجىسىمۇ ئوخشىمىسا كېرەك. لامالارغا ئوخشاش دەسلەپكى
تاۋاپ تاختىسىدىن تا ئىچكىرىگىچە ئۈچ قەدەمدە بىر يەرگە يۈـ
كۈنۈپ تاۋاپ قىلىدىغانلارمۇ كۆزگە چېلىقىدىكەن. بەزىلەر
پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن تاۋاپ قىلسا، بەزىلەر تاۋاپ قىلىش ئۈـ
چۈنلا تاۋاپ قىلىۋاتقاندەك تەسىر بېرەتتى. «غەربكە ساياـ
ھەت» فىلمى ئارقىلىق باللىرىمىزنىڭ كاللىسىغا سىڭىپ كېتىـ
ۋاتقان ئاۋالۇكسۋارا (گۇەنيىڭ فۇزا)نىڭ مىس ھەيكىلى تاۋاپ
قىلغۇچىلار ئۈچۈن چىقىش يولى ئىزدەۋاتقاندەك جىمجىت تۇـ
راتتى. تاۋاپچىلارنىڭ ئىچىدىكى دېھقان سۈپەت، كادىر
سۈپەت، زەردار سۈپەت... دېگەندەك ھەر خىل سىياق، ھەر
خىل قىياپەتتىكى ئادەملەر شۈنچىلىك بىمالال ۋە ئەركىن، بىر ـ
بىرىدىن شۈبھىلىنىش دېگەن ئۇقۇم ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغانـ
دەك ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل ئىدى.

بىز ئۇ يەردىن يېنىپ فۇتوشەندىكى باشقا جايلارنى ئايـ
لاندۇق. تىك قىيالارغا زەرپ بىلەن ئۇرۇلۇپ نەچچە مېتىرلاپ
يۇقىرىغا ئۆرلەپ تۇرىدىغان دېڭىز دولقۇنلىرىنى، سانسىز پەشـ
تاقلار بىلەن ئەگىپ چىقىدىغان تاغ تۆپىسىنىڭ گۈزەل مەنزىرىـ
سىنى، يەنە بۇ يەردىكى 50 نەچچە ئوقۇغۇچىسى بولغان بۇددا
مەكتىپىنى، بۇ مەكتەپكە كىرىپ چىقىپ يۈرگەن، بېشىدا 12 تال
چېكىتى بار بولغان راھىبلەرنى كۆردۇق... كۆرگەن ھەر بىر
نەرسە مېنى ھامان يۇرتىمىزدىكى شۇ خىل نەرسە، شۇ خىل
ئۇقۇم بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ باراتتى. بۇ يەردە مېنى ھەيران قالـ
دۇرغان يەنە بىر ئىش بىر موماينىڭ بىزگە قوشۇلۇپ تاغقا چىقـ

www.uyghurkitap.com

شى ئىدى. بىز ھەيران بولۇپ: «نەچچە ياشقا كىردىڭىز» دەپ سورىدۇق. «80 دىن ئاشتىم. بالىلىرىم چىقمايمىز دەيدۇ، ياشلار يەنىلا قېرىلارغا يەتمەيدۇ» دېدى موماي خۇشخۇيلۇق بىلەن. مەن 60 نىڭ قارىسىنى ئالغاندىن كېيىنلا ئۆزىنى كېرەكسىزگە چىقىرىۋېتىپ دوختۇرخانا بىلەن ئۆيىنىڭ ئارىلىقىدا ئۈمىدسىز ياشايدىغان ئانىلىرىمىزنى ئەسكە ئالدىم. دېمىسىمۇ نۇرغۇن ئىشلار ئۆزىمىزدىن قالىدىكەن... بۇ يەردە يەنە يوغان-يوغان تېرەكلەرنىڭ تۈۋىگە پالانى شەخس تىككەن، پۇستانى شەخس پەرۋىش قىلغان دېگەندەك تاختايلارنىڭ قاداپ قويۇلغانلىقىنى كۆردۇم. تارىخ قالدۇرۇش نۇقتىسىدىن ئويلىغاندا بۇ تولىمۇ ئىنچىكە ۋە قىممىتى بار ئىش بولسىمۇ، لېكىن ماڭا ئوخشاش ھازىرغىچە تارىخنىڭ نەيرەڭلىرى ۋە تارىخ قالدۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى تېخىچە ھېس قىلىپ بولالمايۋاتقان بىر قوۋمنىڭ پەرزەنتىگە نىسبەتەن يەنىلا چۈشىنىش قىيىن بىر مەسىلىدەك ھېس قىلماقتا ئىدىم، شۇنداقتىمۇ خىيالىم يىللاردىن بۇيان ناھىيەمىزنىڭ ئوبرازىدەك ئاتىلىپ كېلىۋاتقان، يول قۇرۇلۇشى سەۋەبلىك كېسىلىپ كەتكەن، سايلىرىدە ئولتۇرۇپ چوڭ بولغان قېرىلار كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ ئەسلەيدىغان ئۈچ تۈپ يوغان تېرەككە كەتكەنىدى. «بار چاغدا قەدرىگە يەتمەيمىز، كۆز ئالدىمىزدىن يىتكەندە بارماق چىشلەيمىز»، بۇ ھېكمەتنى ھەممە ئادەم بىلسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى پەقەت ئىنساننىڭ تەكرار ھاماقەتلىكىنى ئالدىنقى شەرت قىلغاندەك، ئاچچىق ساۋاقلار يەنىلا ئۈزۈلمەيتتى، بۇ ھېكمەت خۇددى رەسمىيەت تۈسىنى ئالغاندەك دېيىلىپ كېلەتتى.

چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچ يېرىملار بىلەن بىز بۇ يەردىكى ساياھەتنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ماشىنىغا چىقتۇق. بىر كۈنلۈك قىزغىن سەپەردە ھەمملا ئادەم قاتتىق چارچىغاندەك ماشىنىغا چىقىپلا ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. مەنمۇ چارچىغانىدىم، بىردەم كۆزۈمنى يۇمۇۋېلىشنى ئويلىغان بولسامۇ كۈندۈزدىن كۆرگەن بارلىق نەرسىلەر بۇنىڭدىن بۇرۇنقى ساياھەتلەردە كۆرگەن ئەسلىرىمگە قوشۇلۇپ، مېنى ئۇيقۇنىڭ يۇمشاق ئالقىنىدىن تارتىۋالدى. كېچياۋ [(شاۋشىڭ شەھىرىدە) 中兴柯桥]، شيامىن (厦门)، شىكۇ [(فېڭخۇا ناھىيىسىدە) 溪口奉化县]، پىڭخۇ (平湖)، شاڭخەي (上海)، سۇجۇ (苏州)، خېڭدىيەن (横店)، خەيىنىڭ (海宁)... قاتارلىق جايلار ئاستا سىغدىلىپ كۆز ئالدىمغا كېلىشمەكتە. ئارامخۇدا ئولتۇرۇپ خىيال سۈرۈشمۇ بىر ھۇزۇر، مەن ئاشۇ ھۇزۇر ئىچىدە ئەسلىرىمگە بۆلەندىم ۋە كىمگىدۇر سۆزلەپ بەرگۈم كەلگەندەك شېرىن ئۇيقۇغا چۆمدۈم.

بىز ئەڭ دەسلەپتە شاۋشىڭغا بارغانىدۇق. لۇشۈن بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن بۇ ئىسىم مېنى ئۆزىگە ماگنىتتەك تارتىپ تۇراتتى. شاۋشىڭ ۋىلايەت دەرىجىلىك شەھەر بولۇپ، نىڭبودىن 143 كىلومېتىر، خاڭجۇدىن 59 كىلومېتىر كېلىدىكەن. شاۋشىڭنىڭ يىپەك سانائەت شەھىرى دېگەن نامى بار ئىكەن. بىز شاۋشىڭغا چۈشۈپلا ئۇ يەردىكى خىزمەتتىن بۇرۇنقى چېنىقىش مۇددىتىنى ئۆتەۋاتقان باللارغا تېلېفون قىلدۇق ۋە ئۇلار دەرستىن چۈشكىچە كېچياۋ ناھىيەسىگە چىقىپ تاماق يەپ تۇرماقچى بولدۇق.

كېچياۋ بىزدە ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. كېچياۋدا ئۇيغۇرلار ئىنتايىن كۆپ ئىكەن. بۇ يەرگە كېلىپ ئۆزىمىزنى خۇددى كۇچانىڭ يېڭى شەھەردە تۇرغاندەك ھېس قىلىپ قالدۇق. قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدىغان ئۇيغۇرلار كۆزىمىزگە شۇنداق ئىللىق كۆرۈندى. بىز سۈرۈشتە قىلىش ئارقىلىق دەريا بويىدا قاتار جايلاشقان تەڭرىتاغ تېز تاماقخانىسى، پامىر تېز تاماقخانىسى، تۇمارىس تېز تاماقخانىسى... قاتارلىق ئاشخانىلاردىن تەڭرىتاغ تېز تاماقخانىسىغا كىردۇق. ئۆيدىن ئايرىلىپ چىققاندىن بۇيان تۇنجى قېتىم ئۇيغۇرچە قازان بېشىنى كۆرۈپ ۋە ئۇيغۇرچە تاماقلارنىڭ ھىدىنى پۇراپ كۆزلىرىمىزگە ياش كەلدى. بىز تاماق يەپ ئولتۇرۇپ بۇ يەردە خوتەن، ئاتۇش، قەشقەرلىك سودىگەرلەرنىڭ ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكىنى، مەخسۇس مۇشۇ يەردە تۇرۇپ شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرگە مال چىقىرىپ، يەنە مال كىرگۈزىدىغانلىقىنى بىلدۇق. بىز تاماقتىن يېنىپ توپ مال تارقىتىش بازىرىغا بېرىپ ئايلاندۇق. مەن توپ مال بازىرىدىكى ئۇيغۇر سودىگەرلەرگە قاراپ تارىختىن بۇيان قەدىمي كارۋان يولىدا تۆگە كولدۇرمىسى بىلەن تەكلىماكان باغرىدىن ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرىغا قەدەر ئېسىل مەدەنىيەت ئىزنالىرىنى قالدۇرۇپ ئۆتكەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ نۇرانە سىماسىنى كۆرگەندەك بولدۇم. كېچياۋدا ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى مەغرۇر جاكارلاپ كېلىۋاتقان بۇ سودىگەرلەر مېنىڭ ئەسلىمىلىرىم ئىچىدىكى ئەڭ يارقىن خاتىرە بولۇپ قالدى.

كېچياۋدىن يېنىپ بىز لۇشۈن تۇرالغۇسىغا باردۇق. بۇ يەردىكى ئادەملەر مىغ-مىغ ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۆزىگە زىيادە مەپتۇن بولۇپ كېتىۋاتقان مىللەتنىڭ ئىللەتلىرىنى رەھىمسىز-

لىك بىلەن قامچىلاپ، «بالىلارنى قۇتقۇزۇۋالايلى» دەپ جار
سالغان بۇ ئۇلۇغ ئەدىبنىڭ روھى كۆزىنى ياد ئېتىپ كەلگەن كى-
شىلەرنىڭ تىۋىشلىرىنى سېزىۋاتامدىغاندۇ؟ ئۇ بولغان بولسا،
پۈتۈن ئەسىيادى پۇل تېپىش ۋە جان بېقىشتىن ئىبارەت بىر نۇق-
تىغا مەركەزلىشىپ قېلىۋاتقان بۈگۈنكى دەۋر كىشىلىرى ھەققىدە
نېمىلەرنى يازار بولغىيتتى؟ مەن لۇشۈن تۇرالغۇسىغا كىرىپ ئۇ
يەردە شىاگۇلىن ھەدىنى، رۇنتۇنى، كۇگېيجىنى... كۆرگەندەك
بولدۇم. AQ يەنىلا ئۇ يەردە چېپىپ يۈرەتتى. ئەگەر بۇ
ئۇستاز بولغان بولسا ھازىرقى AQ لار قانداق ھالەتتە بولار
بولغىيتتى-ھە!؟ ئەتراپىمدا بىردىنلا سانسىز AQ چېپىپ يۈر-
گەندەك ئۆزۈممۇ باللىرىمنى ئەگەشتۈرۈپ ئاشۇلارنىڭ ئارقى-
سىدىن كېتىۋاتقاندەك ئەندىكىپ كەتتىم...

بىز لۇشۈن تۇرالغۇسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن دۇڭخۇ كۆ-
لىگە باردۇق ۋە ئۇ يەرنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىدىن ھۇزۇرلىنىپ
ئالتۇن قۇياش ئۆيىگە ئالدىراپ ماڭغاندىلا بىزمۇ نىڭبوغا
قايتىش تەييارلىقىنى قىلدۇق. مەن پۈتۈن ئۆمرىنى ئەل غېمى
بىلەن ئۆتكۈزگەن لۇشۈننىڭ بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن
كېيىنمۇ يەنە ئەل ئۈچۈن تىللا تۆكۈلىدىغان دەرەخ بولۇپ يا-
شاۋاتقانلىقىنى ئويلىدىم. ئەلۋەتتە، ئۇ ئويلىرىمدا ئىلىدىكى
غۇلجا ناھىيەسىدە تۇرسۇن ياسىن ئاكىنىڭ ئەجرى بىلەن ناھىيە-
تى ئوبدان جايلاشتۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەردىكىدەك
قىزغىنلىقنى كۆرگىلى بولمايدىغان سادىر پالۋان مەقبەرىسى
ھەمدە باللىرىمىزغا تېخى بىلدۈرۈپ بولالمايۋاتقان سۇتۇق
بۇغراخان، مەھمۇد كاشغەرىي، يۈسۈف خاس ھاجىب، تۇغلۇق
تۆمۈرخان، ئامانىنساخان، موللا مۇسا سايرامى، ئاكا-ئۇكا مۇ-
سابايوفلار، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، مەمتىلى تەۋپىق ئەپەندى،
ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىن، تېيىپجان ئېلىيېف، ئابدۇرېھىم
ئۆتكۈر، زوردۇن سابىر... قاتارلىق ئەزىمەتلىرىمىزنىڭ ئىزلى-
رىمۇ بار ئىدى.

خىيال داۋام قىلماقتا. ئايىغىمىز تېگىپ ئۆتكەن شەھەرلەر
بىر-بىرلەپ كۆز ئالدىمدىن تىزىلىپ ئۆتمەكتە.

13-ئاپرېل بىز ساياھەت ئۆمىكىگە تىزىملىتىپ شىامېنغا
قاراپ يولغا چىقتۇق. نىڭبودىن شىامېنغا ئېلېكترونلۇق تېز
پويىز بىلەن بەش سائەتلەردە يېتىپ بارغاندۇق. تولۇقسىزدا
ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدىلا جۇغراپىيە دەرسىدە دېڭىز بويىدىكى
بەش ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون قاتارىدا ئېڭىمغا سىڭىپ
كەتكەن شىامېن كۆز ئالدىمدا يېيىلىپ ياتاتتى. ۋوگزالدا مىغلى-
دىغان ئادەملەر ئارىسىدا تىنىمسىز سۆزلەپ ئۆز گۇرۇپپىسىدى-
كى ئادەملەرنى چاقىرىۋاتقان ساياھەت يېتەكچىلىرى ئالاھىدە
كۆزگە چېلىقاتتى. قارىماققا ساياھەت يېتەكچىسى بولۇش شىا-
مېندىكى ئوقۇش پۈتكۈزگەن باللارنىڭ ئەڭ خاتىرجەم ئىشقا
ئورۇنلىشىش ھالقىسىدەك قىلاتتى. ياتاققا يېتىپ كەلگىچە مەن
گۈگۈرت قېپىدەك بۇ كىچىككىنە شەھەردىكى شۇنچىلىك زىچ
ئورۇنلاشقان ئاسمان-پەلەك بىنالارغا قاراپ زېمىننىڭ كۆتۈ-
رۈشچانلىقىغا يەنە بىر قېتىم ئاپىرىن دېدىم. بىنالارنىڭ ئەينەك-
سىز ئوچۇق ياسالغان ئاپتاپلىنىش تەكچىلىرىگە ۋە قاتار-قاتار
ئېسىۋېتىلگەن كىيىملەرگە قاراپلا بۇ يەرنىڭ ھاۋاسىنىڭ نىڭبو-
دىنمۇ بەكرەك نەم ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالماق تەس ئەمەس
ئىدى. بىز ياتاققا ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن دېڭىزنىڭ
كەچلىك مەنزىرىسىنى كۆرۈش ئۈچۈن بەيچېڭشەن (白成山)
دىكى دېڭىز بويىغا باردۇق. غۇۋا چىراغ نۇرى ئاستىدا جىمىر-
لاپ تۇرغان دېڭىز گۇگۇم قوينىدا تولىمۇ سىرلىق كۆرۈنەتتى.

ئەتىسى بىز بىر نەچچە ساياھەت نۇقتىلىرىغا باردۇق.
مەيلى گۇلاڭيۈ (鼓浪與)دىكى دېڭىز بويلىرى، تاغ باغرىدى-
كى مەنزىرىلىك جايلار بولسۇن، مەيلى خاتىرە سارايلار، مۇ-
زېيلار ياكى باغچىلار بولسۇن، ھەممىلا يەردە ئادەم ئالاھىدە
كۆپ بولۇپ، پۈتۈن ساياھەتچىلەر شىامېنغا كېلىۋالغاندەك
تۇيغۇ بېرەتتى. ساياھەت يېتەكچىلىرى مۇشۇنداق مىغىلدىشىپ
تۇرغان ئادەملەر ئارىسىدا ئۆچىرەتنى قولدىن بېرىپ قويماس-
لىق ئۈچۈن ئۆزىنىڭ چېچەنلىكىنى ھەممىدىن بەكرەك نامايان
قىلىشقا تىرىشاتتى. بولۇپمۇ تەيۋەننىڭ شىامېنغا يۈزلىنىپ
تۇرغان شىمالىي قىسمىدىكى (三民主义统一中国) دېگەن
خەتنى كۆرۈش ئۈچۈن بارىدىغانلار ئالاھىدە كۆپ بولۇپ،
ئۈچ قەۋەتلىك يولۇچىلار بىلەن توشۇپ پۇت قويغىدەك ئورۇن
قالمىغان پاراخوت شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە يەنە شۇنىڭدەك ئىككى-
ئۈچ ھەسسە چىققىدەك ساياھەتچىلەرنى پىرىستاندا قالدۇرۇپ
نىشانغا قاراپ ئۈزەتتى. ھەر خىل ئىرق ۋە مىللەتكە تەۋە
بولغان بۇ غايەت توپنىڭ ئېڭىدا ئالاھىدە قىزىقىش ۋە ئىنتىلىش
ھۆكۈم سۈرەتتى. قىسقىغىنە بۇ مۇساپە كىشىلەرنى دېڭىز ھەققى-
دىكى چەكسىز تەسىراتلار قوينىغا تاشلاپ قويۇپ ئارقىدىنلا
يەنە پاراخوتتا ئورۇنلاشتۇرۇلغان تۈرلۈك ئويۇنلار ئارقىلىق
رېئاللىققا قايتۇرۇپ كېلەتتى. ئويۇننىڭ مەقسىتى كىشىلەرگە خۇ-
شاللىق بېغىشلاشتىن باشقا شىامېننىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى
ۋە تەيۋەننىڭ كەلتۈرۈلگەن مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش ئارقىلىق

www.uyghurkitap.com

يەنە بىر ئىقتىسادىي قىممەت ياراتماقچى بولغانلىقى ناھايىتى
ئېنىق ئىدى. بۇ خىل سودا شەكلىنى ھەرقانداق بىر شەھەردـ
كى ساياھەت نۇقتىلىرىدا ئۇچرىتىشقا بولىسىمۇ، لېكىن بۇ جەھەتـ
تە شيامېن مەندە ئالاھىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى. شياـ
مېنغا يېقىنلاشقانچە يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ھېچقانداق زىراـ
ئەت تېرىش مۇمكىنچىلىكى بولماي تاشلىنىپ قالغان بىر قىسىم
جايلارغا قاراپ، بىر چىمدىم تۇپراقنىمۇ ئىسراپ قىلماي تېرىيـ
دىغان دېڭىز بويلىرىدىكى بەزى جايلارغا سېلىشتۇرۇپ، شياـ
مېندا دېھقانچىلىق قىلىدىغانلار قانداق قىلىدىغاندۇ دېيىشكەنـ
دۇق. لېكىن ساياھەت جەريانىدا ھەر بىر ئېغىز گەپ ۋە ھەر بىر
قەدەمنى ئىقتىسادقا ئايلاندۇرۇۋاتقان شيامېنلىقلارغا قاراپ ئۆـ
زۈمنىڭ ئۇ ئويلىرىمغا كۈلدۈم. بېغىدىكى مېۋىلىرىنى تېخى ئىقـ
تىسادىي قىممەتكە ئايلاندۇرۇشنى ئەمدىلا ئۆگىنىۋاتقان، پۇل
ھەققىدىكى گەپنى كۆپرەك دېيىشكە تىلى كۆيىدىغان، ئۆزى يېـ
مىسىمۇ مېھمانغا بارىنى تۆكۈپ ئۆيىنىڭ ۋە كۆڭلىنىڭ تۆرىگە
باشلايدىغان، نېمە ئويلىسا شۇنى دەۋېرىدىغان، كۆڭلى ئېتىزلىـ
قىدىكى پاختىدەك ئاپپاق بولغان تەكلىماكاننىڭ باغرىدىكى دېھـ
قانلىرىمىزنى بۇ يەردە ساياھەتچىلەرنىڭ ئالدىدا سودا قىلىپ
يۈرگەن 70ـ 80 ياشلىق مومايلار بىلەن ھەرگىز سېلىشتۇرۇپ
بولغىلى بولمايتتى...

15 ـ ئاپرېل بىز نەنفۇتوسى (南普陀寺) ئىبادەتخانىسى
ۋە شيامېن ئۇنىۋېرسىتېتى (厦门大学)نى زىيارەت قىلدۇق.
ئۆمەك تەركىبىدىكى بىر خىرىستىيان خەنزۇ موماي بىلەن بىزلا
ئىبادەتخانىنىڭ مەنزىرىسىنى كۆرۈشكە قالدۇق. قالغانلارنىڭ
ھەممىسى ئىچىگە كىرىپ كەتكەنىدى. كۈنگە نەچچە مىڭلىغان
ساياھەتچىلەرنى قوبۇل قىلىدىغان، ئىچىدىن ياڭرىغان بۇددا تەـ
لاۋەتلىرى بىر نەچچە كىلومېتىر يەرگىچە جاراڭلاپ تۇرىدىغان
بۇ ئىبادەتخانىنىڭ راھىبلىرىمۇ بىز كىنولاردا تولا كۆرىدىغان،
كۈندە ئاق موما يەپ، ھويلا سۈپۈرىدىغان راھىبلارغا ئوخشىـ
مايدىكەن، ئۇلارنىڭ ئەڭ ئالىي دەرىجىلىك ماشىنىلىرى، ئالىي
دەرىجىلىك يانفونلىرى بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇـ
شى ئالاھىدە كاپالەتكە ئىگە ئىكەن. بۇ يەرگە تاۋاپ قىلىش
ئۈچۈن كەلگەنلەر بەزىلىرى ھەتتا تەمتىرىمەي، دىلغۇل
بولماي تۇرۇپ بىر قېتىملىق تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن نەچچە يۈز
مىڭلاپ خەجلەيدىكەن. بىز ئىبادەتخانىنىڭ ئىچىنى ئايلىنىپ
چىققاندىن كېيىن، بۇددا مۇناجاتلىرى ئىچىدە جىمجىتلىققا
چۆككەن، ئىبادەتخانىغا يانداش بولغان شيامېن ئۇنىۋېرسىتېتىغا
كىردۇق. شەرق، شىمال، غەرب تەرەپلىرى ياپېشىل تاغلار
بىلەن ئورالغان بۇ ئىككى قوشماق جاي مېنىڭ ئۇيغۇرچە تەپەكـ
كۇرۇم بويىچە كارامەت بىر مۆجىزىدەك تۇيغۇ بەرمەكتە ئىدى.
نېمىلەرنى ئويلىغىنىم، قانداق ھالدا بولغىنىم ئېسىمدە يوق، ئېـ
سىمدە قالغىنى كىرپىكىمگە ئىلىشىپ قالغان ياش تامچىلىرىنى
ھەمراھلىرىمدىن تەستە يوشۇرغىنىم ئىدى، ئاشۇ يوشۇرۇنلۇقتا
مۆگىلىنىپ تۇرغان يۇرتۇمدىكى ئۆزۈم ئىشلەيدىغان مەكتەپ
بىلەن مەكتەپ يېنىدىكى ھەر جۈمە كۈنىلا بىر قېتىم ئاۋات
بولۇپ قالىدىغان، ئاندا ـ ساندا كەلگەن ساياھەتچىلەر ئۈچۈن
بەزى كۈنلىرى دەرۋازىلىرى ئېچىلىپ قالىدىغان «ئاپتونوم
رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق ساياھەت ئورنى» دەپ بېكىتىلگەن
خانىقا مەسچىت بىلەن ئۇ يەردىكى قارا ساقاللىق بوۋاي بار
ئىدى. يەنە مەكتەپنىڭ يۇقىرىغا يازغان ھەرقانداق بىر دوكلاتـ
لىرىدا كۆرۈلىدىغان «مەكتەپ ئەتراپىنىڭ دىنىي مۇھىتى
قويۇق، ئاھالىلەر مۇرەككەپ، ئوقۇغۇچىلار مەنبەسىنىڭ ئىقتىـ
سادىي ئەھۋالى ناچار»... دېگەندەك گەپلەر بىلەن كىچىك
تۇرۇپ قىرىپ كېتىۋاتقان ئوقۇغۇچىلىرىممۇ بار ئىدى. ھازىرغـ
چە ئاشۇ دەقىقىلەرنى ئويلىسام شۇ چاغلاردىكىدەكلا «نېمىدېـ
گەن نادان ھە بىز!؟» دەپ ئۆز ـ ئۆزۈمگە پىچىرلايمەن. شياـ
مېندا ئېرىشكەن «تۇنجى» دېگەن تەسىراتلار تولىمۇ چوڭقۇر
ۋە كۆپ بولغانىدى. بەلكىم كېيىنكى كۈنلەردىمۇ بۇنىڭدىنمۇ
چوڭقۇر تەسىراتلارغا ئىگە بولۇشىمىز مۇمكىن، شۇڭا پەيتنى
تۇتۇپ بىز داۋاملىق كۆرۈشىمىز، كۆزىتىشىمىز كېرەك.

خىياللار داۋاملاشماقتا، خاتىرىلەر يېزىلماقتا. شىكۇ بازىـ
رىمۇ ئوخشاشلا بىزدە گۈزەل ئەسلىمە قالدۇردى. فېڭخۇا ناھـ
يەسىگە قاراشلىق بولغان شىكۇ بازىرى يەنشى (剡溪) دەرياسىـ
نىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى تار، ئۇزۇن بولغان، ئادەملەر مىغىلـ
دىشىپ يۈرگەن بىر قايناق بازىرى بىلەن بىزنى ھەيران قالـ
دۇردى. دەريانىڭ شەرق ۋە غەرب تەرەپلىرىدىكى ئالتە ـ
يەتتە ئورۇندىكى جىياڭ جېيشى تۇرالغۇلىرىلا بۇ يەردىكىلەر
ئۈچۈن تىللا دەرىخى بولۇپلا قالماستىن، فېڭخۇا ناھىيەسىنىڭ
ساياھەتچىلىك ئىشلىرىدىكى ئەڭ مۇھىم ھالقا ئىكەنلىكىنى
كۆرمەك تەس ئەمەس ئىدى. يۇرتىمىزدىمۇ مۇشۇنداق تىللا
تۆكۈلىدىغان دەرەخلەر چىقماسمۇ؟ شىكۇلۇقلارغا نېسىپ
بولغان بۇ تەلەي ئەسلىي بىزدىمۇ بار ئىدىغۇ؟ تارىخنىڭ توزانـ
لىرى بۇ تەلەيلىكلىرىمىزنى كۆمۈۋەتتىمۇ ياكى كۆزلىرىمىزنىڭ
نۇرى كېتىۋاتامدۇ؟... بىز پەۋقۇلئاددە ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنـ

غا جايلاشقان شىكو بازىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ، تۆت ئەتراپىنى بوككىدە ئوراپ تۇرغان ئېگىز تاغ، زىچ ئورمانلىقلارغا نەزەر تاشلىدۇق.

شىكودىن كېيىنكى مەنزىلىمىز شاڭخەي، سۇجۇلار بولغانىدى. شاڭخەيدىكى دەريا ساھىلىنىڭ كېچە - كۈندۈزلۈك مەنزىرىسى، «شەرقنىڭ گۆھىرى»نىڭ كۆككە تىرەپ تۇرغان مەغرۇر سالاپىتى، نەنجىڭ كوچىسىدىكى ئۆزگىچە بىنالار ۋە رەڭگارەڭ ئادەملەر قايىنمىدىن باشقا يەنە بىزگە ئالاھىدە تەسىر قىلغىنى يۇرت سۆيگۈسى قايناپ تۇرغان روھىمىزغا ھەر جەھەتتىن ئۆزلۈك، ئىپتىخارلىق، خۇشاللىق بەخش ئەتكەن ئۇيغۇر ئاشخانىلىرى ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا «شەرقنىڭ گۆھىرى» ئەتراپىدىكى مىغىلداپ يۈرگەن ئادەملەر ئارىسىدا ساياھەت نۇقتىلىرىنىڭ تەشۋىقات قەغەزلىرىنى كۆتۈرۈپ يۈرگەن 80 ياشلارغا تاقاپ تۇرغان مومايلار، خاڭجۇدىكى چاي سېتىپ يۈرگەن مومايلارمۇ ئاشۇنداق بىر ئەسلىمە بولۇپ قالغانىدى. گەرچە بۇنداق مومايلار بىز بارغان ھەرقانداق بىر جايدا شۇ جاينىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكى بويىچە ماڭا ئوخشاش بولمىغان تەسىرلەرنى بېرىپ كەلسىمۇ، يەنىلا شۇنداق چاغدا ئىختىيارسىز ھالدا يۇرتۇمدىكى ئۆزى ياش تۇرۇپ روھى قېرىپ كېتىۋاتقان قىزلارنى، بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتالماي ئاتا - ئانىسىنىڭ ئىللىق قۇچىقىدا بىغەم ئۇخلاۋاتقان نۆۋەر يىگىتلەرنى، 50 ياشنىڭ قارىسىنى ئالماي تۇرۇپ تۈرلۈك كېسەللەر بىلەن سۇلۇپ سارغىيىپ كېتىۋاتقان دېھقان ئاياللارنى ئەسلەپ ئۇھسىناتتىم.

سۇجۇدىكى خاتىرىلەرمۇ ئىنتايىن گۈزەل بولدى. سۇجۇدىكى قەدىمىي ئۆيلەرگە قاراپ قەشقەردىكى ئوردا ئالدى كوچىسى، يەكەندىكى گۈلباغنىڭ ئاۋات كوچىلىرى ئېسىمگە كەلدى. ھېس قىلىشىمچە، سۇجۇنىڭ قەدىمىي كوچىلىرىدىكى بىناكارلىق ئۇسلۇبى مەن كۆرگەن باشقا شەھەرلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. قەدىمدىن يىپەكچىلىكتىكى شۆھرىتى بىلەن ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىپ ئۆتۈلىدىغان بۇ شەھەردىكى يىپەكچىلىك مەركىزىمۇ خاڭجۇدىكىگە ئوخشاشلا ساياھەت نۇقتىلىرىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، مەن ئاشۇ يەردە تۇرۇپ تەكلىماكاننىڭ باغرىدا يىپەكچىلىكتىكى كەشپۇ - كارامەتلىرى بىلەن تارىخنىڭ ئالتۇن بەتلىرىدىن ئورۇن ئالغان بولسىمۇ، لېكىن بۈگۈنكى كۈندە تازا يۈكسىلىش تېپىپ بولالمايۋاتقان يىپەكچىلىكىمىزنى تەسەۋۋۇرۇمدا مۇشۇ يەردىكىدەك ساياھەت نۇقتىسىغا ئايلاندۇرۇپ باقتىم. بۇ نۇقتامدا سۈپىتى، تۈرى، گۈلىنىڭ رەڭدارلىقى بىلەن توپ - توپ ساياھەتچىلەرنى ماگنىتتەك تارتىپ تۇرۇۋاتقان شايى روماللار، دوپپىلار، ئەتلەسلەر، گىلەملەر... يەنە تۈرلۈك ئېسىل ئەڭگۈشتەرلىرىمىز بار ئىدى. مەن ئۆتكەن يىلى خاڭجۇدا سۈرگەن خىيالىم بىلەن بۈگۈن سۇجۇدا، بۇ يەردە ئاغزىمنى يەنە بىر قېتىم تاتلىق قىلىپ چىقتىم. بىز نېمىشقا شۇنداق قىلالمايمىز؟ بۇنداق جاۋابسىز قالغان سوئاللىرىم تالاي ئىدى. سۇجۇدا مەن ھەيران قالغان يەنە بىر ئىش تەرخەمەك. ھاراۋا - ھاراۋىلاپ سېتىلىۋاتقان تەرخەمەكلەرنىڭ يارىتىۋاتقان ئىقتىسادىي قىممىتى مېنى راستىنلا ھەيران قالدۇردى. مەنمۇ نان، سۇلىرىمىز بىلەن يېيىش ئۈچۈن ئون يۈەنگە ئۈچ دانە تەرخەمەك سېتىۋالدىم. ئۇلار ساتقان ھەر بىر تال تەرخەمەكنى قىرىپ، سولياۋ خالتىغا سېلىپ بېرەتتى. قارىسام ئۇلار ئىككى ياقلىمىلىق پايدىغا ئېرىشىدىغاندەك قىلاتتى. چاققان، ماھىرلىقى بىلەن بىر تەرەپتىن ئەلا مۇلازىمەت قىلىپ تەرخەمەكلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، دۆۋىلىنىپ كەتكەن تەرخەمەك قىرىندىلىرى بىلەن توخۇ - توشقانلىرىنى باقاتتى. مەن يەنىلا مۈگلىنىپ قالغان ئېتىزلىرىمىزنى، قىستاڭچىلىق بولۇپ كېتىدىغان كۆكتات بازارلىرىمىزنى، دېھقانچىلىقنىڭ ئارىسال ۋاقىتلىرىدا ئاپتاپقا قاقلىنىپ ۋاقتى بىكار ئۆتۈپ كېتىدىغان دېھقانلىرىمىزنى ئەسلەپ قالدىم.

بىز بارغان جايلار ئىچىدە خېڭدييەن (横店) گەرچە چوڭ شەھەرلەردەك كىشىلەرگە ئالاھىدە تونۇشلۇق بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ يەردىكى ساياھەت نۇقتىلىرى بىزدە ئالاھىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. خېڭدييەن (横店) جىنخۇا شەھىرى (金华)نىڭ دۇڭياڭ (东阳) ناھىيەسىگە قاراشلىق بازار بولۇپ، بۇ يەردىكى ئالتە ساياھەت نۇقتىلىرىنىڭ ھەممىسى مەملىكەت دەرىجىلىك كىنو ئىشلەش نۇقتىلىرى ئىكەن. بۇ نۇقتىلاردا چىن شىخۇاڭ تەختتە ئولتۇرغان ۋاقىتتىكى 99 پەشتاقلىق خان سارىيى، بېيجىڭدىكى گۇگۇڭ سارىيى، گۇاڭجۇ كوچىلىرى... قاتارلىق ئورۇنلار ئاساسەن كىنو ئىشلەش ۋە ساياھەتچىلىك ئېھتىياجى بىلەن سۈنئىي ياسالغان ۋە ئەسلىدىكىلىرى رېمونت قىلىنغان. بۇ نۇقتىلارنىڭ ھەر بىرىدە ئايرىم - ئايرىم ھالدا يۇقىرى سەۋىيەلىك ئويۇن كۆرسىتىلىدىكەن، بۇ ئويۇننىڭ ۋاقتى 40 مىنۇت ئەتراپىدا بولۇپ، ھەر بىر ئويۇن ئاخىرلاشقىچە، زال سىرتىدا ئۆچىرەت ساقلاپ تۇرغانلار

www.uyghurkitap.com

نەچچە ھەسسە قاتلىنىپ كېتىدىكەن. ئادەمگە خۇددى «سىرتتىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ساياھەت نۇقتىسىغىلا كېلىدىمۇ نېمە» دېگەندەك تەسىر بېرىدىكەن. شۇ يەردىكى ئەڭ ئاساسلىق بولغان باغچە تۈسىدىكى ساياھەت نۇقتىسىنىڭ كۈندىلىك ئوبوروتى 400 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا ئىكەن. بۇ سان بىزگە ئوخشاش ساياھەت بايلىقى ھېچقانچە قېزىلمىغان بىر رايوندا ياشاۋاتقان ئادەملەرگە نىسبەتەن ھەقىقەتەن كىچىك سان ئەمەس ئىدى...

مەن جۇشەن (舟山) سەپىرىدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، خىيال ئىچىدە ھەمراھلىرىم بىلەن قەدەم يەتكۈزگەن شەھەر، ناھىيە، يېزىلارنى بىر - بىرلەپ ئەسلەپ چىقتىم. مەيلى بىز قەيەرگىلا بارمايلى، ھەر بىر جايدا شۇ يەردە ياشاپ ئۆتكەن تارىختىكى مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ساقلاپ قېلىنغان تۇرالغۇلىرى ياكى ئۇلارغا ئاتاپ سېلىنغان خاتىرە سارايلار ساياھەت نۇقتىلىرى قاتارىدا بار ئىكەن، گەرچە بۇ خاتىرە سارايلارنىڭ قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى ۋە بېزىلىشى ئاساسەن ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن ھەر بىر نۇقتىلار ئۆز نۆۋىتىدە بىر ئېسىل كىتاب، بىر ئېسىل مەكتەپ، بىر ئېسىل نامايەندە سۈپىتىدە ئۆتمۈش بىلەن كەلگۈسىنى بۈگۈننىڭ مەركىزىگە تۈگۈپ، كەلگەن ھەر بىر ئادەمگە ئۆزگىچە تۇيغۇ بېغىشلايدىكەن. يەنە ھەر بىر جاينىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەندۈرۈلگەن مەھسۇلاتلىرى بولۇپ، بىر جايدا بار نەرسىنى يەنە بىر جايدا تاپقىلى بولمايدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا ساياھەتچىلىككە چېتىلغان بارلىق ھالقىلار كۆپ بولغاچقا بىكار تۇرۇپ قالغان ئادەمنى كۆرگىلى بولمايدىكەن. مۇشۇ كەسىپنىڭ ئۆزىلا ئىش كۈتۈپ تۇرغان نۇرغۇن ئادەمنى سىغدۇرۇپ كېتەلەيدىكەن. توختىماي ساياھەت قىلىش ۋە ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋېلىش بۇ يەردىكىلەرنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئەڭ مۇھىم كۈنتەرتىپتەك تۇيۇلىدىكەن...

ئادەم سىرتلارغا ساياھەتكە چىققاندا كۆڭلى ئېچىلىپ، روھى كۆتۈرۈلۈپ قالىدىغان، لېكىن مەن بارغانسېرى ئەكسىچە بولۇپ قېلىۋاتاتتىم. ئىچىمگە نېمىلەردۇ پاتمايۋاتقاندەك، ئاشۇ نەرسىلەرنى چىقىرىۋېتىشىم زۆرۈردەك قىينىلاتتىم، تىت - تىت بولاتتىم. كەچتە ھېرىپ كەتكىنىمگە قارىماي ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمايتتىم. خىيالىمدا ھامان مىغىلداپ تۇرغان ئادەملەر، دولقۇن ئۇرۇپ تۇرغان دېڭىز، ئىقتىسادنى مەركەز قىلغان رىقابەتلىك قەدەملەر داۋالغۇيتتى. ساياھەتچىلىك نېمىدېگەن ئېسىل، نېمىدېگەن تۈگىمەس بايلىق بۇ!؟ مەبلەغنى بىرلا سېلىپ قويساڭ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سالغان مەبلىغىڭ قولۇڭغا ھەسسىلەپ قايتىپ كېلەلەيدىكەن، بارلىق شەھەرلەردىكى ساياھەت نۇقتىسى قىلىنغان تۇرالغۇلار ھېچقانچە پەرقسىزدەك تەسىر بەرسىمۇ، لېكىن شۇ شەھەر ۋە شۇ نۇقتىنىڭ نامى بىلەن يېڭىدەكلا كېتىۋېرىدىكەن، تەقلىدىي ئىمارەتلەرمۇ قانچە كونىرىغانچە قىممىتى شۇنچە ئېشىپ بارىدىكەن، مەن يەنە ئېگىز - پەس خىياللار ئىچىدە تەسەۋۋۇرۇمغا، ئۆزىمىزگە مەنسۇپ بولغان تۇپراقنىڭ ساياھەتچىلىكتىكى پارلاق كەلگۈسىنى سىزىشقا باشلىدىم.

ئەڭ ئاۋۋال ئۆزۈم ھەممىدىن بەك چۈشىنىدىغان، كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن ماكان كۇچادىن باشلاي:

كۇچادا ساياھەت بايلىقى ئىنتايىن مول بولۇپ، قىزىل مىڭئۆي، قۇمتۇرا مىڭئۆي، قىزىل قاغا مىڭئۆي، سىم - سىم مىڭئۆي، سۇ بېشى قەدىمىي شەھەر خارابىسى، قىزىل قاغا تۇرى، شالدىراڭ مەنزىرە رايونى، تارىم دەرياسى بويىدىكى توغراقزار مەنزىرىسى، ۋاڭ ئوردىسى، خانىقا مەسچىت، مەۋلانە ئەرشىدىن مازىرى، لىنجىلۇ خاتىرە سارىيى... قاتارلىقلار قوغداش، ئاسراش، قېزىلىشنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھازىرغىچە ئىزناسىنى يوقاتمىغان قەدىمىي تۇرلار ۋە نامى خاتىرىگە ئېلىنغان ۋە ئېلىنمىغان مازارلارمۇ ئاز ئەمەس.

ئەمدى يەرلىك مەھسۇلاتلارغا قارايدىغان بولساق، كۇچانىڭ ئۆرۈكىنى ئاساس قىلغان مېۋە - چېۋىلىرى، كۇچا چوڭ نېنى، گىلەمچىلىكى، مىسكەرچىلىكى، پىچاقچىلىقى، سوپۇنچىلىقى، كەشتىچىلىكى... مۇشۇلارنى ئاساس قىلىپ تۈرلۈك قول ھۈنەر بۇيۇملىرىنى ياساش، ئوراش قاچىلاشقا ئەھمىيەت بېرىش...

ناھىيەمىز يەنە رايونىمىزنىڭ مۇھىم نېفىت - ئېنېرگىيە بازىسى، سىرتتىن ئېكسكۇرسىيە ئۈچۈن كېلىدىغانلار ئاساسەن دېگۈدەك مۇشۇ تەرەققىيات بازىلىرىنى كۆرۈشكە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.

كۇچادا يەنە ئادەم كۈچى بايلىقى يېتەرلىك، ئىش كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلار كۆپ. رايونىمىز بويىچە كۇچادا ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ ئىش كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلارنىڭ نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى.

دېمەك، ئەمدى قول سېلىپ بىر باشتىن ئىشلەشلا قالدى. ناھىيەمىزدىكى ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن

يېڭى ئىمكانىيەتلەرنى ئىزدەشكە تىرىشىۋاتقان تاشقى ئىشلار
ئىشخانىسىنىڭ رولىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئاپتونوم رايون-
لۇق ساياھەت ئىدارىسى بىلەن يېقىندىن ھەمكارلىشىپ، ناھىيە
ئىچىدە يەنە ساياھەت ئۆمەكلىرىنى تەشكىللەشكە ئىلھاملاندۇ-
رۇپ، ئىش كۆتۈپ تۇرغان ياشلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىزدى-
نىشىگە سىياسەت جەھەتتىن يول ئېچىپ بېرىش. بۇنىڭ
ئۈچۈن يەنىلا ئالدى بىلەن زور تۈركۈمدە مەبلەغ ئاجرىتىپ
بىر قىسىم ساياھەت ئورۇنلىرىنى قوغداش، رېمونت قىلىش،
قايتا قۇرۇش، كونا خارابىلەرنى، ئىزلارنى قوغداش خىزمىتى-
نى ياخشى ئىشلەش كېرەك. مەۋلانە ئەرشىدىن مازىرى نۇقتى-
لىق قوغدىلىدىغان ساياھەت ئورنى، لېكىن رېمونت قىلغۇدەك
بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، بۇ يەرگە ئېتىبار بېرىش يېتەرلىك
ئەمەس. يەنە كوچادا ياشاپ ئۆتكەن ئاقارى پاك، كۇماراجى-
ۋا، سۇجۇپ، ئىسھاق خوجا، نىساخان ئانىغا ئوخشاش ئەل
قەلبىدە ئورۇن ئالغان ئەللامىلەر، سەنئەتكارلار، قەھرىمانلار
ئۈچۈن خاتىرە جايلارنى سېلىش، قۇرۇش خىزمىتىنى
ئىشلەش؛ ئىككىنچى قەدەمدە ساياھەت ئۆمەكلىرى ساپالىق
بولغان ساياھەت يېتەكچىلىرىنى تاللاش، تەربىيەلەپ يېتىشتۈ-
رۇش. كۇچانى كۇچالىقلار چۈشەندۈرگەندە ئاڭلىغۇچى تېخى-
مۇ چوڭقۇر تەسىراتلارغا ئىگە بولۇشى مۇمكىن. خانىقا مەس-
چىتكە، مەۋلانە ئەرشىدىن مازىرىغا، سۇ بېشى قەدىمي شەھەر
خارابىسىگە... بارغاندا كۆپىنچە ھالدا كىشىلەر ئۇ يەردىكى
سانلىق مەلۇماتلارنى، شۇنداقلا بىر كۆرۈش بىلەن چەكلىنىپ
قالىدۇ.

ئەمدىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە، تەشۋىق قىلىش. بۇ نۇق-
تىدا ھەر بىر كۇچالىق بىر ئاكتىپ تەشۋىقاتچى بولالايدۇ.
ئەڭ مۇھىمى يەنە ساياھەت ئۆمەكلىرى ئاپتونوم رايونلۇق
ساياھەت ئىدارىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ھەتتا ئۈرۈمچىدە
نۇقتا قۇرۇپ، تەشۋىقات قەغەزلىرى ئارقىلىق، تور ئارقىلىق
تەشۋىق قىلىش كېرەك. مېنىڭچە دېڭىز بويىدىكى جايلارنىڭ
ساياھەتچىلىكىمۇ بىر كۈندىلا مۇشۇ ھالەتكە يەتكەن ئەمەس،
يەنە مۇھىتى ئالاھىدە ئەۋزەل بولغانلىقى ئۈچۈنلا شۇنداق
بولغانمۇ ئەمەس. ساياھەتچىلىكتىن ئىبارەت بۇ بايلىقنى
قېزىش ئۈچۈن پۈتۈن سىستېمىلار ئاتلىنىشى كېرەك. ساياھەت-
كە جەلپ قىلىنىدىغانلار نوقۇل سىرتتىن كېلىدىغانلارلا بولۇپ
قالماستىن، ناھىيە ئىچىدىكى ھەر بىر ئادەمنى ساياھەتچى بو-
لۇشقا جەلپ قىلىش كېرەك. يەنە ساياھەت ناھىيە ئىچى بىلە-
نلا چەكلىنىپ قالماي، ناھىيە ئىچىدىكى ساياھەت ئۆمەكلىرى-
نىڭ تەشكىللىشى بىلەن باشقا ناھىيە، شەھەرلەرگىمۇ بارالايدى-
غان بولۇش كېرەك.

كۇچا ھەقىقەتەن يۈزەكى بولسىمۇ، تەسىراتى بار ھەر
قانداق ئادەم تەبىئىي ھالدا كۇچانىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئالغان
نۇقتىلىق جايلىرى ھەققىدە سورايدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالغا
دۇچ كەلگەندە بىز كۆپىنچە قىزىرىپ، تەمتىرەپ قالىمىز. بۇ
ئىدىيە جەھەتتىن شۇ ئادەمنى يەنە بىر قېتىم قىزىرىپ قالماس-
لىق ئۈچۈن ئاشۇ جايلارنى بىر كۆرۈشكە ئىنتىلدۈرىدۇ.
ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىنىڭ مەزمۇنى نا-
ھايىتى مول بولۇۋاتقان، رېستوران قىزغىنلىقىمۇ مەلۇم جەھەت-
تە پەسىيىشكە قاراپ يۈزلىنىۋاتقان، نەزەر دائىرىسى بارغانسې-
رى كېڭىيىۋاتقان مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ساياھەتچىلىك نۇرغۇن
كىشىلەرنىڭ ئىپادىلەپ بولالمايۋاتقان ئوي - خىيالى بىلەن بىر
يەردىن چىقىدۇ. شەنبە، يەكشەنبىلەردە بۇرۇنقىدەك نېمىدە
بارارمەن، قانداق بارارمەن دەپ غەم قىلماستىن دوستلىرى،
ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، بالىلىرى بىلەن بىر كۈنلۈك، ئىككى
كۈنلۈك ۋە ھەپتىلىك ساياھەتلەرگە چىقىپ كۈنلىرىنى تېخىمۇ
مەنىلىك ئۆتكۈزەلەيدۇ. بالىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى بىلەن بو-
لىدىغان ۋاقتىمۇ كۆپ بولىدۇ. مەكتەپسىز مائارىپ تەبىئىي
ھالدا مەكتەپلەر قىلىپ بولالمىغان نۇرغۇن بوشلۇقلارنى تول-
دۇرۇپ، مائارىپىمىز ھازىر دۇچ كېلىۋاتقان نۇرغۇن مەسىلە-
لەر ئاستا - ئاستا ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈز تۇتىدۇ.

ئەلۋەتتە، دەسلەپكى قەدەمدە مەبلەغ ناھايىتى كۆپ كې-
تىشى مۇمكىن، لېكىن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تەشۋىقات ۋە
زۆرۈر خىزمەتلەر ياخشى ئىشلەنسىلا ساياھەتچىلىكنىڭ كىرى-
مى خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى ھازىرقىدىن قاتلاپ كۆتۈرە-
لەيدۇ.

بۇنداق رېئال مەسىلىلەر، سېلىشتۇرمىلارنى مەن ھەر
بىر پۇرسەتتە باغرى كەڭ ئانا يۇرتۇم شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدى-
كى قەشقەردىمۇ، ئاتۇشتىمۇ، خوتەندىمۇ، ئاقسۇ، ئۈچتۇرپان،
كروران ئىزنالىرى، ئىلى بويلىرى، ئالتاي ئېتەكلىرىگە بارغان-
لىرىمدىمۇ دائىم ئۇنتۇماي يادلايمەن. ئاجايىپ مەنزىرە،
ئۆچمەس تارىخ، ئۆلمەس روھ ۋە ھەممىنى تاپقىلى بولىدى-
غان، ئادەمنى ئويلاندۇرىدىغان، بىرنى كۆرسە مىڭنى ئەسلىتى-
دىغان، بىرنى ئوقۇسا دەستە - دەستە ئۇيغۇتلار، شاھىتلار
كۆز ئالدىدىن ئۆتىدىغان، بىرنى ئاڭلىسا قۇشلارنىڭ سايراش-

لىرىدىن تارتىپ مۇقامنىڭ گۈزەل ئاھاڭلىرىغا سىڭدۇرۇۋېتىدىغان ئاجايىپ كەچمىشلەرگە باي بۇ كەڭ زېمىن ھەر بىر پەرزەنتىنى شۇنداق ئېزگۈلۈككە باشلايدۇ ۋە بىر قەدەم ئايرىلساڭلا ئۇ سېنى سېغىنىدۇ، سەن ئۇنى سېغىنىپ ئۆرتىنىسەن، بىراق، نۇرغۇن ئىزتىراپلىق ئويلارغا چۆمىسەن...

ــ شەھەر ئىچىگە كىردۇق، نىڭبونىڭ شەھەر ئىچىگە كىردۇق، ــ ھەمراھىم مېنى يېنىك تۈرتتى. شۇ چاغدىلا ئۆزۈمنىڭ تېخى جۇشەن ئارىلىدىن نىڭبوغا قايتىشتىكى يول ئۈستىدە ئىكەنلىكىمنى ئەسكە ئالدىم، ــ ئەجەب تاتلىق ئۇخلاپ كەتلە، ــ دېدى ئۇ مېنىڭ ھارغىن چىرايىمغا قاراپ.

دېمىسىمۇ ھارغاندىم، ھېلىمۇ قەلىمىمنى تۇتقان پېتى كوچادىن چىقىپ، پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭنى ئايلىنىپ چىقتىم ئەمەسمۇ؟

ــ بىكەتكە يەنە قانچىلىك باردۇ؟ ــ سورىدىم مەن جۇ مۇئاۋىن مۇدىردىن.

ــ يەنە يېرىم سائەتلەردە بارىمىز.

يېرىم سائەت، يەنە يېرىم سائەت باركەن. ئاستا كۆزلىرىمنى يۇمدۇم. زۇمرەتتەك يالتىراپ تۇرغان ئېگىز لىكتىكى قاناس كۆلى مېنى ئالللىقاچان مەپتۇن قىلىۋالغانىدى. مەن ئاشۇ مەپتۇنلۇق ئىچىدە سايرام كۆلى، بوغدا كۆلى، ئايدىڭكۆل، باغراش كۆلى، لوپنۇر كۆلىگىچە كەتتىم. ھەر بىر كۆلنىڭ ئارىلىقىدىكى يۇلتۇزدەك جۇلالىنىپ تۇرغان بوستانلىقلار، مەدەنىيەت ئىزنالىرى، تاش ئابىدىلەر ۋە كېمىر ئۆيلەر، ئۇلۇغلىرىمىزنىڭ ئۆلمەس روھى چاقناپ تۇرغان مەقبەرىلەر، ئەزىمەتلىرىمىزنىڭ جەسۇرلۇقىغا يولەك بولۇپ كەلگەن خاسىيەتلىك تاغلار مېنى خالىغانچە يېتىلەپ يۈرەتتى. مانا، شۇنچە ئارمان قىلىپمۇ بېرىپ بولالمىغان قومۇلدىكى 12 تاغ، بەش قەدىمىي شەھەر، ھەر بىر تاغدىكى، قەدىمىي شەھەردىكى خەلقنىڭ ئايىاق كۆڭلى بىلەن بىرىكىپ كەتكەن مەشرەپلىرى ھەمدە رەڭدار ۋە جەلپكار بولغان ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرى، ئىلىخونىڭ تاغلىرىدا ئەكس ئېتىپ تۇرغان سادىر پالۋاننىڭ جاراڭلىق سادالىرىغا ياڭداشقان مولla بىلالنىڭ مۇڭلۇق نەزمىلىرى، تېكەسنىڭ دالالىرىدىكى ئادەم ئىشەنگۈسىز گۈزەللىك... ياپىر! مۇشۇنداق گۈزەل زېمىن بىزنىڭ ھە!؟ ئىنسان شۈكرى قىلىپ ئۆتمەيدىكەن، ئۆز ئۆيىدە قانداق نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى، ئۇنىڭ ئالەمچە قىممىتىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ سىرتتىكى نەرسىلەردىن زوق ئېلىشقا ئالدىرايدىكەن. مەن ئەمدى يۇرتىمىزنى پۈتۈن ئايلىنىپ بولۇپ، ئاندىن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە چىقىمەن دەپ ئويلىغانىدىم، ئالدىنقى يىلىدىكى چىڭدۇ سەپىرىدە بىر نەچچە شەھەرلەردە زىيارەتتە بولغاندىن كېيىن، باشقىلارغىمۇ «يەنىلا ئۆزىمىزنىڭ ئەتراپىدىكى نەرسىلەرگە كۆپرەك نەزەر ئاغدۇرايلى، كۆرىمىز دېسەك، ھەرقانداق نەرسە، ھەرقانداق گۈزەللىك يۇرتىمىزدىن تېپىلىدىكەن، يەنە كېلىپ بۇ يەردىن ئالغان زوق ۋە تۇيغۇنى ھەرقانداق گۆھەر ماكان بېرەلمەيدىكەن، ئۆزىمىزنىڭكىنى كۆرۈپ بولۇپ، ئاندىن باشقا جايلارغا بارغاندا بۇنداق ساياھەتنىڭ قىممىتى ھەقىقىي ئايان بولىدىكەن» دەپ ۋەزخانلىق قىلدىم ئۆتتەك ھاياجان بىلەن ساياھەت ئۈچۈن ئىنتىلگەنلەرگە.

ــ كەلدۇق، بېكەتكە كەلدۇق، ــ ھەمراھىم مېنى ئالدىراپ نوقۇدى. مەن سېھىرلىك قەلىمىمنى قىيمىغان ھالدا سومكامغا سېلىپ ھەمراھلىرىمغا ئەگەشتىم. دېڭىز دولقۇنلىرى ۋە فۇتوشەندىكى رەڭگارەڭ ئادەملەر بەرگەن تۇيغۇلاردىن تەسەۋۋۇر قەلىمىمنىڭ ياردىمى بىلەن كەزگەن يۇرتۇمنىڭ تاغ ـ دالالىرى ۋە شېرىن ئارمانلىرىم بەرگەن تۇيغۇلار تېخىمۇ گۈزەل ۋە يارقىن بولغاندەك قىلاتتى. «ئىلاھىم، تىلىكىمگە يەتكەيمەن بىر كۈن» دېدىم ئىچىمدە ئاستا شىۋىرلاپ.

(داۋامى بار)

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە «ئىزچىلار» كىتابخانىسى تەرىپىدىن توپ تارقىتىلىدۇ. كىتاب ـ ژۇرنال تىجارەتچىلىرىنىڭ «ئىزچىلار» كىتابخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىشىنى سورايمىز.
كىتابخانا ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى «غالىبىيەت» يولى 100ـ نومۇر
ئالاقىلىشىش تېلېفونى: 2850601 ـ 0991

# ئەتراپىمىزدىكى ئەدىبلەر



«سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ مىڭ يىللىق تارىخى»، «شىمالدىكى ئايال پادىشاھ»، «چىڭگىزخاننىڭ ئادەمگەرچىلىكى»، «بۇلاڭچىلىقتىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولماس» ... قاتارلىق نۇرغۇن ئىلمىي، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئاپتورى، مەملىكەتلىك 9- قېتىملىق «تۇلپار» مۇكاپاتىنىڭ ساھىبى، ئەدىب، تەتقىقاتچى

**تۆمۈر ئەپەندى**

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com




《新疆文化》(维吾尔文)
综合性文学双月刊

主管单位：新疆维吾尔自治区文化厅
主办单位：新疆维吾尔自治区艺术研究所
编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号：ISSN1008-6498
国内统一刊号：CN65-1073/I
海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部
代理者地址：中国北京朝阳区工体东路16号
P.O.BOX 88, 16 Gongti East Road, Beijing 100020, China
海外发行代号：6498BM
发行范围：国内外发行
地 址：乌鲁木齐市文化路28号井源办公大楼7楼
邮 编：830002 电话：（0991）2856942
印 刷：《新疆日报》印务中心
发 行：乌鲁木齐市邮局
订 阅：全国各地邮局

邮发代号：58-22 定价：6.00元

«شنجاڭ مەدەنىيتى» 2014 ـ يىلى 1 ـ سان (ئومۇمىي 325 ـ سان)
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى
تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مەدەنىيتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008-6498
مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65-1073/I
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب
ئىمپورت ـ ئېكسپورت (گۇرۇھى)
باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى
چەت ئەللەرگە قارىتا ۋاكالەت نومۇرى:6498BM
مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى مەدەنىيەت يولى 28 ـ نومۇرجىڭيۈەن خىزمەت بىناسى7ـ قەۋەت
پوچتا نومۇرى: 830002 تېلېفون نومۇرى: (0991)2856942
باسقۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» باسما مەركىزى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 22 ـ 58 باھاسى: 6.00 يۈەن